


# دەدە قورقوت چوٚچەکلری

مللەتلەر نەشریاتی

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: لىيۇ جىيافېڭ

كىتاب ئىسمىنى يازغۇچى: ياسىن مۇھەممەت

تۈرك خەلقى ئىچىدە داستان شەكلىدە مەيدانغا كېلىپ كەڭ تارقالغان ۋە كېيىن ئەفلاتون جەم گۈنەي تەرىپىدىن نەسر شەكلىدە ئون ئىككى پارچە چۆچەك قىلىپ يېزىلغان بۇ ئەسەر ئىستانبۇل «دوغان قارداش» نەشرىياتى تەرىپىدىن 1972-يىلى نەشر قىلىنغان. بىز «دەدە قورقۇت چۆچەكلىرى» نىڭ تەتقىقات ۋە ئىستېتىك قىممىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ ئەسەردىن نەمۇنىلەر تونۇشتۇرۇشنى لايىق تاپتۇق.

ISBN 7-105-04420-9

9 787105 044207 >

ISBN7-105-04420-9/I · 998

民文（维 187） 定价：9.00 元

# دەدە قورقۇت چۆچەكلىرى

توختى تىللا تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر: ياسىن مۇھەممەت

مەسئۇل كوررېكتور: خۇدابەردى خېلىل

# دەدە قورقۇت چۆچەكلىرى

## توختى تىللا تەرجىمىسى

نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 010-64290862

نەشرىياتنىڭ ئادرېسى: بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ.

باسقۇچى: دىشىن باسما زاۋۇتى

ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى

نەشرى: 2001-يىل 3-ئايدا 1-قېتىم

بېسىلىشى: 2001-يىل 3-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم

ئۆلچىمى: 787×1092مم 32 كەسلەم

باسما تاۋىقى: 7.625

سانى: 0001—5000

باھاسى: 9.00 يۈەن

**图书在版编目（CIP）数据**

阔尔库特寓言故事选/托合提．图拉译—北京：民族出版社，2001.3

ISBN 7-105-04420-9


Ⅰ.阔… Ⅱ.托… Ⅲ.寓言—作品集—亚洲—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.1307．4

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2001）第 18190 号

**责任编辑**：亚森．买买提
**责任校对**：胡达拜地
**出版发行**：民族出版社　电话：010—64290862
**社　　址**：北京市和平里北街 14 号　邮编：100013
**印　　刷**：迪鑫印刷厂
**经　　销**：各地新华书店
**版　　次**：2001 年 3 月第 1 版
2001 年 3 月北京第 1 次印刷
**开　　本**：787×1092 毫米　1/32
**印　　张**：7．625
**印　　数**：0001—5000 册
**定　　价**：9．00 元

# مۇندەرىجە


بوغاچ خان ........................................ (1)
سالۇرقازاننىڭ ئوغلى ............................ (19)
قانتۇر ئەلى ...................................... (41)
باي بۆرەك ....................................... (67)
سالۇرقازاننىڭ تۇتقۇن بولۇشى ....................... (111)
سالۇر قازاننىڭ ئۆيىنىڭ ئولجىغا كېتىشى ......... (126)
بۆرەكنىڭ ئۆلۈشى ................................ (146)
تۆپە كۆز ........................................ (157)
تەلۋە تۇمرۇل ..................................... (181)
بېگىل ئوغلى ئەمرەن ............................... (193)
غازلىق خوجا ئوغلى يەگىنەك ......................... (207)
ئۇشۇن خوجا ئوغلى سەگرەك ......................... (215)
ئوغۇز ئەپسانىسى ................................. (230)



# بوغاچ خان

بۇرۇنقى زاماندا، ئوغۇزلارنىڭ يۇرتىدا بايىندىرخان دېگەن بىر خان ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ يىلدا ئەلگە بىر قېتىم داستىخان سېلىپ، ئۆز تۇغى ئاستىدىكى بەگلەرنى بىر كۈن تاماشا قىلدۇ-رۇپ، كۆڭۈللىرىنى ئالىدىكەن.

يىللارنىڭ بىرىدە، يەنە چېدىرلار تىكىلىپ، زىلچىلار سې-لىنىپ، قويدىن قوشقار، ئاتتىن ئايغىر، تۆگىدىن بۇغرالار سويۇلۇپ، پەتنۇس-تاۋاقلار راسلىنىپ ئىشلار يۇرۇشكەندىن كې-يىن، خانلار خانى بايىندىرخان مېھمان كۈتكۈچى يىگىتلىرىگە:

— ماڭا قاراڭلار، خەلقى ئالەم ئالدىدا يۈزۈمنى يەرگە چۈشۈرمەڭلار. بەگلىرىمنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلىپ، ياخشى كۈتۈپ، خانلىقىمنى، خاندانلىقىمنى كۆرسىتىڭلار. ئوغلى بولغانلارنى ئاق چېدىرغا، قىزى بولغانلارنى قىزىل چېدىرغا، پەرزەنتى بولمىغانلارنى قارا چېدىرغا چۈشۈرۈڭلار. . . ئالدىنقىلىرىنىڭ ئاستىغا يىپەك زىلچىلار سېلىپ، نېمە ئارزۇسى بولسا قاندۇرۇڭلار. بەختى قارىلارنىڭ ئاستىغا قارا كىگىز سېلىپ، ئالدىغا قارا قوينىڭ گۆشىنى قويۇڭلار. يېسە يېسۇن، يېمىسە يولىغا راۋان بولسۇن. خۇدا خوش قىلمىغاننى بىز خوش قىلالمايمىز، — دەپتۇ. شۇ ئارىدا ئاتلىقلارنىڭ ئالدى كۆرۈنۈپتۇ.

دىرسەخان دېگەن مەشھۇر بىر بەگمۇ تاڭ يورۇش بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، قىرىق يىگىتنى كەينىگە سېلىپ، تاغ-داۋانلار ئېشىپ، لالە-سۇمبۇل كېچىپ، بايىندىرخاننىڭ سۆھبىتىگە يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قارا چېدىرغا چۈشۈرۈلۈپتۇ. . . بۇ دىرسەخانغا شۇنداق ھار كەپتۇكى، ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق كەپتۇ.

— ھەي يىگىتلەر، — دەپتۇ ئۇ، — يىگىتلىك مېھماننى قارشى ئېلىشتىلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلىپ ئۇزىتىشتا. بايىندىرخان مېنى شۇ قەدەر خورلىغۇدەك نېمە ئەيىبىمنى كۆرگەندۇ؟ قىلىچىم باشقىلارنىڭكىدىن گالىمىكەن؟ داستىخىنىم باشقا ئەلنىڭكىدىن قۇرۇقمىكەن؟ شۇنچە نومۇسقا قويغۇدەك يەنە نېمە بار ئىكەن؟

بايىندىرخاننىڭ ئادەملىرى سالماقلىق بىلەن ئەدەپلىك جا-

ۋاب قايتۇرۇپ:

—خان بېگىم، خاندان بېگىم، خانلىقىڭىز، خاندانلىقىڭىزغا ھېچكىم بىر تال چاڭ قوندۇرالماس، لېكىن خانلار خانىنىڭ بۇيرۇقى شۇنداق ئىكەن، بىزمۇ ئەمىرنىڭ قۇلى، ئامالىمىز قانچە؟—دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان دىرسەخان ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ-دە، پەرىشان ھالدا يىگىتلىرىنى باشلاپ يۇرت-يايلاقلىرىغا قايتىپتۇ ۋە پېشانىسىنىڭ تەرىنى سۈرتمەي تۇرۇپلا خانىشنى يېنىغا چاقىرىپ دەپتۇ:

—بېرى كەل، ھەي، زىلۇا بويلۇقۇم، بېرى كەل، ھەي، قەلەم قاشلىقىم، سۇمبۇل چاچلىقىم بېرى كەل. كەل، كۆزۈمنىڭ گۆھىرى، كەل؛ كەل، ئۆيۈمنىڭ تۈۋرۈكى، كەل! بېشىمنىڭ بەختى سەن، بېشىمغا كەلگەنلەرنى بىل:

قار چېدىر، قارا كىگىز،
قارا كۆن، قارا كېچە،
زىندان بولدى دۇنيا ماڭا. . .
ئاڭلا خوتۇنۇم ئاڭلا!
ھەممىنى بەرگەن خۇدا،
نېمىشقا پەرزەنت بەرمىدى بىزگە؟
ئۆتۈپتۇ تالاي دەۋران
ئەيىب-گۇناھ سەندىمۇ،
يا بولمىسا مەندىمۇ؟
ئاڭلا خوتۇنۇم ئاڭلا!

ھەممىنى بەرگەن خۇدا
نېمىشقا پەرزەنت بەرمىدى بىزگە؟

دىرسەخان خانىشقا شۇنچىلىك چىچىلىپتۇكى ئۇنى چايناپ پۇركۇۋەتكىلىرى كەپتۇ.

—ھەي، خان ئاتامنىڭ كۇيئوغلى، —دەپتۇ بەختى قارا خانىش سالماق ھەم ئەدەپ بىلەن، —كۆزۈم كۆرۈپ بىرەر چۇمۇلىگىمۇ ئازار بەرمىدىم، بىلىپ-بىلمەي بىرەر گۇناھ قىلغان بولسام، سىلىدە نېمە ئەيىب بولسۇن! سىلە بىرەر گۇناھ قىلغان بولسىلا مەندە نېمە ئەيىب بولسۇن! شۇنچە دۆلەتنى بەرگەن خۇدا بىر پەرزەنتنى ئايىمدۇ بىزدىن. لېكىن ئاغزى دۇئالىق قۇلىنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىشنى ئۆزى بىلىدۇ. بۇنداق كايىماي، يا ماڭا گەپلىرىنى قىلسىلا، يا بۇ ئىشنىڭ بىر ئۇچىنى ئۆزلىرىدىن كۆرسىلە. خۇداغا يېلىنسىلا، ئاچنى تويدۇرسىلا، يالىڭاچنى كىيىندۇرسىلە، قەرزدارنى قەرزدىن قۇتقۇزسىلا، ھاجەتمەننى ھاجىتىدىن چىقارسىلا، ھاسىلكالام، كاتتا نەزىر-چىراغ قىلىپ ھاجەتلىرىنى تىلىسىلە ئاللا مۇرادىمىزغا يەتكۇزەر ئەلۋەتتە.

”توغرا سۆز ئېقىن سۇ“. دىرسەخان تاغدەك گۆش تۇپلاپ، كۆلدەك قىمىز ساغدۇرۇپ، ئىچ ئوغۇز، سىرت ئوغۇز دېمەي، ئۇچقان قۇشنىڭ قانىتىغا قىستۇرۇپ ھەر تەرەپكە خەۋەر يەتكۇزۇپ، شۇنداق بىر چوڭ نەزىر بېرىپ دۇئا ئاپتۇكى، بۇ خەيرلىك، بەختلىك كۇندە قىلىنغان دۇئالار تېگىپ، خۇدا ئۇلارغا ئالتۇن كوكۇلىلىق بىر ئوغۇل بېرىپتۇ...

يىللار ئاتقان ئوقتەك ئۆتۈپتۇ، دىرسەخاننىڭ ئوغلىمۇ

ھەش-پەش دېگۈچە تىغدەك بىر يىگىت بولۇپ يېتىلىپتۇ. . .
ئۆرپ-ئادەت بويىچە كۆزگە چېلىققۇدەك بىرەر ئىش قىلىپ ئۆزى-
نى تونۇتمىغاچقا، تېخى ئۇنىڭ نامى چىقماپتۇ.

يىللارنىڭ بىرىدە خانلار خانى بايىندىرخان بۇقا بىلەن بۇغرا
سوقۇشتۇرماقچى بوپتۇ. بەگلەر سورۇن تۈزۈپ مەيدان ئېچىپ
كۈتۈپ تۇرغان ئەسنادا، مەيداننىڭ ئۇ بېشىدا دىرسەخاننىڭ
ئوغلى ئۈچ دوستى بىلەن ئوشۇق ئويناۋاتقان ئىكەن.

بۇقىنى ئېلىپ كەلگەنلەر "يا، بىسمىللا" دەپ قويۇۋېتىپ-
تىكەن، ھېلىقى ئۈچ دوست ئالدى-كەينىگە قارىماي قېچىپتۇ.
دىرسەخاننىڭ ئوغلى بىر قەدەممۇ چېكىنمەي مەيداننىڭ ئوتتۇرى-
سىغا كېلىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. ھېلىقى بۇقا بىر ئۇسۇشتە تاغنى
تالغان قىلىۋەتكۈدەك ئەلپازدى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلىپتى-
كەن، تاماشىچىلارنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپتۇ. ئۇلار ھېلىقى
ئوغلاننىڭ تاتلىق جېنىغا ئىچ ئاغرىتىپتۇ. . . لېكىن دىرسەخان-
نىڭ ئوغلى ياراتقان ئىگىسىگە سېغىنىپ بۇقىنىڭ مېڭىسىگە
كېلىشتۈرۈپ بىر مۇشت ئۇرۇپتىكەن، سېرىق بۇقا نېمە بولغى-
نىنى بىلمەي قاپتۇ. ئۇ ھوشىنى يوقىتىپ سەنتۈرەكلەپ كېتىپ-
تۇ ۋە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، غەزەپ بىلەن شۇنداق بىر
ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇكى، ھەممەيلەننىڭ تىلى تۇتۇلۇپ، چىرايى
تامدەك تاتىرىپ كېتىپتۇ. ھېلىقى ئوغلان بولسا يەنىلا تەۋرەن-
مەي تۇرۇپتۇ. ئۇ يوغان مۇشتۇمىنى بۇقىنىڭ مېڭىسىگە تۇرت-
كىنىچە ئۇنى مەيداننىڭ بىر بېشىدىن يەنە بىر بېشىغا سۈرۈپ
ئاپىرىپتۇ. لېكىن بۇقا ئىككى ئايىغى بىلەن يەرگە تىرەجەپ

ئالغاچقا، ئۇنى يەرگە ئۇرالماپتۇ. دىرسەخاننىڭ ئوغلى: ”بۇ دۇنيانى تاپقانلار ئەقلى بىلەن تاپتى، نېمىدەپ ئۆرۈلىدىغان تامغا تىرەك بولىمەن.“ دەپ ئويلاپتۇ-دە، بۇقىنى تازا ھارغۇزغاندىن كېيىن، بىردىنلا مۇشتۇمىنى تارتىۋالغان ئىكەن، بۇقا يەرگە دۈم چۈشۈپ، ئاغزى-بۇرنىدىن ئوقتەك قان كېلىپتۇ. ئۇ يۈگۈ-رۈپ بېرىپ سېرىق بۇقىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپتۇ. شۇئان سورۇندا شۇنداق بىر ئالقىش ساداسى كۆتۈرۈلۈپتۇكى، مەيدان زىلزىلىگە كەپتۇ. پۈتۈن ئوغۇز بەگلىرى كېلىشىپ بۇ ئوغۇلنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈشۈپ بىر ئېغىزدىن:

—قورقۇت ئاتا كەلسۇن، بۇ ئاتسىزغا ئات قويسۇن، ئاتى-سىغا ئېلىپ بېرىپ مۇراد-مەقسىتىنى تىلىسۇن!—دېيىشىپتۇ.

قورقۇت ئاتىمۇ غايىبدىن پەيدا بولۇپتۇ. ئۇ بۇ ئوغۇلنى ئاتىسىنىڭ يېنىغا باشلاپ بېرىپ، بولغان ئىشلارنى بىر-بىرلەپ بايان قىلغاندىن كېيىن:

—ھەي، دىرسەخان، ئوغلىڭىز يىگىتلەرنىڭ يىگىتى بو-لۇپ چىقتى. ناھايىتى يامان بىر بۇقىنى يەڭدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئىسمى بوغاچ* بولسۇن. ئىسمىنى مەن بەردىم، ئۆمرىنى ئاللا بەرسۇن. لېكىن سىزمۇ زىممىڭىزدىكىنى قىلىڭ: بەگلىك بېرىڭ، يىگىتلەرنىڭ يىگىتىدۇر بوغاچ! بەخت بېرىڭ، ئىقتى-دارلىقتۇر بوغاچ! تۇپراق بېرىڭ، ئېلىنى بىلسۇن! ئۆي بې-رىڭ، ئوچىقىنى بىلسۇن! ئات بېرىڭ، مىنەر بولسۇن! تۆگە

* بوغاچ—بۇقا مەنىسىدە—ت.

بىرلىك كۆلۆك بولسۇن! قوي بىرلىك يىيەر بولسۇن! ھاسىلكالا-م، ئاتىغىنىڭىزنى بىرلىك؛ ئۆلسە شىھىت، قالسا غازى. دۇنيا دېگەن شۇ. خۇدا ئىمانىدىن ئايرىمىسۇن...—دەپتۇ.

ئاتىسىمۇ بار-يوقىنى ئايىماپتۇ؛ كۆڭلىدىن چىققاننى بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ دىرسەخاننىڭ ئوغلى ئىككى بىلىكنىڭ كۈچى بىلەن بەگلىككە ئېرىشىپ، بوغاچ، خان بولۇپتۇ.

بوغاچ خان خانلىقىنى بىلىپتۇ. ئۆز يېنىغا قىرىق يىگىت تاللاپ، ئۆز ئىلكىدىكى ئىشلارغا قول سېلىشقا باشلاپتۇ. ھېچقاچان ئاتىسىنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتمەپتۇ. لېكىن ئاتىسىنىڭ ئادەملىرىگە ئانچە سىر بەرمەپتۇ. بۇ كونا كۇرتلار①نىڭ نامى بارغانسېرى تىلغا ئېلىنماس بولۇپتۇ. بۇ ھال ئۇلارغا شۇنداق ھار كەپتۇكى، بىر كۈنى ھەممىسى گەپنى بىر قىلىپ، ئىگە-توقۇمنى قارنىغا ئاپتۇ-دە، ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر قىسمى دىرسەخاننىڭ يۈرىكىنى زىدە قىلماقچى، يەنە بىر قىسمى ئېچىلغان يارىغا تۇز سەپمەكچى بولۇپتۇ. پىلاننى قۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر كۈنى يىگىرمەيلەن بىرلىكتە دىرسەخاننىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سۆزمەنلەردىن بىرى:

—شاھىم! جاھاندا نېمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟ ئۆكتەس ئوغۇللىرى نانكور چىقىپتۇ. قىرىق يىگىتنى كەينىگە سېلىپ، قارا تاغدىن كۆتۈرۈلگەن قارا بۇلۇتتەك ئوغۇزلارنىڭ ئۈستىنى بېسىپتۇدەك... نە ئاماننى بىلمەسمىش،

① كۇرت—بۆرە مەنىسىدىكى سۆز. تۈرك مىللىتىنىڭ سىمۋولى.

نە يامانني، نەدە گۈزەل كۆرسە شۇ يەردە ئۈنەرمىش. ئاقساقال بوۋايلار بىلەن ئاقۋاش مومايلارغىمۇ قىلمىغىنى قالماپتۇ. ھەممە يەر ئۇنىڭ دەستىدىن قان يىغلاۋېتىپتۇ... ئەل قولىنى قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرمايدۇ-دە، تاغۇ-تاشتىن بايىندىرخانغا خەۋەرلەر كېتىپتۇ. خۇدا ساقلىسۇن، خانلار خانى تۇيۇپ قالسا، بېشىمىزغا نېمىلەر كېلەرىنى كىم بىلسۇن. بۇنى ياخشى ئويلاپ كۆرۈشلىرى لازىمدۇر... دەپتۇ.

دىرسەخان قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قاپتۇ. ئاق-قارىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا:

— ئىلاھىم، بۇنداق ئوغلۇمنى يەر يۇتسۇن، خەلق-ئالەمنىڭ ئالدىدا يۈزىمىزنى يەر قىپتۇ... دەرھال بېرىپ تۇتۇپ كەلتۈرۈڭلار ئالدىمغا، ئۆزەمنى كۆرسىتىپ قوياي ئۇنىڭغا! — دېيىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ. قىرىق نامەردنىڭ قالغان يىگىرمىسىمۇ كېلىپتۇ.

— ھەي شاھىم! — دەپتۇ كاززاپلىرىدىن بىرى، — باشلىرىدا نېمە ئوتلار كۆيۈۋاتقانلىقىنى بىلىۋاتامىلا! ئوغۇلدىن تەلەيلىرى بولماپتۇ. ئۇ ئانىسى بىلەن بىر بولۇپ ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈشنى قەسلەۋېتىپتۇ؛ ئەزىز جانلىرىدىن تويمىغان بولسىلا، جانابلىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشتىن ئاۋۋال، ئۇنىڭ دەپتىرىنى ياپسىلا! — دەپتىكەن، گويا ئالەم دىرسەخاننىڭ بېشىغا دۈم كۆمتۈرۈلگەندەك بولۇپتۇ.

— ئىلاھىم، بۇنداق ئوغۇل بولماي قالسۇن! تۇتۇپ كېلىڭلار. خەپ ئۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى ئىچمىسەم! — دەپتۇ ئۇ.

نامەردلەر تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپتۇ:

— ھەي شاھىم، نېمە دېگەنلىرى بۇ! ئوغۇ'لىرى بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئالامدۇ؟ بىزنىڭ سۆزىمىز بىلەن بۇ يەرگە كېلەمدۇ؟ ئۆزلىرى ئۇنى ئوۋغا ئېلىپ چىقمەن دېسىلە، ئۇ ياق دېمەيدۇ. ئۇلتۇرىمەن دېسىلە، ئوۋدا ئۆلتۇرمەك ئاسان. . . ئاتا بولغۇچىنىڭ قولىدىن چىققان قازا ئوقىغا كىمنىڭ نېمە دەيدىغان ھەققى بار!

دىرسەخان ئالدى-ئارقىسىنى ياخشى مۇلاھىزە قىلمايلا بۇ گەپلەرگە ئىشىنىپ كېتىپتۇ ۋە بىر كۈنى سەھەردە ئوغلى ۋە خىزمەتكارلىرىنى ئېلىپ ئوۋغا چىقىپتۇ. ئوۋ ئوۋلاپتۇ، قۇش قۇشلاپتۇ. قىرىق نامەرت يەنىلا نامەردلىكىنى قىپتۇ: ئاتىسىنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتمىگەن بوغاچ خاننىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ھەي خان ئوغلى، نامى ئۇلۇغ ئاتاڭ ئىسمىڭ بىلەن پەخىرلىنىدۇ. ”بىرىپ ئېيتىڭلار ئوغلۇمغا، كېيىكلەرنى سۈرۈپ كەلتۈرسۇن ئالدىمغا، تاماشا قىلىپ ئات مىنىشنى، قىلىچ چېپىشنى، ئوق ئېتىشنى، چىقىراي ئىچ پۇشۇقۇمنى“ دەيدۇ. يۈر، ئۆزۈڭنى بىر كۆرسىتىپ قوي! — دەپتۇ. بوغاچ خاننىڭ قولىدىن ئۇچقان قۇش، قاچقان كېيىك قۇتۇلالىسۇنمۇ؟ ھايت-ھۇيت دېگۈچە بىر توپ كېيىكنى ئالدىغا سېلىپ ئاتىسى تەرەپكە قاراپ يول ئاپتۇ. قىرىق نامەرد دىرسەخاننىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ:

— ھەي شاھىم، كۆرۈپ تۇرۇپلا، كېيىك دېگەن قىر-دالادا تولۇپ يېتىپتۇ. . . ئوغۇللىرى سۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ. مەلۇمكى، نىيىتى بۇزۇق. دېگىنىمىزدەك بولىدىغان بولدى، ئوقنى كې-

يىككە ئاتقان بولۇپ ئۆزلىرىگە ئاتماقچى،—دېيىشىگە، غاپىل دىرسەخاننىڭ كۆزلىرىگە قان تولۇپتۇ. كۆزىگە ئۆزىدىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمەپتۇ. ھايت-ھۇيت دېگۈچە كىرىچنى تارتىپ ئوقنى ئېتىپتىكەن، ئوغلىنىڭ كۆكسىگە تېگىپ يەرگە يىقىلىپتۇ. قىزىل قان دەريا بولۇپ ئېقىپتۇ. . . دىرسەخان ئوغلىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتماقچى بولۇپتىكەن، قىرىق نامەرد ئۇنىڭغا قويماي، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى بۇراپ، ئوردىسىغا قاراپ يول ئاپتۇ.

ئۇ چاغلاردا بالا ئاتا-ئانىدىن بىسوراق ئوۋ ئوۋلىمايدىكەن، قۇش قۇشلىمايدىكەن. ئانىسى يىگىتلەرنىڭ گۈلى بولغان ئوغلىنىڭ ئاتىسىنىڭ قول-قانىتى ئاستىدا ئوۋغا چىققىنىنى كۆرۈپ، ئۇ كۈننى توي-مەرىكە قىلىپ، ”بۇ ئوۋ، ئوغلۇمنىڭ تۇنجى ئوۋى“ دەپتۇ-دە، ئاتتىن ئايغىر، تۆگىدىن بۇغرا، قويدىن قوشقارلار سويدۇرۇپ، چوڭ داستىخان سېلىپ زىياپەت بەرمەكچى بولۇپتۇ. ”كۈتكەنگە كۈن پاتماپتۇ“ دېگەندەك، يولىغا قاراپ كۆزلىرى تېشىلىپتۇ، تاقىتى تاق بولۇپ، قىرىق كېنىزەك بىلەن قىرىق دېدەكنى كەينىگە سېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ.

بىر ئوق يېتىم يەرگە بارا-بارمايلا ئۇلارغا ئۇچراپتۇ. . . ھەممەيلەننىڭ بېشى تۆۋەن چۈشكەن ئىكەن. بوغاچ خاننى كۆرەلمىگەن خانىشنىڭ يۈرىكىگە بىر قورقۇنچ كىرىپ، دىرسەخانغا شۇنداق بىر زارلىنىپتۇكى، قويۇۋېرىڭ:

—كەلسىلە، پېشانەمگە پۈتۈلگەن، يۈرىكىمگە پۈكۈلگەن،

بىرى كەلسىلە! كەلسىلە، كۆز ئېچىپ كۆرگىنىم، كۆڭۈل بېرىپ سۆيگىنىم، بىرى كەلسىلە! ئىككى كېتىپ بىر يېنىپلا، بالام قېنى؟ نېمە قىلىپ نېمە ئەتتىلە؟ تاقىقا بەرلىمۇ، تاشتا قالدىمۇ، بۆرە يېدىمۇ، قاغا-قوزغۇنمۇ، بۇقام-بوغاچىم قېنى؟ ئۇنىڭسىز ماڭا تاردۇر بۇ دۇنيا، ئۆيۈمنىڭ تۈۋرۈكى بوغاچ، كۆزۈمنىڭ گۆھىرى بوغاچ! بىر تال تۈكىنى ئالەمگە بەرگۈ-سىز، سادىغاڭ كېتەي قۇربانىم قېنى؟

خانىش قارا خۇمار كۆزلىرىدىن قانلىق ياشلار تۆكۈپتۇ. دىرسەخان ئاتىنىڭ ئۈستىدە گويا قېتىپ قالغاندەك تۇرۇپلا قاپ-تۇ. قىرىق نامەردنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ، بىرسىمۇ لام-جىم دېيەل-مەپتۇ.

— ھۆرمەتلىك خانىش، — دەپتۇ ئۇلاردىن بىرى، — دىرسەخان ئېغىر كەيپ، ئېغىز ئاچقۇدەك مادارى يوق... ئوغۇلنى سورىسىلا، ئوۋغا كىرىشىپ كەتتى. غازلىق تاغدا بىر توپ كېيىكنى سۈرۈپ قالدى. ئاخشام يانمىسا ئەتىگەن يانار. شۇنچە ئۆزلىرىنى ئۈپراتقۇدەك نېمە ئىش بار!

خانىش بۇلارنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ، ئاللا بىر، دېگىنىگىمۇ ئىشەنمەيدىكەن. شۇڭا ئۇ: ”قېنى شۇ تەگرى تېغى دېگەن قاتمۇقات تاغلار“ دېگىنىچە قىرىق كېنىزىكنى باشلاپ ئوغلىنى ئىزدەپ كېتىپتۇ.

قىش-ياز قار كەتمەيدىغان غازلىق تېغىغا كېلىپ، ئوغلىنى كۆرگۈچە كۆڭلى قاناتلىنىپتۇ. بىر ھازادا بىر جىرانىڭ ئىچىدە ئۇچۇشۇپ يۈرگەن بىر توپ قاغا-قوزغۇنغا كۆزى چۈشۈپتۇ.

بوغاچ خان شۇ يەردە يىقىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى ئوۋ ئىتى قانغا ئۇلاشقان قاغا-قوزغۇننى قوغلاپ يۈرۈپتۇ.

بەختى قارا خانىش قانغا پېتىپ ئۇ ئۇدۇنيا ئۇيقۇسىغا كەتكەن ئوغلىنى بىر كۆرۈپ، يېنىپ يەنە بىر قارىيالماپتۇ. ئانا بولغۇچى بۇ ھالنى كۆرۈپ قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن؟ ئۇ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلغان ھالدا زار قاخشاپتۇ: ”ۋاي ئوغلۇم، يەتتە يىلدا بىر تاپقان يالغۇزۇم! قارا كۆزلىرىڭنى ئۇيقۇ بېسىپتۇ، قانداق ئۇيقۇ بۇ ساڭا ئوغلۇم! تاڭ سەھەردە يەل تەگدىمۇ، مېنىڭەن ئىتىڭ بالا بولدىمۇ؟ ياكى ئاي قاراڭغۇسىدا، ئۆلۈم كەينىڭدىن ماراپ كەلدىمۇ؟ غازلىق تېغىم غازلىق تاغ، بەختنى قارا بېشىڭ بار، تۇپرىقىڭ بار، تېشىڭ بار. تىلەيمەن ئىلاھىمدىن، ئېقىن سۇلىرىڭ ئاقماس بولسۇن! ئاچار گۇللىرىڭ ئېچىلمىسۇن! قۇرۇسۇن دەل-دەرىخىڭ، ياشارمىسۇن بوستانلىرىڭ! تېزىپ كەتسۇن كېيىكلىرىڭ، يۇمران تىلىمنىڭ بېشىغا چىقتىڭ...“.

خەستىلىك يۈرەكتىن چىققان بۇ دەردلىك سادا، تاغۇ-تاشلارنى زىلزىلىگە كەلتۈرمەسمۇ؟ قېنىدا قېنى، جېنىدا جېنى بولغاننى ئويغاتماسمۇ! ئاشۇ ھايات-مامات مىنۇتلىرىدا قۇلاقلىرىغا پەرياد ساداسى كىرگەن بوغاچ خان كۆزلىرىنى بىر ئېچىپ ئانىسىنىڭ ھىدىنى ئاپتۇ، يەنە بىر ئېچىپ قىرىق كېنىزەكنىڭ ھىدىنى ئاپتۇ-دە، ھوشىغا كېلىپ شۇنداق دەپتۇ:

— بېرى كەل، ھەي ئاق سۈت بەرگەن ئاق چاچ ئانا، نىچۈن قاغايسەن ئاسمان-زېمىننى؟ بۇك-باراقسان ياشارسۇن تاللار،

تالىنىڭ نە گۇناھى بار! ئىزغىرىن چىقسۇن شامالىلار، شامالىنىڭ نە گۇناھى بار! شارقىراپ ئاقسۇن سۇلار، سۇنىڭ نە گۇناھى بار! ئويناقلىسۇن ئاھۇ-كېيىكلەر، كېيىكنىڭ نە گۇناھى بار! دېيىشكە تىلىم بارماس، ئەيىب-گۇناھ ئاتامدا، ئانا. . . ئۆزگىنىڭ سۆزىگە كىرىپ زامىن بولدى ئەزىز قېنىمغا. سادىغاڭ كېتەي بوز ئاتلىق خىزىرغا. . . ئۇ مۇبارەك قولى بىلەن ئۈچ قۇر سىلاپ يارامنى: "ھەي ئوغلۇم، ئاللا ئۆلتۈرمەيمەن دېسە ئۆلتۈرمەيدۇ ئىنساننى؛ قورقما، بۇ جاراھەتتىن ئۆلۈم يوق ساڭا. تاغ چېچەكلىرى ئاناڭنىڭ سۈتى بىلەن مەلھەم قىلىنىپ سۇرۇلسە يارائڭا، ساقىيىپ كېتىسەن سەللىمازا!" دەپ قويۇپ كەتتى. دەردىمنىڭ دەرمانى سەندۇرسەن ئانا!

بۇنى ئاڭلىغان قىرىق كېنىزەك قىرىق ئېتەك گۇل-چېچەك تېرىپ كەپتۇ. بىچارە خانىش ئەمچىكىنى بىر سىققان ئىكەن، سۈت چىقماپتۇ، يەنە بىر سىقسا يەنە چىقماپتۇ. ئۈچىنچى قېتىم كۆكسىگە بىر مۇشت ئۇرغان ئىكەن، خۇدانىڭ ھىكمىتى بىلەن قان ئارىلاش سۈت چىقىپتۇ، ئۇ چېچەكلەرنى بۇ سۈت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ مەلھەم قىلغاندىن كېيىن، "بىسمىللا" دەپ ئوغلىنىڭ يارىسىغا چېپىپتۇ. دىرسەخاننىڭ قولىقىغا يەتمەيدىغان، قۇش ئۇچماس، كارۋان كەزمەس بىر يەرگە يۆتكىلىپ، شۇ يەردە قىرىق كۈن يارىسىنى داۋالاپ، قىرىق بىرىنچى كۈنى ئاتقا مىنەلەيدىغان، قىلىچ تۇتالايدىغان بولۇپتۇ، بوغاچ خان. . .

قىرىق نامەرد قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قاپتۇ. ئۆز بېشىنىڭ غېمىگە چۈشۈپ يەنە بىر نامەردلىككە ئۇرۇنۇپتۇ:

”ھەي يارەنلەر ! — دېيىشىپتۇ ئۇلار، — بۇگۇن دىرسەخاد-
نىڭ چىرايىدىن ئۇ كۇنكى ئىشقا بىر پۇشايمانلىق كۆرۈنۈپ
تۇرۇپتۇ. ئوغلىغا شۇنچىلىك ئىچى ئېچىشىۋاتىدۇكى، ئۇچ ئو-
چۇم قېنىمىزنى ئىچسىمۇ ئۆچى چىقمايدىغاندەك تۇرىدۇ. . . ئۇ،
ئوغلى ئولگىنىپ، بۇ ئىشتا بىزنىڭ ئەيىبكار ئىكەنلىكىمىزنى
ئۇقۇپ قالسا، كارامەتنى شۇنداق كۆرۈڭ! ئەڭ ياخشىسى بىر
ئامال قىلىپ ئۇنى تۇتايلى-دە، كۇپپارلار ئىچىگە ئاپىرىپ
تاشلايلى. . . “

ئۇلار بۇ توزاقنى قۇرۇپتۇ-دە، دىرسەخاننى ھۆل خىشقا
دەسسىتىپتۇ. بىر يولنى تېپىپ ئۇنى قىر-ئېدىرلارغا ئېلىپ
بېرىپتۇ. تۇز، نان ھەققىنى بىلمىگەن بۇ خائىنلار نە خان
دېمەپتۇ، نە خاندان دېمەپتۇ؛ نە ئاماننى بىلمەپتۇ، نە ياماننى
بىلمەپتۇ. ئۇنىڭ قول-پۇتلىرىنى باغلاپ، بوينىغا چۇلۇۋۇر چى-
گىپ، ئاتلىرىنىڭ ئالدىغا سېلىپ تاغدىن-تاققا سۆرەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان دىرسەخاننىڭ خانىشى باشلىرىغا ئۇرۇپ،
چاچلىرىنى يۇلۇپ ئوغلىنىڭ يېنىغا يۇگۇرۇپ بېرىپتۇ:

— كۆردۇڭمۇ ئوغلۇم، بېشىمىزغا كەلگەنلەرنى، داداڭ غا-
پىل، بۇ دۇنيادا بار-يوقۇم قىرىق يىگىتىم، دەپ يۇرۇپ شۇنداق
بىر توزاققا چۇشۇپتۇكى، خۇدا ئۇنى يەتتە يات قولغا چۇشۇرمى-
سۇن. . . پۇت-قولىنى باغلاپ كۇپپارلار ئىچىگە ھەيدەپ كېتىپ-
تىمىش. . . يۇرە ئوغلۇم، قاراپ تۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس
بۇ. . . نامەردنىڭ نامەردلىكىگە قويۇپ بەرمە! ئاق يۇزىمىزگە
قارا سۇرۇلسە قانداق كىرىمىز ئەل ئىچىگە. . .

بوغاچ خان ”يا ئاللا“ دەپ ئېتىغا مىنىپتۇ. قىرىق يىگىتنى كەينىگە سېلىپ، تۆپىلەردىن يەلدەك، جىلغىلاردىن سەلدەك ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، قىرىق نامەرد بىر ئورمانلىقتا هاراق-شارابقا غەرق بولۇپ ياتقان ئىكەن، كۆزلىرىنىڭ هېچنەرسىنى بايقىغۇدەك هالى يوق ئىكەن، ئۇلار كەلگەنلەرنى كۆرۈپتۇ ۋە كىملىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا بويۇنلىرىنى سوزۇشقىلى تۇرۇپتۇ. لېكىن دىرسەخان نېمە ئۈچۈندۇر، بىردىن:

— ئۇنداق قىلماڭ، سادىغاڭ كېتەي يىگىتلەر، قاراپ تۇرۇپ ئۇرۇشماڭلار، قان تۆكۈلەر؛ بىكاردىن-بىكار بەزىلەر يارىلىنىپ، بەزىلەر ئۆلەر. ئۇنىڭدىن كۆرە بېرىڭلار شۇ قوۋۇزۇمنى، ساز ئاڭلىسا ساز بىلەن، سۆز ئاڭلىسا سۆز بىلەن قايتۇراي ئۇلارنى... ئاندىن كېيىن خالاڭ ئۆلتۈرۈڭ، خالاڭ كۆلدۈرۈڭ مېنى...— دەپ يېلىنىپ-يالۋۇرۇپتۇ. هاسىلكالام، قوۋۇزنى بېرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ... دىرسەخان ئۇلارغا شۇنداق دەپتۇ:

يىگىت، يىگىت، شەهۋاز يىگىتى، شاه يىگىت،
نېمىدىن خاپا سەن، تۇتۇق چىرايىڭ.
مەندەك بوپقالساڭ قانداق قىلاتتىڭ،
دەردلىكتىن دەردلىكمەن ئەقلىدىن ئازدىم.

غەم يۈكىنى يۈدۈۋاپسەن، ئاللاڭ يوقمۇ؟

كۆكسۈڭدىكى ياراڭنى تاڭارىڭ يوقمۇ؟
تۇزاققا چۈشكىنىڭدە تۇتارىڭ يوقمۇ؟
نامەردلىك كۆۋرۈكىگە قەدەم قويدۇڭمۇ!

يىقىلغان تېغىمنىڭ قاشقىسى بارمۇ؟
قۇرۇغان بېغىمدا بىر تېلىڭ بارمۇ؟
قىزىل قانغا بويالغان بىر قولۇڭ بارمۇ؟
پەلەكنىڭ قولىدىن ئىچكىنىڭ بارمۇ!

بىر زامانلار مەنمۇ مەشھۇر بىر خان ئىدىم،
قىرىق نامەردكە غاپىل بولۇپ قانغا بويالدىم،
قىينىما جېنىمنى، جېنىمدىن تويدۇم،
دۇنيادىن كۆچتىمۇ مېنىڭ بوغاچىم.

بوغاچ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ:

سالام خانىم، ئاتام خانىم!
يىقىلسا سېنىڭ شۇ تاغلىرىڭ،
يېقىلار يەنە مېنىڭ ئۈستۈمگە،
بۇنى قويمايمەن قىرىق نامەردكە...

سالام خانىم، ئاتام خانىم!
قولدىن كەتسە جامائىتىڭ، يارەنلىرىڭ،

مېنىڭمۇ بىللە كېتەر،
بۇنى قويمايمەن قىرىق نامەرتكە. . .

سالام خانىم، ئاتام خانىم!
ئۇنداق قالسا سۇمبۇل چاچلىق كېلىنلىرىڭ،
مېنىڭمۇ بىر غۇنچە گۇلۇم قالار ئۇنداق،
بۇنى قويمايمەن قىرىق نامەردكە. . .

سالام خانىم، ئاتام خانىم!
سېنىڭ ئايغىڭ باسقان يەرگە،
مېنىڭمۇ بېشىم بىللە كېتەر،
بۇنى قويمايمەن قىرىق نامەردكە. . .

دەپ ئۆزىنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، بوغاچ خان ”ئەل بول!“ دەپ چۇقان ساپتۇ. قىرىق يىگىت قىرىق نامەردنىڭ ئۈستىگە بۆركۈتتەك ئېتىلىپتۇ. ھىلىقىلار ئاغزىم-كۆزۈم دەپ ئەقلى ھوشىنى تاپقۇچە نەچچىسىنىڭ كاللىسى يەرگە چۈشۈپ، نەچچىسى زەنجىرگە چۈشۈپتۇ. . . شۇنداق قىلىپ، بۇ تاغلاردا قىرىق نامەردنىڭ ئىسمى، جىسمى قالماپتۇ. . .

دىرسەخان يىگىتۋاشتىن دۇنياغا كەلگەندەك بولۇپ ئەلگە شۇنداق چوڭ داستىخان سېلىپ توي بېرىپتۇكى، پەلەكمۇ يەنە بىر ياشقا كىرىپتۇ. خانلار خانى بايىندىرخانمۇ يەنە بىر قېتىم مەردلىكىنىڭ نامەردلىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىنغىنىدىن خو-

شال-خۇرسەن بولۇپ، بوغاچ خانغا بەگلىك ئۈستىگە بەگلىك بېرىپتۇ. تەخت ئۈستىگە تەخت بېرىپتۇ.

قورقۇت ئاتىمۇ كېلىپ بۇ ئوغۇزنامىنى تۈزۈپتۇ ۋە:

ئۇلارمۇ بۇ دۇنياغا كەلدى-كەتتى،
كارۋان كەبى قوندى-كۆچتى.
ئۇلارنىمۇ ئەجەل ئالدى، يەر يۇتتى،
پانى دۇنيا كىمگە قالدى.

دېگەندىن كېيىن خانلار خانغا بەش كەلىمە دۇئا قىلىپتۇ:

”هەي خانىم! ئالدىڭدىكى قارا تېغىڭ يىقىلمىسۇن. . . بۇك-باراقسان ئورمانلىرىڭ كېسىلمىسۇن. . . قارلىق، مۇزلۇق سۇلىرىڭ قۇرۇمىسۇن، خۇدا نامەردكە موهتاج قىلىپ، ئاتىڭا ئالقان ئاچتۇرمىسۇن؛ هەممەيلەننىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت ئەي-لەپ، دۇئايىمىزنى ئىسمى گۈزەل مۇھەممەتنىڭ هۆرمىتىگە ئاتا قىلسۇن. ئامىن دەيلى، ئامىن دېگەنلەرنى ئاللا ئاخىرقى نەپەستە ئىماندىن ئايرىمىسۇن. . .“

لېكىن، كېلىپ-كېتىدىغان دۇنيا، ئاقىۋەتتى ئۆلۈملۈك دۇنيا كىمگە قالسۇن؟ ئاخىر ئۇلارغا قاپتۇ، قالا-قالا ئۇلاردىن بۇ داستان قاپتۇ.



# سالۇر قازاننىڭ ئوغلى

بۇرۇنقى زاماندا، ئوغۇزلارنىڭ يۇرتىدا سالۇر قازان دې-
گەن، ئىشىنىڭ يولىنى بىلىدىغان بىر خان ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ
كېيىن تەختكە چىققانلاردەك، خىيالىغا كەلگەننى قىلمايدىكەن،
كىم بىرنېمە دېسە ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كەتمەيدىكەن. ئۇ ”ئەل-ئەل-
دىن قېلىشمايدۇ!“ دەپ كۆپكە تونۇلۇپتۇ. شۇنداقتىمۇ چوڭلار-
نىڭ سۆزىدىن چىقمايدىكەن.

كۇنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ قانداقتۇ بىر مەقسەتتە قىزىل چې-
دىرلار تىكتۇرۇپ، يىپەك زىلچىلار سالدۇرۇپ پۈتۈن ئوغۇز
بەگلىرىنى مېھمانغا تەكلىپ قىلىپتۇ ۋە ئۇلارنى ياخشى كۈتۈۋې-
لىپ، تونۇشىدىغانلار بىلەن تونۇشۇپتۇ...

سالۇر قازان بۇ سۆھبىتىنىڭ ئاخىرىدا ئوڭ يېنىغا بىر قاراپ كۈلۈمسىرەپتۇ، سول يېنىغا بىر قاراپ كۈلۈمسىرەپتۇ ۋە بىردىن ئالدىغا قاراپتۇ-دە، كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ قوللىرىنى تىزىغا ئۇرۇپتۇ.

ئاتىسىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغان ئورۇز ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ تىز پۈكۈپ:

—ئاتام قازان، خان قازان، ئاتىنىڭ ئالدىدا ئېغىز ئېچىشقا ھەددىم يوقتۇر، لېكىن ئوڭ تەرىپىڭىزگە قاراپ بىر كۈلدىڭىز، سول تەرىپىڭىزگە قاراپ بىر كۈلدىڭىز، كېيىن يۈزۈمگە بىر قاراپ چىرايىڭىز پۈرۈلدى، كۆزۈمگە بىر قاراپ قاپىقىڭىز تۈرۈلدى، ئاندىن قوللىرىڭىزنى تىزىڭىزغا ئۇردىڭىز، تىزىڭىز سۈرۈلدى. سادىغاڭ كېتەي ئاتا، نېمە كۆردىڭىز مەندە، بىر قارا پۈتۈلگەنمۇيا پېشانەمگە؟ ئەگەر شۇنداق بولسا ئۇ يۇقىمىسۇن سىلەرگە، بېشىمنى ئېلىپ كېتەي يات ئەللەرگە... تۆكەي دەردىمنى بوز تورغاي ۋە سەللەرگە...—دەپتۇ.

—كەل ئوغلۇم،—دەپتۇ قازان خان كۆكرىكىنى كېرىپ، —بۇنچىۋالا كايىپ كەتمە، قۇياشتا قارا باركى، يوقتۇر سەندە، نېمىشقا يوشۇراي ئايان بولغاننى ئەل-ئالەمگە: ئوڭ ئۈمغا باقتىم، ئىنىم قارا گۈنەنى كۆرۈپ قەلبىم ئېپتىخارلاندى؛ سولۇمغا باقتىم، بوۋام ئارۇز خوجانى كۆرۈپ غۇرۇرۇم ئاشتى. ئۇلار بىلەن كىممۇ ماختانمىسۇن، باتۇرلۇقى تىللاردا داستان بولدى. لېكىن ئالدىمغا قاراپ سېنى كۆرۈپ، ئىچىمگە بىر ئاغرىق كىردى. كۆز تەگمىسۇن ئوغلۇم، ئون بەشتىن ئون ئالتىگە

قەدەم قويدۇق. ئىچى ئاغرىقىدىن ئۇنىڭ سوتى كەتمىدى.
نەبىر يا تۇتمىدىڭ، نە بىر ئوق ئاتمىدىڭ. ئۆلۈم دېگەن قاش-كىرپىك ئارىلىقىدا! ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆلۈپ-تارتىپ كەتسەم، تاج-تەختىمنى ساڭا تۇتقۇزامدۇ؟ ئۇنىڭ كىملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىنى كىم بىلسۇن! مانا شۇ قارا كۈنلەرنى ئويلىغىنىمدا، ساڭا قاراپ-قاراپ كۆزلىرىم تويمايدۇ. ئاڭلاشقا ئاچچىق بولسىمۇ، داداڭنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ سۆزلەر ئوغلۇمغا ئېغىر كەلمىسۇن!—دەپتۇ، بۇ سۆزلەر ئوغلىغا ئېغىر كەپتۇ.

—خان ئاتا،—دەپتۇ ئوغلى،—ئېغىر ئالماڭ، ”تاپان يېغىدا ياغلاپ، قامغاق بىلەن داغلىدىڭىز“* ، گۇناھىنىڭ چوڭى ئۆزىڭىزدە تۇرۇپ، مېنى ئەيىبكە بۇيرۇدىڭىز. ھۈنەرنى بالا ئاتىدىن ئۆگىنەمدۇ، يا ئاتا بالىدىنمۇ؟ سىز ماڭا نېمىنى ئۆگەتتىڭىز؟ ئوق ئېتىشنىمۇ ياكى قىلىچ چېپىشنىمۇ؟ ھەتتا تېلىمغا بىر قۇرغۇيمۇ قوندۇرمىسىڭىز، ئۇچۇرىمەن قايسى قۇشنى، يەرگە چۈشۈرىمەن قايسى باشنى؟ باش ئالغۇدەك بىلىكىم، قان تۆككۈدەك يۈرىكىم تۇرسا، بوگۈنكىدەك تاشلاپ كەتمىگەن بولسىڭىز ئانامنىڭ قۇچىقىغا، مېنىڭمۇ باتۇرلۇقۇم ئايان بولار ئىدى ئەل-يۇرتقا!

”توغرا سۆزگە جاۋاب يوق“

—خۇدا ھەققى توغرا ئېيتتىڭ ئوغلۇم، ۋاقتىدا تېرىپ-تى-

* ئېغىزنىڭ ئۇچىدىلا دېيىلگەن گەپ مەنىسىدە—ت.

كىلمىسە، زىرائەتتىن ھوسۇل چىقماس. . . قازاندا بولمىسا ئاش، چۆمۈچكە ئەلۋەتتە چىقماس. ئويلىماي ئىغىز ئاچقىنىم ئۈچۈن كۆيىدۇ، تىلىم. . . ئىشەندىم، ئىمان ئېيتتىم، بۇ بىر-لەك، بۇ يۈرەك بار ئىكەن سەندە، ئاۋۋىلى خۇدا، شۇ كۈنلەرگە يەتكۈزمەك سېنى قەرزدۇر بوينۇمدا. تۆمۈرنى قىزىقىدا سوققان ياخشى. يەتتە كۈنلۈك ئوزۇقىمىزنى ئالايلى، ئەتىلا تاغ-داۋانلار ئاشايلى. ئوق ئاتقان، قىلىچ چاپقان يەرلىرىمنى، سەن بىلەن بىللە بىرىپ كۆرەيلى. ئوقنى ئاتا-ئاتا كۆز پىشىدۇ، قىلىچنى چاپا-چاپا قول كۆنىدۇ. بىرەر يىغى بولۇپ قان تۆكۈلسە، پۈتۈن بىر بۈركۈت بولۇپ قاناتلىنارسەن، — دەپ، سالۇر قازان ئوغلى-نىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپتۇ. ئورۇزمۇ دادىسىنىڭ مۇبارەك قول-لىرىغا باش قويۇپتۇ. . .

تاڭ سۈزۈلۈپ شەپەق كۆتۈرۈلگەندە، سالۇر قازان ئورنى-دىن تۇرۇپتۇ. جەرەن ئېتىنى توقۇتۇپ، قورال-ياراقلىق ئۈچ يۈز ئاتلىقنى ئايرىپتۇ. ئورۇزمۇ بوز ئېتىغا مىنىپ، قىرىق نۆكىرى بىلەن ئاتىسىغا قوشۇلۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار قارايغان تاغلار كۆكسىگە قادىلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئوۋ ئوۋلاپتۇ، قۇش قۇشلاپتۇ. تاغ-داۋانلار ئېشىپ، دەريا-ئېقىنلار كېچىپ كۆڭۈللۈك ئويناپ كۈلۈپتۇ ۋە چەت بىر جايدىكى چىمەنلىككە چۈشۈپ چېدىرلار تىكىپتۇ.

ئورۇز بۇ يەردە يىگىتلەرنىڭ ئويناپ-كۈلۈش، قونۇپ-كۆ-چۈشلىرىگىچە سەپسىلىپ، ھۈنەر ئۈستىگە ھۈنەر كۆرۈپ تە-لىم-تەربىيە ئاپتۇ.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە، ئاتا-بالا تاغ-دەريالار ئۈستىدە سۆزلە-شىپ، گەپ دوستلۇق-دۈشمەنلىككە كەلگەندە، ئورۇز:

—دوست-دۈشمەن دېگىنىڭىز كىم بولىدۇ، ئاتا؟—دەپ دەپ سوراپتۇ.

—ئەقلىڭ بىلەن ياشا، ئوغلۇم! قىلنى قىرىق يېرىپ سو-ئال قويدۇڭ... بۇ ئىنچىكە سوئالغا مەن جاۋاب بېرەلمەيمەن. بۇنداق سوئاللارغا دەدە قورقۇت جاۋاب بېرەلەيدۇ. قانچە چوڭقۇر سوئالىڭ بولسا ئۇنىڭدىن سورا... لېكىن، يىغىپ ئېيتقاندا، دوست دېگىنىمىز، بىر-بىرىنىڭ يولىدا جېنىنى پىدا قىلغانلار؛ دۈشمەن دېگىنىمىز، بىر بىرىنىڭ بېشىنى يېگەنلەر... ئويدا بول، قىردا بول، نېمە قىلساڭ قىل، دوست تۇتۇشقا دىققەت قىل. دۈشمەننى ئاناڭمۇ تۇغىدۇ؛ ئۇلار ئەتراپىمىزدا تولۇپ ياتىدۇ... بەزىلىرى سامان ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتىدۇ، بەزىلىرى يالغان قىمار ئۇيگىتىدۇ. لېكىن، دوست يۈزىدىن، دۈشمەن كۆزىدىن بىلىنىدۇ. ھەممىدىن ئاۋۋال دوستلۇق بىلەن دۈشمە-نىڭنى تونۇۋال! دوستلۇق بىلەن دوست بول، لېكىن دۈشمە-نىڭگە دوست بولما. يا ئەل بىلەن بىر ياپراق چىقار ئەل-بېغىڭ-دىن، يا بىر ئوچۇم توپراق بەر ئۆز تېغىڭدىن... دۇنيا دېگەن شۇ، يا سەن ئۇنىڭ لەززىتىنى ئالىسەن، يا ئۇ! ئۇ چاغدا نە سەن ئېلىڭنى تۇتالايسەن، نە ئۇ تىلىنى سوزالايدۇ! خۇددى ئىككى كورنىڭ ئۇرۇشقىنىدەك، سەن تالا-تالا ئۇنىڭ بېغىنى قۇرۇتىسەن، ئۇمۇ يالا-يالا سېنىڭ تېغىڭنى خورىتىدۇ ئەلھا-سىل، دۇنيادا يا بويۇن ئېگىپ يۈر، يا باش كۆتۈرۈپ ئۆل،

چۈمۈله بولساڭمۇ پىلدەك كۆرۈن، دەريا بولساڭمۇ نىلدەك كۆ-رۈن. ”دۈشمەن قايرىلمىغان قولنى سۆيەر“ ئوغلۇم! شۇنداقتىد-مۇ، ھەرگىز بىر، ئىككى دىمە، قالقان بولۇپ تاقابىل تۇر، قىلىچ بولۇپ كۆكسىگە ئۇر. ئۇلار سىنى چايناپ پۈركمۈەتكۈ-چە، سەن ئۇلارنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋەت!

بۇ سۆزلەر ئورۇزغا ئاجايىپ تۇيۇلۇپتۇ:

—خوپ ئاتا،—دەپتۇ ئۇ،—بىراق ئۇلار كىيىن قانغا قان ئالامدۇ، قان دەۋاسى قىلامدۇ؟

سالۇر قازان مەنىلىك كۈلۈپتۇ:

—ئىلاھى، ئوغلۇم،—دەپتۇ ئۇ،—”ھەق دىگەندە ئىقىن سۇلار توختاپتۇ“. پەلەكنىڭ چارقى چۆرگىلىدى. ھازىر كۈچى يەتكەن ئالىدۇ، كۈچى يەتمىگەن قالىدۇ. بۇ دىگەن يىغا، كۆر-گىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ. قانۇنى يوق، نىزامى يوق، دەۋاسى يوق، سورىقى يوق زامان بۇ. بىراۋنىڭ بىر تال تۈكىگە تەگسەڭ سورىقى بولىدۇ، لىكىن يىغىدا مىڭ ياۋنىڭ بىشىنى ئالساڭمۇ سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ. سۈرۈشتۈرۈلسە ئەتە ھەق ئالدىدا سوئال سورىقى بولىدۇ. لىكىن خۇدا كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار يۇرت-يايلىقىمىزغا كۆز تىكمىسە، كىممۇ ئۇلارغا كۆزىڭىزنىڭ ئۈستىدە قىشىڭىز بار، دىيەلىسۇن. . .

بۇ خۇش-پەشتىن كىيىن، ئورۇز ئاتىسىنىڭ يىنىدىن چىد-قىپ قىرىق يىگىتنىڭ يىنىغا كەپتۇ. ئارىدىن بىر چاي قاينام ۋاقىت ئۆتكەن-ئۆتمىگەن ئارىلىقتا تاغلارنىڭ بىشىنى قارا تۇمان قاپلاپتۇ!

بىرسى ”كېيىك پادىسى“ دەپتۇ، بىرسى ”كۆپپارلار توپى“ دەپتۇ. سالۇر قازان بورانىنىڭ نەدىن چىققانلىقىنى بىلىپتۇ.

— كېيىك بولسا بىر-ئىككى توپ بولار ئىدى، قاراڭلار بۇ توپا-چاڭغا؛ ئۇن ئالتە يەردىن چىقىپتۇ. دېمەك ئۇن ئالتە مىڭچە كۆپپار بۇ! — دەپتۇ ئۇ.

دەرۋەقە ئىش قازانىنىڭ دېگىنىدەك ئىكەن. ھالبۇكى، كۆپپارلارنىڭ پايلاقچىلىرى قەلئەدىن-قەلئەگەخەۋەر يەتكۈزۈشۈپتۇ:

”سالۇر قازان پايتەختتە يوق ئىكەن. ئىتتىمىزنى ھاۋشىتمىغان، مۈشۈكىمىزنى مىياڭلاتمىغان بۇ پالۋانلار بېشى — ئوغلى خىزمەتكارلىرىنى ئېلىپ، ئازغىنا نۆكەرلىرى بىلەن ئوۋغا چىقىپتۇمىش. . . كۈندۈزى تاغ-تاشنى قىدىرىپ، قىرىدىغاننى قىرىپ، كېچىسى يەپ-ئىچىپ، ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئەيش-ئىشرەتكە غەرق بولارمىش. پۇرسەت دېگەن مانا شۇ. بۇلارنىڭ دەپتىرىنى ياپايلى ئەمدى!“

بۇ خەۋەر قۇلاقتىن-قۇلاققا يېتىپ، ئاخىر كۆپارلار بېگى تەكۈرنىڭ قۇلىقىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ ئەمدى قاراپ تۇرسۇنمۇ! ئۇن ئالتە مىڭ قارا تونلۇقنى ئاتلاندۇرۇپ قازانىنىڭ يۇرتىغا قاراپ ئېقىپتۇ. بايىقى قارا تۇمان مانا شۇلار ئىكەن.

ئۆمرىدە كۆرمىگەننى كۆرگەن ئورۇز ئاتىسىنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەپتۇ.

— ئاتام قازان، — دەپتۇ ئۇ، — نېمىدۇر ئۇ دېڭىزدەك يېيىلىپ كېلىۋاتقان؟ نېمىدۇر ئۇ دېڭىز ئىچىدە كۈندەك چاقناپ يۇلتۇزدەك پارلىغان؟

سالۇر قازان كۆلۈپ كېتىپ:

—قارا تونلۇق كۆپپاردۇر، دېڭىزدەك يېيىلغان، بېشىدى-كى تاج-تۆلغا[1]دۇر، كۆندەك چاقنىغان، قولىدىكى قىلىچ-مىز-راكدۇر[2]، يۇلتۇزدەك پارلىغان، ئوغلۇم. بۇ پۇرسەتپەرەسلەر جېنىدىن تويغان بولسا كېرەك، كەلسە كەلسۇن، كۆرىدىغىنى بولسا كېرەك! "يىگىت كۆزى قاننى كۆرسە قانغا تولىدۇ"، ئالىماللا قىلىچىم قىنىدىن چىقىپ، ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئالسا كېرەك! يامان يەردە ئايىغىمغا پۇتلىكاشاڭ بولدۇڭ، خەپ! — دەپتۇ.

بۇ سۆز ئورۇزنىڭ قېنىنى قىزىتىپتۇ. ئۇ قوۋۇزىنى قولىغا ئېلىپ شۇنداق دەپتۇ:

كېلىڭ، هەي، ئاتام قازان بېرى كېلىڭ،
نىچۈك پۇتلاشتىم ئايىغىڭىزغا،
دەستەك بولاي، تاينىڭ يالغۇز ئوغلىڭىزغا.
قارا قۇندۇز تۇلپار باقتىم،
بەيگە بولسۇن دەپ...
قىرىق يىگىتكە ئۇن سالدىم،
قۇربان بولسۇن دەپ...
كۆتكەن كۈنۈم كەپتۇ بۈگۈن مانا شۇ مەيدان!
كۆزلىرىمنى قاپلىدى، ئەمدى قىزىل قان!
رۇخسەت قىلىڭ، دۈشمەنگە بارايلى ئاتا!

---

① ئۈزۈن تۆمۈر قالپاق—ت
② نەيزە—ت.

قىرىقىمىز قىرىق ياندىن قىرايلى ئاتا!

— ئۆيۈمنىڭ تىرىكى، كۆزۈمنىڭ گۆھىرى ئوغلۇم! ئىشەندىم، ئىمان ئېيتتىم بۇ تىلەك، بۇ يۈرەك بار ئىكەن سەندە، ئاۋۋىلى خۇدا، ئوغۇزلارنىڭ يېنى تەگمىسۇن يەرگە. لېكىن بۇ كۈپپارلار سەن بىلىدىغان كۈپپار ئەمەس! قوغلىساڭ قاچار. . . يېتىشسەڭ قانات ئاچار. . . مانا شۇنداق شەپەرەڭلەرنىڭ توزاقلىرىنى كۆرۈپ ئۆگەنمەي تۇرۇپ، جەڭگە ئاتلانساڭ قولغا چۈشىسەن غاپىل بولۇپ، كەلگەن ياۋ ماڭا كەلدى، ماڭا قويۇۋەت، ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى ئۆزۈملا بېرەي پەقەت. ھازىر سەن قىرىق يىگىتىڭنى ئالغىن-دە، بۇ تاققا چىق. قانداق ئۇرۇشۇپ، قانداق توقايلاتقىنىمنى تاماشا قىلىپ، بولغىن ئارقا سەپ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ كۈن سېنىڭ بېشىڭغىمۇ كەلگۈدەك! — دەپتۇ ئاتىسى.

خوپ، شۇنداق بولسۇن، لېكىن ئۇمۇ يېغىنىڭ پۈرىقىنى پۇراپ باقسۇن-دە! ئورۇز يەنە يالۋۇرۇپتۇ:

— ”قوشقار قۇربانلىق ئۈچۈن، ئەركەك نام-شۆھرەت ئۈچۈن“. ئوغۇل بالا قىلىچ تۇتار ئاتىسى ئۈچۈن، مېنىڭ جېنىم قۇربان بولسۇن جېنىڭىز ئۈچۈن!

ئاتىسىنىڭ سۆزى بىر. ئورۇز بۇ سۆزنىڭ ئالدىغا ئۆتەلىسۇنمۇ؟ ئۇ قىرىق يىگىتنى باشلاپ ئاتىسى كۆرسەتكەن تاققا چىقىپ نەيزىلىرىنى تىكىپتۇ.

قازان خان ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ دۇئا قىلىپتۇ ۋە يىگىتلىرىنى ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئاپىرىن، بۇ يىگىتلەرنى قانداق ئانا تۇغقاندۇ!

ئۇ دۈشمەن ئالدىغا بىمالال بېرىپ، مەيداندا ئۆلۈمگە ھازىر بولۇپ تۇرۇۋپتۇ. . . شۇنداق بىر يېغا باشلىنىپتۇكى، قويۇۋې-رىڭ! ئوقلار شۇڭقاردەك شۇڭغۇپتۇ، قىلىچلار كېپىكتەك ئويې-ناپتۇ. پالۋانلارنىڭ "ئاللا! ئاللا!" دېگەن چۇقانلىرى يەر-زې-مىننى، ئەرشىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپتۇ. . . "قورسىقى توق ئاشقا كەلمەس". قازان ئوغلى ئورۇزنىڭ يۈرىكى قىن-قىنىغا پاتماي قاپتۇ، ئۇ يىگىتلىرىگە قاراپ:

— ھەي، قىرىق ھەمراھىم، قىرىق قېرىندىشىم، قۇربان بولسۇن سىلەرگە جېنىم. كۆردۈڭلارمۇ ئاتام قازاننى، ئۇنىڭ يېنىدىكى تەلۋە ئوزاننى! . . : راستىنى ئېيتسام، تۇتالمايۋاتى-مەن ئۆزۈمنى! يۈرىكىمگە ئاتالايدىغانلار يۈرەيلى، قويۇندەك ئال-دىغا ئۆتەيلى، كۇپپارلارنىڭ بىر قولىنى كېسەيلى! — دەپ ئېتى-نى تاغدىن پەسكە قاراپ بولۇشىغا قويۇۋېتىپتۇ. يىگىت بولار ئوغۇز يىگىتلىرىچە بولار. بىرەرسىمۇ نامەردلەرچە قارا تاشنىڭ كەينىگە مۆكۈۋالسۇنمۇ؟ قىرىق ئاتلىقنىڭ ھەممىسى قاناتلىنىپ-تۇ، قاراغاز توپىغا بۆسۈپ كىرگەن شۇڭقاردەك دۈشمەننىڭ بىر قانىتىغا بۆسۈپ كىرىپتۇ. . .

كۇپپارلار ئوڭمىزمۇ-چۇشمىزمۇ، دەپ قاپتۇ. يامغۇردىن قېچىپ مۆلدۈردە قالغاندەك تېرى-پېرەڭ بولۇپ، سېرىم-سېرىم يىقىلىپ، سايىنىڭ تېشىدەك يېتىشىپتۇ. . . شۇ ئەسنادا، دالدا تاشنىڭ قارشىسىدىن كەلگەن بىر ئوق ئورۇزنىڭ ئېتىغا تەگ-مەسمۇ! ئۇ تىك موللاق چۇشۇشىگە، كۇپارلار قارا قاغىدەك يېپىلىپتۇ. . . قىرىق يىگىت ئاتلىرىدىن تەڭلا سەكرەپ چۇشۇپ

ئۆزىنى بۇ يىگىتكە پىدا قىلىپتۇ. چىشلار چىشقا، تىرناقلار تىرناققا كىرىشىپ، دەرغەزەپتە ئېلىشىپتۇ. لېكىن، ئاقىۋەت شىھىتلىك شارابىنى ئىچىپ باقى دۇنياغا كېتىشىپتۇ. . .

بىرھازادىن كېيىن، ئورۇزنىڭ ئاتام-ئانام دېگىنىگە قوي-ماي، ئاق قوللىرى ئارقىسىغا چەمبەرچەس باغلىنىپ، بويىنىغا قىل ئارقان سېلىنىپ، تاغ-تاش دېمەي، يامغۇر-يېشىن دېمەي، ئىتنىڭ كۈچۈكىنى سۆرىگەندەك سۆرەپ ئېلىپ كېتىپتۇ. . .

پەلەك ئۆرگىلىپ-چۆرگىلىپتۇ، قازاننىڭ قىلمىغان-ئەتمى-گىنى قالماپتۇ. ياۋنىڭ سول قانىتىنى كېسىپ ئوڭىغا ئۆتۈپ قارىسا، سوغاق شامالدىن باشقا ھېچنەرسە يوقتەك! ئەمدى ئۇلا-رنىڭ پېيىگە چۈشۈشنىڭ ئورنىغا ”ئوغلۇمنىڭ كۆزى يولدا، كۆڭلى گۇماندا قالمىسۇن!“ دەپ، ئالدىدىكى تاققا قاراپ يول ئاپتۇ. لېكىن بېرىپ قارىسا ئۇ يەردىمۇ ئىنس-جىن كۆرۈنمەپ-تۇ. بولغان ئىشنى ئۇقتۇرىدىغان تاغ-تاشنىڭ زۇۋانى يوق-تە. سالۇر قازان ئەھۋالنى چۈشىنىپتۇ-دە، دەرھال كەينىگە بۇرۇ-لۇپ يېنىدىكىلەرگە:

— ھەي، يىگىتلەر، بىزنىڭ پالۋانلار نېمە بولغاندۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇلارمۇ زۇۋان سۈرەلمەپتۇ. ئىچىدىن بىر تەلۋە چىقىپ:

— ھەي شاھىم، — دەپتۇ، — ياشلىرى نىمەسى باشلىرى نى-مەسى، بىلەكلىك، تىلەكلىك قىرىقلىسى، لېكىن بىر بىرى-دىن ئۆتكەن توشقان يۈرەكلىك ھەممىسى. چىداپ تۇرامدۇ، قانغا، يېغىغا، ئۇلارنى سورىسلا ئانىلىرىنىڭ قۇچىقىدا. . .

بۇ سۆز سالۇر قازانغا شۇنداق قاتتىق تېگىپتۇكى، ئالىمال-لا، ئۇ تاغ يېرىلغۇدەك گۇركىرەپتۇ:
—نېمە دەيسەن تەلۋە ئوزان، نېمە دەيسەن! بۇ مەيداندا نېمىگە ياش-باشنىڭ گېپىنى قىلىپ يۈرسەن! مەرد چىدار، نامەرد قاچار... پېشانەمگە قارا سۈرتۈپ ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ياتقان ئوغۇلنى ئوغۇل ئەمەس، قۇلمۇ دېمەيمەن... ئىلان چىش-لىق شۇ خەنجىرىم بىلەن پارە-پارە قىلىپ، ھەر پارچىسىنى بىر يولنىڭ ئازغىنغا تاشلاپ، ئۆتكەن-كەچكەنگە سازايى، كۆپكە ئىب-رەت قىلىمەن!
شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئاتلىرىنىڭ بېشىنى يۇرت-يايلاقلىرىغا بۇراپ، يولغا راۋان بولۇشۇپتۇ.
ئورۇزنىڭ ئانىسى بۇرلا خېنىمنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى يوق ئىكەن. ”بۇ ئوۋ ئوغلۇمنىڭ تۇنجى ئوۋى... خۇدا بۇندىن كېيىن يەنە مۇشۇنداق ئوۋلارغا چىققىلى نېسىپ قىلسۇن“ دەپ ئوغۇز بەگلىرىگە كاتتا توي بەرمەكچى بولۇپتۇ ۋە ئاتتىن ئايغىر، تۆگىدىن بۇغرا، قويدىن قوشقارلار سويدۇرۇپ يەتتە كېچە-كۈن-دۈز تەييارلىق قىلىپ ھەممە ئىشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، قاما جۇۋىسىنى كىيىپ قازاننىڭ يولىغا قاراپتۇ.
قاش قارايغان چاغدا ئۇلار يېتىپ كەپتۇ. لېكىن كەلگەنلەر كۈتۈپ تۇرغانلارغا قاراپمۇ قويماپتۇ. گويا ئېغىزلىرىنى چاپلاپ قويغاندەك، ھېچبىرىدىن نە سالام، نە كالام چىقماپتۇ.
ئۇزۇن بويلۇق بۇرلا خېنىم بۇ ھالنى ھېچ چۈشىنەلمەپتۇ. لېكىن ئوغلى كۆزىگە چېلىقمىغانچە كۆڭلىگە بىر قورقۇنچ كى-

ـرىپتۇ. قارا كۆزلىرى قان-ياشقا تولۇپ دەردىنى تۆكۈپتۇ:

كەلسىلە، ھەي سالۇر قازان كەلسىلە،
كەلسىلە، ھەي كۆتۈرۈپ تۇما كەلسىلە.
كەلسىلە، بېشىم بەختى!
كەلسىلە، كۆڭلۈم تەختى!
ئىككى كېتىپ بىر كەلدىلە،
بىر يېنىپ بىر ئۆچتىلە،
قېنى ئوغلۇم، ئورۇزۇم قېنى؟
يولدا قالدىمۇ، تاشتا ياتتىمۇ؟
غۇنچە پورىكىم ئاق قوزام قېنى؟
بۆرە يېدىمۇ، قاغا قوزغۇنمۇ؟
قىيالاردىن ئۇچقان بولسا،
جوتۇ بولۇپ قازايمۇ؟
قانلىق سۇدا كەتكەن بولسا،
دەريا بولۇپ ئاقايمۇ؟
يات ئەل قولىغا چۈشكەن بولسا،
ئاتەش بولۇپ يانايمۇ؟
بىر خەۋەر بەرسىلە نە بولغاي،
جېنىم سىلىگە قۇربان بولغاي!

بۇرلا خېنىم يەتتە قېتىم يالۋۇرۇپتۇ، لېكىن يەتتىلىسىدە تاشتىن زۇۋان چىقىپتۇكى، سالۇر قازاندىن زۇۋان چىقماپتۇ. ئۇنىڭ يۈرىكىگە بىر ئوت چۈشۈپ، ”ئوغلۇم، ئوغلۇم!“ دەپ زارلاپ كېتىپتۇ:

كەتكەنلەر يېنىپ كەلدى،
كېتىپ كەلمىگەن ئوغلۇم!
ئۈمىدلىرىم ئۆچتى كەتتى،
باغرىمدا ئۆچمىگەن ئوغلۇم!
نە لاچىن بار، نە قۇش بار،
ئەلبەت بۇنداق بىر ئىش بار...
كۆزۈمنىڭ چىرىغى سەن،
سەنسىز دۇنيا زىندان ئوغلۇم،
شۇ كۆڭلۈمنىڭ گۈلى سەن،
سەنسىز باغلار ۋەيران ئوغلۇم.
ۋاي نەدىسەن نەدە يەي،
بۇ دەردلەرگە نېمە دەي!

دەپ باش-كۆزىنى ئوتىغان هالدا سالۇر قازانغا سوئال نەزەرىدە قاراپتىكەن، قازان ئەس-هوشىنى يوقىتىپتۇ. ئەمدى قايسى دەردلىرىگە ئېچىنسۇن ئۇ. ئوغلىنىڭ ئۆۋالىغا قالغىنىغىمۇ، ئىزدەپ تاپالماي قايتقىنىغىمۇ ياكى خانىشىنىڭ ئاھ-زار بىلەن قىلغان تاپا-تەنىلىرىگىمۇ؟

ئۇ دەرهال بېرىپ خان قىزىنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ:

—هەي، پېشانەمگە پۈتۈلگەن، يۈرىكىمگە پۈكۈلگەن، —دەپتۇ، —نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئۇپرىتىسەن ئۆزەڭنى! ئوغلۇڭ بىر هادىسىگە يولۇقسا، سورايتتىمۇ سەندىن ئۇنى؟ مەن ئۇلارنى قايتتى دېسەم، هالبۇكى ئۇلار قايتماپتۇ، كىم بىلسۇن، تاغ-دىن-تاققا قايسى جەرەننىڭ پېيىدا يۈرگەندۇ... ماڭا يەنە يەتتە

كۆن سۈرۈك بەر. . . يەردە بولسا چىقىراي، ئاسماندا بولسا چۈشۈرەي، ھېچيەردە بولمىسا، دۇنيانى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتەي. تاپسام تاپتىم، تاپالمىسام تەقدىردىن كۆرەي. . . قانداق قىلىمىز، خۇدا بەردى، خۇدا ئاپتۇ، ئەلھۆكمىلىللا دەي ۋە ساڭا ئوخشاش قارىلىق تۇتاي. لېكىن تەڭرى ئۇ كۈنلەرنى كۆرسەتمىگەي!

بۇنى ئاڭلىغان بۇرلا خېنىم سالۇر قازانغا قاراپ:

—ئاھ، خان ئاتامنىڭ كۈيئوغلى، —دەپتۇ، —ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا بۇ ئاھۇ-زارىمنى، يەتتە يىلدا بىر تاپتىم ئۇنى. . . خۇدا بىلىدۇ. شۇنچىلىك قىلغىچە نېمىلەر كۆرگىنىمنى. ئۇ مېنىڭ تىلىمغا قونغان بۇلبۇل ئىدى، كېچە-كۈندۈز سايراپ تۇراتتى، خۇش ئاۋازىدىن كۆڭلۈم شاد ئىدى. . . نەئەيلەيكى، تىلىم سۇندى، قۇشۇم ئۇچتى، كەلمىدى. ئامالىم يوق، يېمەسكە ئۆز گۆشۈمنى! يەتتە كۈن سۈرۈك بېرەي، ئاڭلىسىلا، تەرلىرىنى قۇرۇتماي، شۇ تاپتىلا يولغا چىقسىلا، ئوغلۇمنىڭ ئۇۋدا ئىكەنلىكىگە ئىشىنەي، كاۋاپ بولغان يۈرىكىمگە بىر سۇ سېپەي!

ئەمدى باغلاپ قويسىمۇ تۇرسۇنمۇ. قازان! ئۇ ”ياﺋاللا!“ دەپ ئېتىغا مىنىپتۇ ۋە كەلگەن يولىغا قاراپ كېتىپتۇ. لېكىن خانىشقا ئۇقتۇرماي توقسان تۈمەن ياش ئوغۇزنى كەينىگە سېلىپ، جىلغىلاردىن سەلدەك، تۆپىلەردىن يەلدەك ئۆتۈپ، كۆزلىگەن يەرگە بېرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، قىرىق يىگىتنىڭ قىرىقلىسى قىپقىزىل قان ئىچىدە قىزىل گۈلدەك ياتارمىش، ھەممىسىنىڭ كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرارمىش. ياش مۇرادىغا يەت-

كەن بۇ جەننەت قۇشلىرىنى كۆرۈپ كىمنىڭمۇ زوقى كەلمىس-مۇن، ئۇلارنى كۆرگەندە كىمنىڭمۇ ئىچى سىرىلمىسۇن!
سالۇر قازان قىرىق تاياق يېگەندەك، ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ ئاتتىن يەرگە يىقىلىپتۇ. . . بىر ھازادىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ، ھەممىسىنىڭ پېشانىسىگە بىر-بىرلەپ سۆيۈپ چىقىپتۇ. لېكىن ئوغلى بۇلارنىڭ ئىچىدە يوقمىش! ئىزلىمىگەن يەر قالماپتۇ، ئاخىر ئورۇزنىڭ ئالتۇن قامچىسىنى تېپىپتۇ. . .
”شۇ ئوي كەلگەن ئىدى مېنىڭ كۆڭلۈمگىمۇ، دېمەك، ھەقتىن كەلگەن سادا ئىكەن بۇ! ئىش پۈتۈپتۇ، ئورۇزۇم، ئاق قوزام كۇپپارلارنىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ. ئەسىر چۈشكىچە شېھىت بولسىچۇ، كىم بىلسۇن نېمە ئازابلار چېكىۋاتقاندۇ؟“ دەپ، كۇپپارلار تېغىغا قاراپ ئېتىنى قامچىلاپتۇ.
راست، خۇدا دۈشمەنگە ئامانلىق بەرمىسۇن! ئورۇزنىڭ بوينى باغلانغان ئەمەسمىدى. نە ئاھىغا، نە ۋايىغا باقسۇنمۇ. . . سۆرە-سۆرە ئۇنى ”قانلىق دەرۋازا“ دېگەن بىر يەرگە ئاپىرىپتۇ ۋە بىر كېپەنگە ئوراپ، كىرگەن-چىققان دەسسەپ ئۆتسۇن، ھەر نەپەستە بىر جېنى چىقسۇن، ئۇستىخانلىرى ئېزىلىپ كۇكۇم-تالقان بولۇپ ئۆلسۇن، دەپ بىر ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىغا ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ.
لېكىن، ياراتقان ئاللا نېمىگە قادىر بولمىسۇن! بىر تۆتۈرۈلۈپ چاڭ-تۇمانلار كۆتۈرۈلۈپ، سالۇر قازان خان قازان كۆرۈنمەسمۇ! دىنى سۇس كۇپپارلار نە قىلارىنى بىلمەي قاپتۇ. بىرى يوشۇرۇنىدىغان جاي ئىزلىسە، بىرى ئېتىنىڭ ئېگەر-تو-

قومنى ئىزدەپتۇ؛ بىرى قىلىچىنى بېلىگە تاقىسا، بىرى نەيزد-سىنى قولىغا ئاپتۇ. ئەلھاسىل، بىر ئۆرە-تۆپىچىلىك بولۇپ كېتىپتۇ...

ئۆلۈمگە ھازىر بولغانلار ئايسۇنمۇ ئۆزىنى نەيزە-مىزراك-تىن! ئورۇز ياتقان يېرىدە زۇۋانغا كەپتۇ:

—ھەي كۆپپار، بۇ نېمە دە-تالاش؟ شۇئان جېنى تۇمشۇقىغا كەلگەن بىرى:

—نېمە بولماقچىدى، بۆرىنىڭ ئوغلى بۆرە. ئاتاڭ كەپتۇ، نوچى بولساڭ بۇ ياققا چىق..."ئاقىدىغان قان تومۇردا تۇر-ماس" ئاتاڭ ئۆلۈمگە تەشنا بولۇپتۇ،—دەپ ئۇنى قانداق جايلاي-دىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئورۇزنىڭ يەتمىش ئىككى مىڭ تومۇرى زىڭىلداپ كېتىپتۇ. ئۇ چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ:

—زامىن بولساڭ بول، ئۇ قالسۇن ئامان. ئوغۇزلارنىڭ باتۇر يىگىتى ئۇ، يايلىقىمىزنىڭ زىلۋا سۆگىتى! ھېرىپ-ئاچقان-غا ئارام بېرەر ئۇنىڭ سايىسى! كۆزلىرىڭگە قان تولسا، نەيزە ئېلىپ ئېتىل ئاڭا، تۇزاق قۇرما يولىغا، پۇتلىشار بىر كۈنلەر ئۆز ئايىغىڭغا!—دېگەندە، كۆپپارلار بىر بىرىگە قارىشىپ قاپتۇ ۋە يورۇق دۇنيادا ئاتىسىنى كۆرۈۋالسۇن، بېشىغا كەلگەن دەرد-لەرنى تۆكۈۋالسۇن، دەپ ئورۇزنىڭ كۆزىنى ئېچىۋېتىپتۇ.

ئورۇز تېنەپ-تەمتىرەپ زەنجىرلىرىنى سۆرەپ بېرىپ ئاتى-سىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپتۇ:

—ئامان ئاتا، خان ئاتا، ئەجەل چاقىرىپ كەلدىمۇ سىزنى، نېمىشقىمۇ كەلگەنسىز، قولتۇققا قىسىپ بېشىڭىزنى؟ دۈشمەن

بىر ئەمەس، مىڭ بىر ئەمەس. . . نە قول تەڭ كەلسۇن ئاڭا، نە قانات. . . نە قالقان چىدىسۇن ئاڭا، نە بۇ جەرەن ئات. . . ئۇنىڭدىن ئۇستۇن توزىقىڭىز يوق، ھىيلىڭىز يوق، ئوق تەگسە ماتەم تۇتىدىغان تېغىڭىز يوق. بولغۇلۇق ماڭا بولدى، سىزگە بولمىسۇن! ھەممىنى بەرگەن ئاللا يەنە بىر ئوغۇل بەرسۇن! ئانام يىغلاپ ئايرىلسا كۆزدىن، قانداق چىقسىز ھەق ئالدىغا يۈزىڭىز ئېچىپ، ئۆيگە قايتىڭ خۇدا ھەققىدە مەندىن ۋاز كېچىپ! ئۆيىمىزنىڭ چىرىغى ئۆچمىسۇن، ئوچىقىمىزنىڭ كۈلى كۆچمىسۇن. ئېيىمىز، كۈنىمىز توشمىسۇن، ئاللادىن ئۈمىد ئۈزۈلمىسۇن. ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار، قۇتۇلارمەن رىسقىم بولسا بىر كۈنى ئەلۋەتتە. بىر ئاي، ئىككى ئاي دېمەي كۈتۈڭلار، يېنىپ بارمىسام قايتا كۆرۈشەرمىز مەھشەردە! ئوغلۇم! ئوغلۇم دەپ يىغلاپ ئۇ چاغدا، كۆك تون كىيىپ قارا باغلاپ. . . قىرىق كېچە-كۈندۈز قارىلىق تۇتۇپ، نەزىر-نىياز قىلىپ بوز ئايغىر ئېتىمنى سويۇپ! دېيىشكە تىلىم بارمايدۇ ئەسلا، مەشۇغۇمنى تەلمۈرسۇن ئۇ چاغدا ماڭا، جور بولسۇن كۆڭلى كىمنى خالىسا، ئۇ يەتسۇن يېتەلمىگەن مۇرادىمغا! — دەپتۇ. لېكىن بۇ سۆزلەر ئاتىسىنىڭ يۈرىكىگە ئوق بولۇپ تېگىپتۇ. ئۇ ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

شۇ كۈپپار قولىغا چۈشۈپسەن ئەمدى،
ئوغلۇم، قارا باغرىم بولدى تۆمۈر-تاش.
ئاناڭنى سورىساڭ بولدى سەۋدايى،
مەشۇغۇڭنىڭمۇ قارا كۆزى ياش.

يىغلاپ-قاقشاپ سورىسا ئاناڭ،
قوللىرى كەينىدىن باغلانغان دەيمۇ؟
ئالدىمغا چىقىپ سورىسا يارانلار،
بوينىغا قىل ئارقان سېلىنغان دەيمۇ؟

بېرىپ بۇلارنى ئېيتايمۇ دېسەم،
دەريالار يىغلاپ سەل ئالار مېنى.
سېنى شۇ هالدا گەر تاشلاپ كەتسەم،
قارا يۈز بولۇپ ئەل قاغار مېنى.

ئاشۇ تاغلارنىڭ بېشى ئاقارسا.
گۈللەر ئېچىلىپ بۇلبۇل سايرارمۇ؟
بورانلار چىقىپ يامغۇرلار ياغسا،
چىراغلار يېنىپ ئوت لاۋۇلدارمۇ؟

قەلئەم سەن ئوغلۇم هەم يۆلەنچۈكۈم،
نە قانات ئىزدەيمۇ، ئەمدى نە بىر قول.
سەن بىلەن باشلانغان، سەن بىلەن پۈتسۈن،
هاياتىم، بار-يوقۇم سەن بىر ئوغۇل.

دېگەندىن كېيىن ئورۇزنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ:

— ئەهد قىلدىم، قەسەم قىلدىم، يا سېنى كۈپپار قولىدىن قۇتقۇزىمەن، يا شۇ يەردە جان ئۈزىمەن. ئالدىمنى توسما ئوغ-

لۇم!—دەپتۇ. ئىقىن سۇدا تەرەت ئېلىپ، ئاق پېشانىسىنى يەرگە قويۇپتۇ ۋە قوللىرىنى ئاللاغا ئېچىپ، ئىسمى چىرايلىق مۇھەممەت ھەققىدە دۇئا قىلىپتۇ. . . ئاندىن ئېتىغا مىنىپ، كۆپپارغا قاراپ يولۋاستەك ئېتىلىپتۇ، چاقماقتەك چېقىلىپتۇ. ئېتىپتۇ چېپىپتۇ، يىقىتىپتۇ، قىرىپتۇ، لېكىن بىسمىللاسىغا قانداقتۇ بىر قىلىچ كۆز-قاپىقىنى سۇرۇپ ئۆتۈپ، باش-كۆزى قانغا مىلىنىپتۇ. . . ”قۇل تارقىمىسا خىزىر كەلمەس“ دېگەندەك، قاياقتىندۇر، بۇرلار خېنىم زىلۋا بويلۇق قىرىق كېنىزەك بىلەن يېتىپ كەپتۇ.

—يارىلىنىپلا خان قازان، تارتسىلا ئۆزلىرىنى. ماڭىلا تاشلاپ كۆپپارنى، تېڭىۋالسىلا كۆزلىرىنى. ئۆزەم بېرەي راسا ئۇنىڭ ئەدىپىنى!—دەپ قىرىق كېنىزەكنى يېنىغا ئېلىپ، ياۋ بىلەن قىلىچۋازلىققا چۈشۈپتۇ. بىر ئۇرۇشتا قارا تۇغاننىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپتۇ، ئەمدى قىلىچنىڭ ئالدىغا كىم كېلەلىسۇن! باش كەلسە باشنى، تاش كەلسە تاشنى چېپىپتۇ. دەرۋەقە ئوغۇز بەگلىرى بىر-بىرلەپ ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ. ئالدى بىلەن قارا تاشنى تالقان قىلغان قارا گۇنە كەپتۇ:

—چاپ قىلىچىڭنى ئاكام قازان، مەن كەلدىم!—دەپ قىلىچىنى قىنىدىن چىقىرىپتۇ. . . كەينىدىن ئۆزىنىڭ نېمە بولۇشىغا قارىمايدىغان تەلۋە دۇندار كەپتۇ:

—چاپ قىلىچىڭنى ئاكام قازان، مەن كەلدىم!—دەپ قىلىچىنى قىنىدىن چىقىرىپتۇ. . . ئۇنىڭ كەينىدىن تۆمۈر بىلەكلىك، پولات يۈرەكلىك بامسى بەيرەك كەپتۇ:

—چاپ قىلىچىگىنى ئاكام قازان، مەن كەلدىم!—دەپ قىلىچىنى قىنىدىن چىقىرىپتۇ. . .

يەنە كىملەر كەپتۇ دېمەمسىز! تۆپىدىن-بەلدىن، يايلاقتىن-ئەلدىن، بارى-يوقى توي-بايرامدەك ئېقىپتۇ. . . قۇش قانىتى قەلەم بولسا، ئاسمان-زېمىنغا يېزىپ تۈگەتكۈسىز داستان بولغۇدەك بىر يىغا بولۇپتۇ. قىلىچلارنىڭ بىر بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن چىققان سادادىن بۇلۇتلار پارچىلىنىپتۇ، چاقماقلار بىر بىرىگە تۇتۇشۇپتۇ، تاغلار كۆيۈپ كۈل بولۇپتۇ، ئەلھاسىل "قانلىق دەرۋازا" بىر قانلىق جەھەننەمگە ئايلىنىپتۇ. . . بۇ جەھەننەمدە قايسى كۇپپارنىڭ بېشى ئامان قالسۇن! تەكۇر ئامان قالدىمىكىن دېسە، ئۇنىڭ بېشىمۇ سالۇر قازاننىڭ قىلىچىدىن قېچىپ قۇتۇلماپتۇ. . . ياۋنىڭ قول-قانىتى قىرىلىپ، بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپ ئىمانغا كەلگەندىلا قىلىچلار قىنىغا كىرىپ ئاسمان-زېمىن ئىزىغا چۈشۈپتۇ. . .

مانا شۇ چاغدىلا بۇرلا خېنىم ئۈزەڭگىسىز ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئوغلىنىڭ ئاياقلىرىدىكى كىشەنلەرنى چېقىپ ئوغلىنى باغرىغا بېسىپتۇ. . . سالۇر قازانمۇ كېلىپ ئورۇزنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپتۇ:

—ھەي ئوغلۇم،—دەپتۇ،—ئاۋۇلى خۇدا، ئوغۇزلارنىڭ ھىيلىسى كۇپپارلارنى يەڭدى. ئەمدى نېمە كۆردۈم، نېمە ئۆگەندىڭ دېمە، پەلەكنىڭ شۇنداق بىر چارقىدىن ئۆتتۇڭكى، ئەمدى بۇنداق تۇزاققا چۈشمەسسەن! تەڭرى سېنى بىزگە يېڭىۋاشتىن بەردى. مەنمۇ يېرىمنى، يۇرتۇمنى ساڭا ئاتىدىم. باتۇرلۇقتا

يېنىڭ يەرگە تەگمىسۇن، دۇنيا ۋە ئاخىرەت يۈزۈڭ ئاق بولسۇن ئوغلۇم! . . .

لەشكەرلەر ئاسمان-زېمىننى تىترىتىپ قارلىق تاغ باغرىغا كېلىپ قونۇپتۇ، يەتتە كېچە-كۈندۈز توي-مەرىكە قىلىپتۇ. قازان خان ئۇ كۈننىڭ خاتىرە ھۆرمىتىگە قۇل-دېدەكلەرنى ئازاد قىلىپتۇ. كىم نېمە تەلەپ قىلسا نائۇمىد قىلماپتۇ. ئاتتىن ئات، تۆگىدىن تۆگە بېرىپتۇ. تاغ تەلەپ قىلغانلارغا تاغ، دەريا تەلەپ قىلغانلارغا دەريانىمۇ ئايىماپتۇ. ئۇلارنى خوش قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭمۇ كۆكسى-قارنى ئېچىلىپتۇ. ئوچۇق يۈز، تاتلىق سۆز بىلەن كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، دەۋرانلىرىنى سۈرۈپتۇ. . .

دەدە قورقۇتمۇ كېلىپ، يەنە بىر ئوغۇزنامە تۈزۈپ مۇنداق دەپتۇ:

—قېنى ئەمدى ئۇ ئەۋلىيالار، دۇنيا مېنىڭ دېگەنلەر. كېلىپ-كېتىدىغان دۇنيا، ئاقىۋەتى ئۆلۈملۈك دۇنيا كىمگە قالدى؟ كىمگە قالسۇنكى، ئۇلارغا قالسۇن!—دەپ خانلار خانىغا بەش كەلىمە دۇئا قىلىپتۇ:

”ھەي خانىم، ئالدىڭدىكى قارا تېغىڭ يىقىلمىسۇن. . . بۈك-باراقسان ئورمانلىرىڭ كېسىلمىسۇن. . . قاندەك ئاققان دەريالىرىڭ قۇرۇمىسۇن. . . ئاللا نامەردكە موھتاج قىلىپ، ئۇنىڭغا ئالقان ئاچقۇزمىسۇن، ھەممەيلەننىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت ئەيلەپ، دۇئايىمىزنى ئىسمى گۈزەل مۇھەممەتنىڭ ھۆرمىتىگە ئاتا قىلسۇن. ئامىن دەيلى، ئامىن دېگەنلەرنى ئاللا ئاخىرقى نەپەستە ئىماندىن ئايرىمىسۇن. . .“

# قانتۇر ئەلى

بۇرۇنقى زاماندا، ئوغۇزلارنىڭ يۇرتىدا، قانلىق خوجا دېگەن پاشانغان، نامى چىققان ئاللانىڭ بىر قۇلى ئۆتكەن ئىكەن. بۇ كىشىنىڭ دۇنيادا بار-يوقى قانتۇر ئەلى دېگەن بىرلا ئوغلى بار ئىكەن. ئاللا نەزەردىن ساقلىسۇن، ئۇ تىغدەك بىر يىگىت ئىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى قانلىق خوجا، بىر زامانلاردا ئوۋ ئوۋلىغان، قۇش قۇشلىغان دوست-يارەنلىرى بىلەن يارەنلىشىپ ئولتۇرۇشقاندا قانتۇر ئەلىمۇ ئۇلارنىڭ يېنىدا قول قوشتۇرۇپ، سۇ دېگەنگە سۇ، ئوت دېگەنگە ئوت يەتكۈزۈپ بېرىپتۇ. دادىسىغىمۇ بىر كاسە سۇ بېرىپتىكەن، ئۇ سۇنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن:

— ئىلاھىم، قولۇڭغا دەرد بەرمىسۇن، ئوغلۇم. سۆيۈكنى ھەر يۇتقىنىمدا يۈرىكىم بىر قات ياغ باغلىدى. بىراق پايدىسىز! بىر ئايىغىم ئۇ دۇنيادا؛ خاھ كەلدىم، خاھ كېتىمەن. ئەگەر سېنىڭ بېشىڭنى ئوڭلىماي كەتسەم، ئىككى كۆزۈم ئارقامدا قالىدۇ. سەن ”ھە!“ دېگەن-دە، مەنمۇ قولۇمدىن كېلىشىچە، چامىم يېتىشىچە ھالال سۈت ئەمگەن بىرسى بىلەن بېشىڭنى

باغلاپ، بەختى-پېشانەڭدىكىنى كۆرەي. . . —دېگەن ئىكەن، يۇ-زى نىقابلىق بۇ يىگىت ئىزا تارتقىنىدىن شۇنداق بىر قىزىرىپتۇ-كى، بېشىدىن بىر چېلەك قايناقسۇنى قۇيۇۋەتكەندەك بولۇپ، يەرگە كىرەي دېسە يەر قاتتىق، ئاسمانغا چىقاي دېسە ئاسمان يىراق كەپتۇ. لېكىن، دادىسى بىر ياندىن، دادىسىنىڭ يېنىدى-كىلەر بىر ياندىن تەسەللى بېرىشىپتىكەن، بېشىنى كۆتۈرۈپ:

—ھەي خوجا ئاتا، ساقاللىرى ئاق ئاتا، تىلىڭىز قانداق باردى، ئۆلۈمنى ئاغزىڭىزغا ئېلىشقا. ئاللا ئۆمرىمىزدىن ئېلىپ ئۆمرىڭىزگە قوشسۇن، بۇ قايغۇلۇق كۈنلەرنى ھارام قىلسۇن. كۈنىمىزنىمۇ كۆرگەيسىز، تويىمىزنىمۇ، نەۋرىلىرىڭىزنىمۇ كۆرگەيسىز، چەۋرىلىرىڭىزمۇ. . . ئىنشائاللا. ھالبۇكى، كۆڭ-لۈم ئۇنداق قونۇپ يۈرمەس، شاختىن-شاخقا! مەن بىلەن بىر ياستۇققا باش قويىدىغان قىز ئويغىنىشى كېرەك، مەن ئويغاد-ماستا؛ ئاتلىنىشى كېرەك، مەن ئاتلانماستا؛ ئېتىلىشى كې-رەك، مەن ياۋغا ئېتىلماستا. قارىمايمەن ئۇپا-ئەڭلىك، ئون بارمىقى خېنىلىق قىزلارغا! —دەپ كېسىپ جاۋاب قايتۇرۇپتۇ. قانلىق خوجا ئوغلىنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ:

—ياشا ئوغلۇم، سەن كۆڭۈل خوشلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سايىسىدا سايدىغىدەك بىر باتۇر خوتۇن ئىزدەيدىكەن-سەن-دە. بۇنداق خوتۇننىڭ قاندىقى كېرەك؟ —دەپ سوراپتۇ.

—نە ئەيلەيكى ئاتا؟ قېشى قەلەم قارىسى، كۆزى بادام غورىسىدەك قىزلارنى ئالسام بولاتتىمۇ؟ بۇنداقلار قاشلىرىنى يا قىلىپ، كىرپىك ئوقى ئېتىشتىن باشقا نېمىنى بىلىدۇ-دەيسىز؟

راستىنى ئېيتسام، ئۇلارنىڭ سازىنى-سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كۆ-
رە، بىر تاشنى ياستۇق قىلىمەنكى، ئۇنداقلار بىلەن بىر ياستۇق-
قا باش قويمايمەن. . . ئەڭ ياخشىسى، ماڭا شۇنداق بىر ئەر
خوتۇن بولغۇدەك قىز تېپىڭكى، كۆڭلۈمگە جور، يولۇمغا يول-
داش بولسۇن؛ ئۆل دېگەن يەردە ئۆلسۇن، تۇر دېگەن يەردە
تۇرسۇن!—دەپ كەسكىن ئېيتىپتۇ.

قانلىق خوجا، ئوغلىنىڭ ئورنىدىن تۇرغىنىنى كۆرۈپ،
ئاقساقاللارنىڭ يۈزىگە قاراپتۇ. ئۇلارمۇ قانتۇر ئەلىنىڭ كېيىن-
كى سۆزىگە دىققەت قىلغان ئىكەن:

—ھەي قانلىق خوجا ئوغلى،—دەپتۇ ئۇلاردىن بىرى،—
ئالىدىغان قىزىڭ ئېرىم-نومۇسۇم دېسۇن؛ ئۆيىنى-ئوچىقىنى بىل-
سۇن-دە، قانداق بولسۇن دېسەڭ شۇنداق بولسۇن. گۈل سې-
نىڭ، كوكۇل سېنىڭ. ئەلدە قىز يوق ئەمەس، بۈگۈندىن
قىزىڭى يوق، تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق. بار، ئىزدە، ياقتۇرغى-
نىڭنى ئال، باشقىسىغا قارىما. ئاتاڭمۇ زېمىنىسىگە چۈشكەننى
قىلار. بىزمۇ قولىمىزدىن كەلگەننى ئايىمايمىز،—دەپ ئىشنى
ئوڭىغا بۇراپتۇ. قانتۇر ئەلىنىڭ چىرايى تەبەسسۇملىنىپتۇ.
سورۇندىكىلەرنىڭ قولىنى سۆيۈپ، يولغا چىقىپتۇ. . .

ئۇ سەھەر، بۇ ئاخشام. . . يايلاقنىڭ قارلىقى، ئوينىڭ
تاشلىقى دېمەي ئارىلاپ چىقىپتۇ. قىزلارنىڭ قەلەم قاشلىقى،
سۇمبۇل چاچلىقى قالماپتۇ. قونۇپتۇ، مۇڭدىشىپتۇ، ھەقىقەتەن
ئۇلارنىڭ گۈزەللىكلىرىدىن بىر قۇسۇر تاپالماپتۇ. بىرىنىڭ
سۆدەك ئېقىشى بولسا، بىرىنىڭ كۈندەك يېقىشى بار ئىكەن.

لېكىن ھېچقايسىسىنىڭ ئات مىنىشى، ئوق ئېتىشى كۆڭلىگە ياقماي، قانداق بارغان بولسا، شۇنداق قايتىپ كەپتۇ.

—ئىزدىگىنىڭنى تاپتىڭمۇ ئوغلۇم!—دەپ سوراپتۇ، ئاتىسى.

قانتۇر ئەلى ئۇلۇق كىچىك تىنىپ:

—قۇرۇسۇن بۇ يۇرت، ئاتا. دىتىمغا ياقىدەك بىر قىز تاپالمىدىم.—دەپ ھەسرەت قىلغىنىدا، قانلىق خوجا بېشىنى لىڭشىتىپ:

—ھەي ئوغلۇم، ئوي بىر غېرىچ، يايلاق بىر غۇلاچ. بۇنداق ئالقانچىلىك يەردىن سىرتقا چىقماي تۇرۇپ ئىزدىگىنىڭ تېپىلامدۇ... سەن مال-ۋارانلىرىمىزغا كۆز-قۇلاق بولۇپ تۇر، مەن بىر ئارىلاپ چىقاي. خېلى بولۇپتۇ، نە ئوۋ ئوۋلىماپتىمەن، نە قۇش قۇشلىماپتىمەن... قوينىڭ-قوزىنىڭ يېنىدا ياتا-ياتا يانلىرىم يېغىر بولدى. يول يۈرسەم ئاياغلىرىمغا قان يۈگۈرەر. پېشانەڭگە يېزىلغان بولسا، سەن ئىزدىگەن ئۇ ”كېيىك“ تاغدا-بەلدە ئالدىمىزغا چىقار،—دەپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، كۈنلەردىن بىر كۈنى قانلىق خوجا ئېتىغا مىنىپتۇ. ئاق ساقاللىق يارەنلىرىنى يېنىغا ئېلىپ يولغا چىقىپ-تۇ... مېڭىپتۇ-مېڭىپتۇ، دەريا-توپىلەردىن ئۆتۈپتۇ، ئالتە ئاي بىلەن بىر كۈز ئۆتۈپتۇ. ئىچ ئوغۇزنى ئارىلاپتۇ، سىرت ئوغۇز-نى ئارىلاپتۇ، تاپالماپتۇ. مانا-ئەنە دەپ ترابزونغا بېرىپ چۈشۈپتۇ!

ھالبۇكى، ترانزون بېگى تەكۈرنىڭ سەلجان بانۇ ئىسىملىك

تىللاردا داستان بىر قىزى بار ئىكەن. گۈزەللىكتە ھېچكىم ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتمەسمىش. ئايغا تەڭلەشتۈرسە كۈن بولۇپ تۇغارمىش. باتۇر دېسە باتۇرمىش. ئوڭغا، سولىغا جوپ يا ئاتارمىش. ئاتقان ئوقى زايە كەتمەسمىش... ئېھخ، كىمنىڭمۇ كۆڭلى چۈشمىسۇن! ئۇنىڭغا كۆز تىككەنلەر كۆك يۈزىدىكى يۇلتۇزلاردىنمۇ كۆپمىش. كىشىلەر ئوڭ كۆزلىرىدىن سول كۆزلىرىگە بەرگۈسى كەلمىگەندەك گۈزەل بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنى ئالىمەن دېگەن يىگىتكە تەكۈرنىڭمۇ كۈرۈلمىگەن بىر شەر-تى بارمىش: ئۇ قىزلىرىنىڭ يېنىغا ئۈچ يىرتقۇچ ھايۋان قويغان-مىش. كىم بۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، قانلىرىنى ئېقىتالىسا، بۇ قىز-نى ئۇنىڭغا بېرەرمىش. بۇ يىرتقۇچلارنىڭ بىرى سېرىق بۇقا، بىرى قارا بۇغرا، يەنە بىرى بوز ئارسلانمىش!

قانلىق خوجا ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپتۇ. يارەنلىرىمۇ ئاتلى-رىنى قامچىلاپ يۇرت-يايلاقلىرىغا يېتىپ كەپتۇ.

قانتۇر ئەلى ئەل-ئالەمنىڭ ئالدىدا بىر ئېغىز سۆز ئاچماپ-تۇ. كۆپچىلىك تارقىشىپ، ئاتا-بالا ئىككىيلەن قالغاندا:

—سادىغاڭ كېتەي ئاتا، مەن دېگەندەك بىرىنى تاپالىدىڭىز-مۇ؟—دەپ سوراپتىكەن، ئاتىسى:

—ئىزدىگەن تاپماي قالمايدۇ، لېكىن ئوغلۇم، تېپىلغان-نىڭ ھەممىسى قولغا كېلەمدۇ، كەلمەمدۇ،—دەپ بىر ياپتا گەپ قىلىپتۇ. قانتۇر ئەلى بۇنىڭدىن بىر مەنە چىقىرالماي:

—ئاپئاق ئاتا، ئاقساقال ئاتا، تىلىڭىزنىڭ تېگىدىكىنى ئېيتىۋېرىڭ. ئاللانىڭ ئەمرىگە قىلىچ كۆتۈرۈپ چىقسا، قىلى-

چىمنى ئېلىپ ئالدىغا باراي؛ تويلىقىنى ئېغىر سالسا، ئاق تەڭگە ئۈستىگە بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن بېرەي. دىمىغى ئۈستۈن بولسا، تۆگە-تۆگە تاۋار-دۇردۇن ئېلىپ باراي!—دېگەندە:

—ئۇنداق ئەمەس، ئوغلۇم، ئالدىمىزغا نە قىلىچ بىلەن قالقان تۇتۇپ چىققىنى يوق... نە ئاق تەڭگە، نە ئالتۇن ئىزدىگىنى يوق... قۇلىقىڭنى دىڭ تۇت: بارغان يېرىمىز ترابزون، ئاڭلىغىنىمىز ترابزون بېگىنىڭ قىزى. لېكىن، يېقىن دېمە، يىراق، ئاسان دېمە، بىر مۇشكىلات. قۇش ئۇچماس تاغلىرى بار، كارۋان كەزمەس يوللىرى، يىلان ئۆتمەس ئورمانلىرى، قۇش بولۇپ ئۇچالمايسەن، كارۋان بولۇپ كېزەلمەيسەن، ئىلان بولۇپ ئۆتەلمەيسەن. ئۇ يەرلەرگە بارىمەن دېسەڭ، تاغدا، بەلدە قېلىشمۇ بار... بۇ بىر! ترابزونغا باردىڭ، خان ھۇزۇرىغا چۇشتۇڭ دەيلى، سەلجان بانۇ يۈزىنى ئېچىپ، سازىنى چېلىپ ئالدىڭغا چىقامدۇ! بۇ قىز قەپەزدىكى قۇش ئەمەس، قازاندىكى ئاش ئەمەس. ئۇيقۇدىكى چۇشتەك ئۇچ يىرتقۇچنىڭ بىرىنىڭ ئاغزىدا! ئۇ قىزنى بۆلارنىڭ ئاغزىدىن ئالالىساڭ ئالدىڭ، بۇ باشنى بۇ يولدا بەرمەكمۇ بار. بۇ ئىككى،—دەپتۇ ئاتىسى.

ئۆيۈمنىڭ تىرىكى ئوغلۇم، ئوغۇز ئېلىنىڭ پۈكۈلمەس بىلىكى ئوغلۇم! بىر قىز ئۇچۇن ئۆلمەك راۋامۇ؟ بۇ سەۋدادىن ۋاز كەچ ئوغلۇم، ساڭا تېپىلمىغان ئۆزگىگە يار بولسۇن!—دەپ ئېغىز جورتىپتۇ. ئۇ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي:

—ھەي مېنىڭ ساقاللىرى ئاق ئاتام، يولۇمنى توسىدىغان ئادەم، بۇنى ماڭا نېمىشقا ئۇقتۇرغان. ئاڭلاپ تۇرۇپ بارمىسام،

بۇ دىيار ماڭا زىندان، ئۆلۈمدۇر ماڭا ئۆز يېشىدىن قورققان! باغلاپ قويىسمۇ تۇرماسمەن راستىنى ئېيتسام، قوش ئۇچماس تاغلىرىدىن، شامال بولۇپ ئۆتەي ئاتا! كارۋان كەزمەس يوللىرىنى، سەل بولۇپ كېزەي ئاتا! ئىلان ئۆتمەس ئورمانلىرىنى ئاتەش بولۇپ ياقاي ئاتا! ئەۋۋال ئاللا، ئۈچ يىرتقۇچنىڭ ئۈچىلىسىنى يەرگە ئاتاي ئاتا، ئاتالمىسام قان بولۇپ ئاقاي ئاتا! ئەمدى ئۆلۈمدىن باشقىسى بىكار ماڭا! — دەپ ئاتىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئۇلارمۇ قانتۇر ئەلىنىڭ يىگىتلىك غورۇرىغا نۇقسان كەلتۈرگۈسى كەلمەپتۇ.

— بار ئوغلۇم! خۇرسەن بولۇپ بار، مەمنۇن بولۇپ يان. يىگىت يېنىڭ يەرگە تەگمىسۇن! — دەپ ئىككى كەلىمە دۇئا قىلىپ ئۇنىڭغا بەخت تىلەپتۇ...

قانتۇر ئەلى قىرىق يىگىتنى يېنىغا ئېلىپ، قىرىق كېچە-كۈندۈز جىلغىلاردىن سەلدەك، تۆپىلەردىن يەلدەك ئۆتۈپ چىگرادىكى پاسىل تاشقا يېتىپ بېرىپ، باغدىن، باغچىدىن كوگۈللۈك بىر يېشىللىققا بېرىپ چۈشۈپتۇ. ئۆلتۈرسۇنمۇ، تۇرسۇنمۇ! بىر كۈن ئات چاپتۇرسا، بىر كۈن ئوق ئېتىپتۇ. ئاشىقلىرىدىن بىرىنى تاشلاپ بىرىنى ئېلىپتۇ. تاڭ ئاتقۇچە ئىككىسى نۆۋەت بىلەن قوۋۇز چېلىپ بېيىت ئېيتىپتۇ... ئۈچ كۈن، بەش كۈن ئۆتۈپتۇ. بۇ خەۋەر ئېغىزدىن-ئېغىزغا ئۆتۈپ، ترابزون بېگىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بېرىپتۇ:

”قانتۇر ئەلى ئىسىملىك ئوغۇز بەگلىرىدىن بىر بەگ سەلجان بانۇنىڭ يولىغا باش قويۇپتىمىش، تاكى چېگرىمىزغىچە

كېلىپتىمىش.“

ترابزون بېگى ئۆزىدىن باشقىنى ياقتۇرمايدىغانلارنىڭ بىرى ئىكەن. . . ئەل يامانمۇ، بەگ يامانمۇ، نە بىلسۇن! ئادەملىرىگە قول شىلتىپ:

—ھەي قۇللىرىم، قۇربانلىرىم، —دەپتۇ، —ئەجىلىگە تەشنا بولغانلاردىن بىرى كېلىپتىمىش! باريكاللا، تاش كەلسە قەلئە ياسايلى، باش كەلسە قەلئەگە ئاسايلى. پەقەت يىگىتلىك يەنە بىرىگە قالسۇن. بېرىڭلار، ئۇلارنى قىزىل چېدىرغا چۆشۈرۈپ راسا كۆتۈپ قويۇڭلار! —دەپ قايتا-قايتا تاپىلاپتۇ.

بەگنىڭ ئەمرى يەردە قالسۇنمۇ! بۇنىڭ ئارقىسىدا بىر قانلىق ئويۇن باردەك قىلىپتۇ. . . ئۇلار دەرھال يولغا چىقىپ ئۇلار بار يەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. قارىغىدەك بولسا، بەگ سەل قارىغان بۇ ئادەملەر بىر-بىرىدىن قېلىشمايدىغان جەسۇر يىگىتلەر ئىكەن. بەگ قۇللىرى قورققىنىدىن كالپۇكلىرى تىترەپ كېتىپتۇ:

—سىلەرنىڭ يىگىت بېشىڭلار كىم؟ —دېيىشكىمۇ تىلى بارماپتۇ. يەتتە يەردە تەزىم قىلىپ، سەككىزىنچىسىدە ئالدىغا بېرىپتۇ. توققۇزىنچىسىدا قانتۇر ئەلىنى تونۇپ، ئونىنچىسىدا قۇللىرىنى قوشتۇرۇپ تىك تۇرۇپتۇ ۋە ئەدەپ بىلەن سالماقلىق سۆز باشلاپتۇ:

—شاھ يىگىت، شەھۋاز يىگىت، ترابزون بېگىنىڭ سالىمى بار. ئۇ بىزنىڭ بېگىمىز، بىزمۇ ئۇنىڭ قۇلىمىز، ئېغىز بىزنىڭ، سۆز ئۇنىڭ! —دەپ ئىككى ئېغىز بىرنېمە دېگەندىن كې-

يىن، ئالدىغا چۈشۈپ قىرىق يىگىتنى ترابزونغا باشلاپ كەپتۇ. قىزىل چېدىر تىكىپ، ئاستىغا قىزىل گىلەملەر سېلىپتۇ. قوي-قوزىلار سويدۇرۇپ، هاراق-شارابلار سۇنۇپتۇ، شۇنداق ئۈچ كېچە-كۈندۈز مېهمان قىلغاندىن كېيىن، بۇلارنى بەگنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا چىقىرىپتۇ.

ترابزون بېگى بىر-بىرىدىن قاۋۇل بۇ قىرىق يىگىتنى ۋە قىرىق يىگىتنىڭ بېشى بولغان قانتۇر ئەلىنى كۆرۈپ، گويا هېچنىمىدىن خەۋىرى يوقتەك:

—هەي شاھ يىگىت، شەهۋاز يىگىت، قايسى تاغدىن كەل-دىڭ قىرىق يىگىتنى كەينىڭگە سېلىپ. بىزدە بارمىدى پۈتتۈر-دىغان بىرەر ئىشىڭ؟ بارمىدى يا سودىگەرلىرىمىزدە ئېلىش بېرىشىڭ؟—دەپ سوراپتۇ.

—هەي خان بېگىم، خانىمان بېگىم، بۇنى ئېيتىشقا بارماي-دۇ تىلىم. ئوغلى بولغان ئۆيلەيدۇ، قىزى بولغان چىقىرىدۇ. ئاتا-ئانا پەرزەندىنىڭ بەختى-پېشانىسىدىكىنى كۆرۈشنى ئويلى-مامدۇ؟—دەپتۇ، قانتۇر ئەلى ۋە قوۋۇزىنى قولىغا ئېلىپ:

هەي بېگىم، بىزنىڭ ئەل ئوغۇز ئېلى،
بال بىلەن قايماقتۇر تىللىرى.
باهار-ياز ئېچىلغاندا غۇنچە-گۈللىرى،
سايرىشار شوخ بۇلبۇللىرى.
كېزەلمەس تاغلارنى كېزىپ كەلدىم،
ئۆتەلمەس سۇلاردىن ئۆتۈپ كەلدىم.

سەلجان بانۇنىڭ نامىنى ئاڭلاپ،
ئەجەل شەربىتىنى ئىچىپ كەلدىم.

دەپ بېيىت ئېيتىپتۇ. ترابزون بېگىنىڭ قولى سازغا بارماي قاپتۇ.

—باتۇر يىگىت، پالۋان يىگىت، دەپتۇ ئۇ،—مەن ئۇنداق ساز بىلەن ئېيتىشالمايمەن، سۆز بىلەن بايان قىلاي: بۇ دۇنيادا ئوغلى بولغان ئۆيلەيدۇ، قىزى بولغان چىقىرىدۇ. ئاتا-ئانا بولغۇچى ئويلىماي قالامدۇ ئۆز پەرزەنتىنىڭ بەختى-پېشانىسىنى؟ لېكىن، مېنىڭ قىزىم سەن بىلگەندەك قىز ئەمەس. ھەر كىمنىڭ بېشىغا تۇغىدىغان ئاي ئەمەس، يۇلتۇز ئەمەس! ياراتقان يالغۇز ياراتمىدى، بىراق بۇگۇنگىچە تېپىلمىدى ئۇنىڭ تەڭتۇشى. ئىشەنمىسەڭ شۇ قەلئەنىڭ تېشىغا باق، ئۇنىڭ يولىدا ئۆلگەنلەرنىڭ بېشىغا باق. سەنمۇ بېشىڭنى قويغان ئىكەنسەن ئۇنىڭ يولىغا، پىدا بولسۇن، لېكىن ئۇنىڭ ئىشىكىدىكى يىرتقۇچلار سەن بىلىدىغان ھايۋان ئەمەس. تاتلىق جېنىڭغا زامىن بولما!

قانتۇر ئەلى ترابزون بېگىنىڭ ساز بىلمەيدىغىنىنى كۆرۈپ يەنە بىر قېتىم گەپكە تۇتۇپ:

—بېگىم، سىزنى بەگ دەپ بىلىپ كەلدىم، قولىڭىز—قانىتىڭىزغا سېغىنىپ، ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن قىزىڭىزنى بەرسىڭىز بېرىڭ، قانلىق ئويۇن چىقارماڭ، يىرتقۇچلىرىڭىزغا ئىشىنىپ. قانلىق خوجا ئوغلى دەيدۇ مېنى، شۇنچىلىك ئېيتىپ قوياي سۆزۈمنى، ئەمدى قىلىڭ بىلگىنىڭىزنى!—دەپتۇ. تراب-

ـزون بېگى قانتۇر ئەلىنىڭ تىغدەك تۇرغان تۇرقىنى كۆرۈپ، ئادەملىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ:

— ھەي قۇللىرىم، قۇربانلىرىم، بۇ يىگىت ئۇغۇز ئەللىرىدىن كەلگەنمىش. سۆزدىغۇ يۇگۇرۇك ئىكەن، لېكىن تىلىدىن كەلگەن قولىدىن كېلەمدۇ، كۆرۈپ باقايلى! قېنى سورۇن تۇزۇلسۇن، ئاھالىلار يىغىلسۇن. . . — دەپ ئەمىر ئۈستىكە ئەمىر ياغدۇرۇپتۇ. بىر چاي قاينام ۋاقىت ئۆتكەن-ئۆتمىگەن ئەسنادا داقا-دۇمباقلار ئۇرۇلۇپتۇ. مەيداننىڭ ئىككى بېشىغا ئىككى چېدىر قۇرۇلۇپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئاق، بىرى قىزىل چېدىر ئىكەن. . . ئاق چېدىر بەگ چېدىرى، قىزىل چېدىر بولسا تاماشا كۆرۈش چېدىرى ئىكەن. ترابزون بېگى قۇلىنى-قۇربانلىرىنى توپلاپ كېلىپ بەگ چېدىرىدىن ئورۇن ئاپتۇ. سەلجان بانۇمۇ قىز دېدەكلىرىنى كەينىگە سېلىپ كېلىپ تاماشا كۆرۈش چېدىرىدىن ئورۇن ئاپتۇ. ئاھالى بولغۇچىلارمۇ ”بەگكە تاماشا لازىم، مېنىڭ نېمە كارىم“ دېمەپتۇ. ئۇلارمۇ بارى-يوقى كېلىشىپتۇ. مەيداننىڭ ئىككى يېنىغا ئىككى كىگىز ئۆي قاتارلىنىپتۇ. شۇ ئاندا قانلىق خوجا ئوغلى قانتۇر ئەلى قىرىق يىگىتىنىڭ ئارىسىدىن مەيدانغا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپتۇ.

ئۇ كۈنى سېرىق سەلجان سېرىق كىيىنگەن، قىرىق قىزنىڭ قىرىقلىسى قىزىل كىيىنگەن بولۇپ، بۇلار باشلىرىنى ئۇزىتىپ ”بۇگۇن بېشىنى بېرىدىغان بۇ يىگىت كىمدۇ؟“ دېيىشىپ قاراپ تۇرغىنىدا، بىردىن قەددى قامىتى كېلىشكەن چىرايلىق بىر يىگىت كۆرۈنمەسمۇ! ھەممىسىنىڭ بارمىقى ئاغزىدا

قاپتۇ. سېرىق تونلۇق سەلجان بانۇنىڭمۇ يۈرىكىدىن قان كېتىپ-
تۇ، قارىغان يېرىدە قېتىپلا قاپتۇ. قارىغانغا كۆزى تويسۇنمۇ!
ئىزا-نومۇسىنى بىر ياققا قايرىپ، قىزلارغا ئېگىلىپ:

— ھەي قىرىق قىزىم، قىرىق سىردىشىم، شۇ يىگىتكە قۇربان بولسۇن بېشىم. قاراڭلارچۇ، قانداق ئاتا تۇققاندۇ ئۇنى! بىر قارىۋىدىم يۈرىكىم ئوينىدى؛ يەنە بىر قارىۋىدىم قېنىم قاينىدى. ئېھ، سادىغاڭ كېتەي، مېنىڭ كۆڭلۈمگە تۇغۇلغان، ئۇلۇغ تەڭرى ئاتامنىڭ كۆڭلىگە رەھمەت ئەيلىسە، شۇ يىگىتنى يىرتقۇچلارغا يەم قىلىپ بەرگۈچە، ئۇنى ماڭا بەرسە نە بولغاي! — دەپ نالە قىلىپتۇ. ئۇلار مۇشۇنداق ھاي-ھۇيدا تۇرغان ئەسنا-دا، ئۈچ يىرتقۇچنىڭ بىرى — بۇقىلارنىڭ بۇقىسى سېرىق بۇقىنى زەنجىرگە باغلاپ ئېلىپ كېلىشىپتۇ. بۇقا يەرگە تىز چۆكۈ-رۈپ، مۈڭگۈزى بىلەن بىر ئۇسۇشتە بىر تاشنى كۇكۇم-تالقان قىلىۋېتىپتۇ. سېرىق تونلۇق سەلجان بانۇنىڭ تۈكلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپتۇ. قانتۇر ئەلىنىڭ بىر تال مويىمۇ تەۋرىمەپتۇ. لې-كىن، ئوڭغا قارىسا، ئەلىنىڭ كۆزلىرىگە ياش تولۇپتۇ، سولغا قارىسا، قىرىق يىگىتمۇ يىغلاۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ تۇرالمىغان قانتۇر ئەلى:

— سادىغاڭ كېتەي قىرىق يولدىشىم، قىرىق بۇرادىرىم، ئەل يىغلىسا بىلمەي يىغلار، سىلەر نېمىگە يىغلايسىلەر. بۇقى-دىن يىقىلغان يىگىت يەردە ياتامدۇ! قىرىقىڭلار قىرىق كۆزدىن ياش تۆكۈپ، قارا باغرىمنى داغلىغىچە، ئېلىڭلار قوۋۇزلارنى، چېكىڭلار تارىنى، ئاڭلىسۇن داڭقىمنى تەكۇر ئېلى. بىلسۇن

خان، كۆرسۆن سىرىق تونلۇق سەلجان! — دەپتىكەن، قىرىق يىگىت قوۋۇزلىرىنى قولىغا ئېلىپ، ئىككى پەلۋان بىر مەيدانغا چۈشكەندەك، بەس-بەس بىلەن ساز چېلىپ قانتۇر ئەلىنى مەدھىيىلەپتۇ:

نەچچە يىرتقۇچنىڭ تۆكتىڭ قېنىنى،
بۇ مەيدانمۇ يەنە قانغا مىلەنگۈسى.
شۇلار قاپتىمۇ رەقىپ چىققىلى،
ئۇچىلىسى بىر يانغا قاتارلانغۇسى.

سەلجان بانۇ ساگا قاراپ تۇرۇپتۇ،
قاراپتۇ يۇ، يۈرەكلىرى كۆيۈپتۇ.
بۇ كۈرەشكە سىرىق بۇقا چۈشۈپتۇ،
بىر پەشۋادا ئۇمۇ چەتكە چىققۇسى.

خوجا ئوغلى بار رەقىبىڭ ئالدىغا،
تۆت مۈڭگۈزىدىن ئۇر يەرگە ئۇنى.
يىگىتتىن قانچىسى بار كۆرگەن تەكۈرنى،
تەكۈرنىڭ يۈزى بىر قارىلانغۇسى.

تاغلاردىن، يەللەردىن خەۋەرلەر چۈشۈپ،
ئوغۇز ئەللىرىگە بارار ئۇلىشىپ.
توي بولسۇن ئەلگە، قۇم-قېرىنداشقا،
قانتۇر ئەلىنىڭ نامى چىققۇسى.

قىرىق يىگىت بۇ مەدھىيىگە يەنە بىر مەدھىيە قوشقۇچە قانتۇر ئەلى گىدەيگەن ھالىدا مەيدان ئىچىنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ:

— قويۇۋەت بۇقاڭنى، يامان بولسا چىقسۇن مەيدانغا! — دەپ ھەيۋە قىلىپتۇ. بۇقىنى قويۇۋېتىپتىكەن، زەنجىردىن قۇتۇلغان بۇقا قانتۇر ئەلىگە قاراپ شۇنداق ۋەھشىيلەرچە ھۆجۇمغا ئۆتۈپتۇكى، سورۇندىكىلەرنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپتۇ. قانتۇر ئەلى بولسا، بوغاچ خاندەك ياراتقان ئىگىسىگە سىغىنىپ، مۇھەممەت مۇستاپاغا سالاۋات ئېيتىپ، بۇقىنىڭ مېڭىسىگە بىر مۇشت ئۇرۇۋېتىپتىكەن، مەيداندىكىلەر باركاللا، يەنە بىرنى، دېيىشىپ كېتىپتۇ. قانتۇر ئەلى بۇقىنىڭ ئالدىدىن داجىپتىكەن، بۇقا مۆڭگۈزىگە تىرىنىپ قاپتۇ. قانتۇر ئەلى ئۇنى قۇيرۇقىدىن ئۈچ گەز ئاسمانغا كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرۇۋېتىپتىكەن، سۆڭەكلىرى چۇل-چۇل بولۇپ كېتىپتۇ. ئاندىن ئۇنى بوغۇزلاپ تېرىسىنى سويۇپ تەكۇرنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ.

— بىر بۇقا دېگەننىڭ كارى چاغلىق. بىر بۇغرا مىڭ بۇقىغا بەدەل. بۇ يىگىت باتۇر بولسا، ئۇنى يەڭسۇن. — دېيىشىپتۇ تەكۇرنىڭ ئادەملىرى.

بۇ يەردە گەپنى ئۇزارتىپ بىزمۇ گۇناھقا قالمايلى، سىزنىڭمۇ بېشىڭىزنى ئاغرىتمايلى. ئەلھاسىل، قانتۇر ئەلى يۇقىرىدىكىدەك ئۇسۇل بىلەن ئىنتايىن يامان بىر قارا بۇغرانىمۇ يەرگە ئۇرۇۋېتۇ.

— بۇغرا دېگەن بىر تۆگە، لېكىن تۆگە دېۋە ئەمەس-تە. تاغۇ-تاشنىڭ پادىشاھى ئارسلان. بۇ يىگىت باتۇر بولسا ئۇنىمۇ يەڭسۇن! — دېيىشىپتۇ، ھېلىقىلار. قانتۇر ئەلى ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن بوز تۇكلۇك، بوز بۇرۇتلۇق ئارسلاننىمۇ يەرگە ئۇرۇپتۇ. باتۇر يىگىت بۇ ئۈچ يىرتقۇچنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، بەگنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ.

— مانا، بېگىم، ئىشەنگەن يىرتقۇچلىرىڭىز شۇمىدى؟ بىر مۇشتقا يارىمىدى. ئۈچى ئۈچ مۇشت بىلەن كەتتى. باشلىرىنى خالىسىڭىز قەلئەنىڭ بېشىغا ئېسىڭ. خالىسىڭىز سارايىڭىز تېشىغا؛ يىگىتلىكىمنىڭ ھەققىنى بېرىڭ-دە، يەنە نېمە تەلىپىڭىز بولسا مەن تەييار! — دېگەندە، ترابزون بېگى لەۋلىرىنى چىشلەپ يېنىدىكىلەرگە قاراپ:

— دۇنيادا بۇ يىگىتنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان يىگىت چىقماس. قىزىمنى بۇنىڭغا بەرمەي كىمگە بېرەي. بۇگۈنلا تويلىرى بېرىلىپ نىكاھلىرى ئوقۇلسۇن! — دەپتۇ. بەگنىڭ بىر دېگىنى ئىككى بولسۇنمۇ! دەرھال قىرىق يەرگە قىرىق چېدىر قۇرۇپتۇ؛ قىرىق كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ. قىرىق بىرىنچى كۈنى ئەل تارقىغاندىن كېيىن قىزنى چاقىرتىپ ھۇجرىغا كىرگۈزمەكچى بولۇپتۇ. لېكىن قانلىق خوجا ئوغلى قىرىق يىگىتنىڭ ئارىسىدا قىلىچىنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

— يىگىتلىرىم، ئەگەر ئاتا-ئانامنىڭ يۈزىنى كۆرمەي بۇ ھۇجرىغا كىرسەم، يەردەك يېرىلىپ، يەلدەك سورۇلۇپ، ئوقۇم بىلەن يارىلىنىپ، قىلىچىم بىلەن توغرىلاي. . . — دەپ قەسەم

قىلىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، قاش قارايغان چاغدا چېدىرلىرىنى چۇگۇپ ئاتلىرىنى مىنىشىپ يوللىرىغا چۈشۈپتۇ. يەتتە كېچە-كۈندۈز ئات چاپتۇرۇپ، بىر سەھەر كۆن بىلەن تەڭ ئوغۇز ئېلىنىڭ چېگرىسىغا يېتىپ كەپتۇ. ئەرئەر ئورمانلىقىغا چۈشۈپ بىردەم ھاردۇق ئالغاندىن كېيىن، قانتۇر ئەلى قىرىق يىگىتكە قاراپ:

— ھەي سادىغاڭ كېتەي قىرىق ھەمرىھىم، قىرىق بۇرادە-رىم، ئاللا ماڭا يول بەردى، يولۇمغا يولداش جان دوست بەر-دى. ماڭە-ماڭە ترابزونغا بېرىپ چۈشتۇم، ئۈچ يىرتقۇچنىڭ ئۇچىلىسىنى ئۆلتۈردۈم. دۈشمەننى يىغلىتىپ، دوستنى كۈل-دۈردۈم. بېشىم بەختى، كۆڭلۈم تەختى سەلجان بانۇنى ئېلىپ كەلدىم. بۇ ھەرقانداق بىر يىگىتكە نىسىپ بولماس... بېرىڭ-لار، ئېيتىڭلار ئاتامغا، چىقسۇن مېنىڭ ئالدىمغا. ئوغلىنى كۆرۈپ كۆڭلى تىنسۇن، كېلىننى كۆرۈپ خۇش بولسۇن، — دەپتۇ. قىرىق يىگىت قېرىنداشتىنمۇ يېقىن بۇرادەرلىرى ئە-كەن، بۇنى ئاڭلاپ قاراپ تۇرسۇنمۇ؟ ئاغزىدىن چىقىشىغا ئاتلى-نىپ يولغا چىقىپتۇ.

ئۇلار يولغا راۋان بوپتۇ. قانتۇر ئەلى بىلەن سەلجان بانۇ بىر-بىرىگە قارىشىپ، كۆلدىن-كۆڭۈلدىن سۆزلىشىپ سىردى-شىپتۇ. قاتار-قاتار تۇرنىلار، تورغايلار، بۇغۇلداپ سايراشقان كەكلىكلەردىن باشقا ئۇلارنىڭ مۇڭلىرىنى ئاڭلىغان ھېچكىم بولماپتۇ... بىر ھازادا ئۇلارنىڭ ئۇيقۇلىرى كەپتۇ. قانتۇر ئەلىنىڭ كۆزلىرى خۇمارلىشىپتۇ. ئۇ قانچە كېچە كۆز يۇممى-

غانلىقى ئۇچۇن قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. نە پالاكەت كەلسە ئۇيقۇدىن كېلىدىغانلىقىنى بىلگەن سەلجان بانۇ ئۇخلىماي ئەتراپ-قا كۆز-قۇلاق بولۇپ تۇرۇپتۇ. شۇ ئەسنادا، ئارقا تەرەپتىكى قارا تاغنىڭ ئۇستىدىن بىر قارا بۇلۇت چۈشۈپ كەلمەسمۇ؟ سەلجان بانۇنىڭ يۇرىكىگە بىر دەككە-دۇككە چۈشۈپ:

”خۇداغا ئامانەت، مېنىڭ قەستىمدە يۇرگەنلەر كۆپ ئىدى، ئىغۋا توقۇپ ئاتامنىڭ قارارىنى بۇزغان بولمىسۇن يەنە! شۇ باتۇر يىگىتنى ئۆلتۇرۇپ ساھىبجامال كېلىننى ئېلىپ كەتكىلى كەلگەن بولمىسۇن يەنە؟“ دەپ ئويلاپتۇ.

دەرۋەقە تەكۇر پۇشايمەن يەپتۇ. ئارىغا بۇزغۇنچىلىق سالماق-چى بولغانلار ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايىنتىپ: ”بۇقىدىن ئايرىل-دۇق، ھېچ بولمىغاندا بۇغرادىن ئارىلمىساق ئىدۇق؛ ئارسلاندىن ئايرىلدۇق، ھىچ بولمىغاندا سەلجاندىن ئايرىلمىساق ئىدۇق. بۇ يۇرتىمىزنىڭ نومۇسى نەگە كەتتى. . . تۇتۇپ دالىنىڭ بۆرىسىگە بېرىش كېرەك ئۇنى. . .“ دېگەندە، ترابزون بېگى دەرغەزەپكە كېلىپ: ”ماڭا قاراڭلار، ھەي قارا تونلۇق، ساۋۇت كىيگەن ئاتلىقلىرىم، ۋاقتى ئۆتتى دېمەڭلار، ئاتلىنىڭلار شۇ ئاندا؛ كېچە-كۈندۈز دېمەي چۈشۈڭلار ئۇنىڭ كەينىگە. . . سەلجان قى-زىمنىڭ تىرىكىنى، يات ئەل ئوغلىنىڭ ئۆلۈكىنى كەلتۇرۇڭلار ئالدىمغا؛ ئۇنداق بولمىغاندا بۇ مەملىكەتنى ئاغدۇرىمەن بېشىڭ-لارغا!“ دەپ كەسكىن ھۆكۈم قىلغان ئىدى. قارا تونلۇق، ساۋۇتلۇق ئالتە يۇز ئاتلىقمۇ دەرھال يولغا چىقىپ، توزنى تۇمانغا قېتىپ ئىككى ياندىن سۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ھېلىقى تاغ-

دىن تۆۋەنگە چۈشۈپ كەلگەن قارا بۇلۇت ئەنە شۇلار ئىدى.

سەلجان بانۇ قاراپ تۇرسۇنمۇ؟ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە سا-ۋۇتنى كېيىن، نەيزىسىنى قولىغا ئېلىپ قانتۇر ئەلىنىڭ بېشىغا كېلىپ:

غاپىل بولما، بېشىڭنى كۆتۈر يىگىت،
خۇمار كۆزلىرىڭنى ئاچقىن يىگىت.
ئاق قوللىرىڭ ئارقاڭدىن باغلانماستا،
ئاق پېشانەڭ قارا يەرگە ئۇرۇلماستا.
تۇيۇقسىز قارا بېشىڭ كېسىلمەستە،
قىزىل قېنىڭ يەر يۈزىگە سېپىلمەستە.
يېغى كەلدى، ياۋ كەلدى تۇرغىن يىگىت،
ئويغان ئۇيقۇڭدىن ئويغان يىگىت.

دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قانتۇر ئەلىنىڭ كۆزلىرىگە قان تولۇپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئاق پېشانىسىنى يەرگە قويۇپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپتۇ. ئاندىن قوچقار باشلىق ئېتىغا مىنىپ سەلجان بانۇغا قاراپ:

— ھەققىڭگە رازى بول ھالىلىم! —دەپتۇ. سەلجانمۇ كۆز-لىرىگە لىققىدە ياش ئاپتۇ ۋە:

— ئېھ يىگىتىم، بەگ يىگىتىم، مېنىڭ نە ھەققىم بول-سۇن، رازى بولغۇدەك سىزدىن؟ قولۇمدىن بىر كاسە سۇمۇ ئىچمىدىڭىز، مېنى دەپ شۇنچە دەردلەر تارتتىڭىز. رازى بول-سىڭىز سىز بولۇڭ مەندىن! —دېگۈچە بولۇپتۇ. قانتۇر ئەلى

ئارتۇق توختىمايلا ئىتنى قامچىلاپتۇ. سەلجان بانۇمۇ ئىتىنىڭ
تىزگىنىنى قويۇۋېتىپ، كەينىدىن يېتىشىپ شۇنداق دەپتۇ:
—ھەي يىگىتىم، نەگە بارسىز يەككە-يېگانە، كۇپپارلار
كېلىۋاتىدۇ ئىككى ياندىن؛ تارا قاتا تونلۇقلار ساۋۇت كىيىپ
باش-كۆزىگە، قىلىچ چاپىدۇ كەينىمىزدىن. بۇ كۇپپارلار سىز
بىلىدىغان كۇپپار ئەمەس، نامەردلەرمۇ قاراپ تۇرماس بۇنداق
كۈندە. مەن ئۇ نامەتلەردىنمۇ نامەرت ئەمەس-تە! ياق يىگىتىم،
ياق، ياشىساق بىللە ياشايمىز، ئۆلسەكمۇ بىللە، تويىمىز بىر
بولدى، جەڭدىمۇ بىر، بىلگەنگە، ھاياتتىمۇ بىر، ماماتتىمۇ
بىر، كۆرگەنگە. . . سىز چۈشۈڭ بۇ يولغا، مەنمۇ چۈشەي بۇ
تەرەپكە. . . قايتمايلى، ئېلىشايلى؛ تۇرمايلى، ئۇرۇشايلى.
جەڭ مەيدانى بۇ، ئۆلسەڭ شېھىت، قالساق غازى.
ماقۇل-ياق دېگۈدەك ۋاقىت نەدە! قانتۇر ئەلى چاڭنى تۇماز-
غا قېتىپ كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ. سەلجان بانۇمۇ ئىتىنىڭ
تىزگىنىنى قويۇۋېتىپ قولىغا قىلىچىنى ئاپتۇ.
—كېلىشە كۇپپارلار، بىزگە قارشى چىقمىغان سەنلەر قال-
غانمۇ؟ قېنى ئەمدى يا ئامانلىقىڭنى تىلەش، يا ئىمانغا كېلىش.
بولمىسا، مۇھەممەت مۇستاپا يولىدا، ھەممىڭنى ئالىمەن قىلىد-
چىم ئاستىغا!—دەپ بىر ئۇن ساپتۇ. ئىتنى دەم ئالدۇرمايلا
ئېتىپتۇ، چېپىپتۇ، قىرىپتۇ؛ ئامان دېگەنگە قولىنى كۆتۈرمەپ-
تۇ، ئىمانغا كەلگەنگە قىلىچ سالماپتۇ. قېچىپ قۇتۇلغاننى كەي-
نىدىن سۈرمەپتۇ. بولغان بولۇپ ئۆتۈپتۇ. جەڭ بېسىلغاندىن
كېيىن، قونغان يېرىگە كېلىپ قارىسا، قانلىق خوجا ئوغلى

تېخى قايتىپ كەلمەپتۇ. ”نېمە بولغاندۇ، نەدە قالغاندۇ؟“ دېگۇ-
چە، ئالدىغا چىققانلار ئۇدۇلدىكى تاغدىن چۈشۈپ كەپتۇ.

ئۇلار كېلىپ قارىسا قانتۇر ئەلى كۆرۈنمەپتۇ. ئانىسىنىڭ كۆزى يەردە ياتقان قانلىق قىلىچقا چۈشكەندە، ئىككى كۆزى ئىككى بۇلاق بولۇپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

كېلىن بالام، قىزىم بالام، قېنى مېنىڭ قانتۇر ئەلىم! تاڭ سەھەردە هال تەگدىمۇ؟ مىنگەن ئېتى سەل بولدىمۇ؟ ئېيـ-تىڭ ماڭا، سادىغاڭ كېتەي راستىڭىزنى، بايان قىلىڭ بېشىڭـ-لارغا كەلگەنلەرنى! . . .

سەلجان بانۇ بۇ پىغانلىق سۆزلەردىن، كەلگەنلەرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ ئالدىغا بېرىپتۇ:

—ئانام دەي سىزنى ئانامدىن ئاۋۋال؛ ئاتام دەي سىزنى ئاتامدىن ئەۋزەل! —دەپ ئەدەپ بىلەن سۆز باشلاپ، باشلىرىدىن ئۆتكەنلەرنى بىر-بىرلەپ بايان قىلغاندىن كېيىن، —ئاللا يىغلاتـ-مىسۇن، يىغلايدىغان نېمە ئىش بار! ئۈچىمىز ئۈچ ياندىن ئىزدەيلى. نەدە چاڭ-توزان، نەدە قاغا-قۇزغۇن بولسا شۇ يەرگە بارايلى، —دەپ، دەرهال ئاتلىرىنى قامچىلاپتۇ. بىر ئېگىز دۆڭلۈككە چىقىپ قارىسا، بىر جىرانىڭ ئىچىدە بىر پارچە ئاق تۇمان ئۇزۇپ يۈرۈپتۇ. بۇنى كۆرۈپ قاراپ تۇرسۇنمۇ؟ مىنگە ئاتلىرى قۇش بولۇپتۇ، قانات بولۇپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە تۇمانلىق يەرگە يېتىپ بېرىپتۇ.

هالبۇكى، قانتۇر ئەلىنىڭ ئاستىدىكى ئېتىغا ئوق تېگىپـ-تۇ. خۇدا ساقلاپ، بىر ئوق كۆزىگە تەككىلى تاسلا قاپتۇ، كۆز

قاپىقىنى سۇرۇپ ئۆتۈپ، يۈز-كۆزىنى قانغا مىلەپتۇ. ئۇ بىر قولى بىلەن قېنىنى ئېتىپ، بىر قولى بىلەن كۇپپارغا قىلىچ چېپىۋېتىپتۇ. . .

بۇنى كۆرگەن سەلجان بانۇنىڭ يۈرىكىگە بىر ئوت چۈشۈپ-تۇ. بىر توپ غاز ئارىسىغا بۆسۈپ كىرگەن شۇڭقاردەك كۇپپار-لار ئىچىگە ئېتىلىپ كىرىپتۇ. ئەمدى نە ئامانىنى بىلمەپتۇ، نە يامانىنى! بىر باشتىن كىرىپ ئېتىپتۇ، چېپىپتۇ، قىرىپتۇ. . . يەنە بىر باشتىن چىقىپتۇ. . .

قانتۇر ئەلى قانغا بويالغان كۆزلىرىنى ئېچىپ قارىسا، قاۋۇل كەلگەن بىرسى كۇپپارلارنى ئالدىغا سېلىپ قوغلاپ يۈ-رۈپتۇ. بۇ هال قانتۇر ئەلىنىڭ قېنىنى قىزىتىپتۇ:

—ماڭا قارا، هەي، قارا ئارغىماققا مىنگەن يىگىت، ئىجا-زەتسىز بېغىمغا كىرگەن يىگىت. كىم سەندىن مەدەت تىلىدى، كېلىپلا دۈشمىنىمگە قىلىچ چاپقىلى. شۇڭقار بولۇپ ئۇچايمۇ؟ قىزىل قېنىڭنى يەرگە چاچايمۇ. ئەجىلىڭگە تەشنا بولمىساڭ، ماڭ يولۇڭغا، قولۇمدىن بىر هادىسە چىقماستا. ئاۋۋال ئاللا، تىرىكىم ئەمەس، ئۆلۈكۈممۇ تېتىمىدۇ بۇ كۇپپارغا، —دەپ ۋار-قىراپتۇ. سەلجان بانۇ بۇ سۆزلەرنى قانلىق خوجا ئوغلىنىڭ ئۆزىنى تونۇمىغانلىقىغا چىقىرىپ:

—هەي يىگىتىم، تۆگىلەر تۆگە ئىكەن، بوتىسىغا ئاياق ئاتامدۇ، سىز ماڭا شۇنچە غەزەپلىنىۋاتىسىزغۇ؟ قوتاندىكى ئاق قويلار قوزىسىنى ئۇسەمدۇ، سىز ماڭا شۇنچە ئازار قىلىۋاتى-سىزغۇ؟ باتۇر يىگىت سۆيگىنىگە قىيامدۇ، سىز ماڭا شۇنچە

كايمۇاتىسىزغۇ؟ — دەپ تاپا ئۇستىگە تەنە قىپتۇ. قانتۇر ئەلىنىڭ جاۋاب قايتۇرغۇدەك ۋاقتى بولسۇنمۇ، ئىسمى گۈزەل مۇھەممەتنى دىلىغا ئېلىپ، قاچقان دۈشمەننى قوغلاپ كېتىپتۇ. سەلجان بانۇمۇ كەينىدە قالماپتۇ. . .

ئىككىسى ئىككى ياندىن كېسىپ ئۆتۈپتۇ. كۈن كەچ كىرمەستە ئوق-قىلىچ ئاۋازلىرى بېسىلىپتۇ. بۇ ئاخىرقى جەڭدە كۇپارلارنىڭ بىرى ساق قالماپتۇ. سەلجان بانۇمۇ قانتۇر ئەلىنى كەينىگە مىنگەشتۈرۈپ، كۆزى يولدا قالغانلارنىڭ يولىغا چۇشۇپتۇ. ئۇلار يولىغا راۋان بوپتۇ. لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر قانتۇر ئەلى ئاغزىنى پىچاق بىسى ئاچماپتۇ.

ئايال كىشى ئەنسىرەپ سورىمىغان سوئالى قالماپتۇ.

— ھەي سەلجان بانۇ، يىگىتمەن دېگەن يىگىت سايىدامدۇ ئايالىنىڭ كۆلەڭگۈسىدە، نېمىشقا ئارىلىشىسەن مېنىڭ ئىشىمغا؟ ئاتام دەرگاھىدا ئۇلتۇرغىنىڭدا ئانامنىڭ ئايىغىدا، كىم بىلسۇن نېمىلەرنى دەپ ماختىنارسەن. قانتۇر ئەلىنى كۇپپار قولىدىن مەن قۇتقازدىم، ئېتىمغا مىنگەشتۈرۈپ مەن ئېلىپ كەلدىم دەرسەن؟ سەلجان بانۇم، يىگىتلىكىم پىدا بولسۇن يولۇڭغا، بىراق، بۇ سۆزلەرنى يېگۈزەلمەيمەن يىگىتلىك غۇرۇرۇمغا. باتۇر بولساڭ باشمۇ-باش چىق، ئاللا يا سەندىن ئېيتار، يا مەندىن!

ئەھۋالىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگەن سەلجان بانۇ ”قېنى بۇ گەپلەرنىڭ ئايىغى نەگە بارىدىكىن“ دەپ شۇنداق جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

— ئاھ، ھالىلىم، نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ مەن شۇنچە يول بىلمەس، ئىش بىلمەس ئېقىلسىزدىنمۇ! سىز بولسىڭىز ئەر كىشى، مەن بولسام پەگاھىنىڭ قۇلى. ماختانسا ئەر ماختىنار، ماختانغانغا خوتۇن كىشى ئەر بولماس، كۆڭلى قارا بولمىسا، غەيرى ئېغىز بۇڭا بارماس. ئاللا بىرىنى كۇلدۇرۇپ بىرىنى يىغلاتماس! تېز قىزىپ تېز سوۋۇغان بولسىڭىز، ئاڭا دەيدىغان گېپىم بولماس! — دېگەن بولسىمۇ، قانتۇر ئەلىگە گەپ ئاڭلى-تالماپتۇ. قانلىق خوجا ئوغلى بىر دېمەپتۇ، ئىككى دېمەپتۇ، ”سېنى ئۆلتۈرىمەن!“ دەپ كېسىپ ئېيتىپتۇ. سەلجان ئەمدى سۈكۈت قىلسۇنمۇ، ئۇمۇ ئۆز لايىقىدا جاۋاب قايتۇرۇپتۇ.

— ھەي قانلىق خوجا ئوغلى، مەن ساڭا يول قويسام، سەن ئۆزەڭنى نىمانچە چوڭ تۇتىسەن! زادى مەن بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرماقچى بولساڭ، مەرھەمەت، چىق ئالدىمغا! — دەپ ئېتىنى قامچىلاپ ئېگىز بىر يەرگە چىقىپ، ساداقتىكى توقسان توققۇز ئوقتىن بىرىنى ئاپتۇ. قىرىق ئۆرۈلگەن چېچىدىن بىرى-نى كۆكسىگە چۇشۇرۇپ:

— يىگىت بولساڭ ئات ئوقۇڭنى! — دەپ ئۇن ساپتۇ.

قانتۇر ئەلى سەلجان بانۇغا ئۇزاقتىن كۆز قىرى بىلەن بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن:

— بىزنىڭ قائىدىمىزدە قىزلارنىڭ يولى ئاۋۋال. پېشانەم ئوچۇق كۆكسۇممۇ ئوچۇق، نەرىمگە ئاتساڭ ئېتمۇەر! — دەپ ئۇنىگە ئۇن ياندۇرۇپتۇ. سەلجان بانۇ قانتۇر ئەلىنىڭ كۇلىنى كۆككە سورۇۋېتىشكە قىيسۇنمۇ! قولىدىكى ئوقنىڭ بېشىنى

چىقىرىۋېتىپ كىرىچكە تاقاپتۇ. يادىن تەستە چىققان ئوق قانتۇر ئەلىنىڭ قارا چاچلىرىنىڭ ئارىسىدىن قارا يەلدەك ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

مانا شۇ چاغدا قانتۇر ئەلى قولىدىكى يانى سۇندۇرۇپ تاشلاپتۇ. ئوقلىرىنى يەرگە ئېتىپتۇ ۋە يۈگۈرۈپ كېلىپ ھالال جۈپتىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپتۇ.

—ئاھ، بېشىم بەختى، كۆڭلۈم تەختى. ئىنسان ئۆز بەخ-تى، ئۆز تەختىنى ئۆز قولى بىلەن گۇمران قىلامدۇ؟ ئۇنداق قوللار سۇنسۇن، قۇرۇسۇن. بىر گۈزەلنىڭ يولىغا باش قويغان يىگىت ئۇنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇيمەن دەمدۇ؟ ئۇنداق تىللار تۇتۇلۇپ كەتسۇن! خۇي-پەيلىڭ، سىر-سەبرىڭنى سىنىدىم سۇل-تانىم!—دەپتۇ ئۇ. سەلجان بانۇمۇ:

—ھەي ئاق پېشانەمگە يېزىلغان، جان ئاتامنىڭ كۆيئوغلى، بىكاردىن-بىكار ئۇپراتماڭ ئۆزىڭىزنى. بىر-بىرىمىزنى پېشانە-مىزگە پۈتكەن ئاللا، بىر ياراتقان ئەلۋەتتە خۇي-پەيلىمىزنى! بېشى يوق ئوق بىلەن سىنىدىم سىزنى، قاياققا باقسىڭىز شۇ ياققا باقاي، قاياققا ئاقسىڭىز شۇ ياققا ئاقاي ئەمدى. يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، ئېتىڭىزغا ئات قوشۇپ، ئۆلگەن يېرد-ڭىزدە ئۆلۈپ، قالغان يېرىڭىزدە قالاي ئەمدى. ئىشەنمىسىڭىز يېزىڭ دەپتەرگە قوللىرىمنى قوياي ئەمدى!—دەپتۇ.

قانلىق خوجا ئوغلىنىڭ قەلبىدىن كەچكەنلەر سەلجان بانۇ-نىڭ ئازغىدىن چىققاندا، ئۇنىڭ كۆنى تۇغۇپ يۈزى كۈلۈپتۇ. ئۇزاقتىن-ئۇزاق كىرەلشىپ بىر-بىرىنىڭ ھىدىنى ئېلىشقاندىن

كېيىن، بىر-بىرىنىڭ يولىدا جان پىدا قىلىشقا ئەھدە-قەسەم قىلىشىپتۇ. ئاندىن ئاق بوز ئاتلىرىغا مىنىشىپ، كۆزلىرى يولدا، كۆڭۈللىرى گۇماندا كۈتۈپ تۇرغانلارنىڭ يېنىغا يېتىپ كەپتۇ. . . ئاقساقال، ئاقچاچلىقلار ئوغۇللىرىنى ساق-سالامەت كۆرگەندە دۇنيا ئۇلارنىڭ بولۇپتۇ. ئۇلارنى قۇچاقلاپ سۆيۈشۈپ، قونۇپ-مۇڭداشقاندىن كېيىن "تۇرمىغان مېھماننىڭ كەتكىنى ياخشى" دېيىشىپ يولغا راۋان بولۇشۇپتۇ.

قانلىق خوجا ئوغلىنىڭ ئۆزىدىن ئاۋۋال داڭقى يېتىپ بېرىپتۇ. يايلاقتا، يۇرتتا ئاڭلىمىغان قالماپتۇ. بارغانلىكى يەردە يەتتە ياشتىن-يەتمىش ياشقىچە ئالدىغا چىقىشىپتۇ. تاپىنى تەككەن يەردىن ئۇچۇم-ئۇچۇم تۇپراق ئېلىپ، شىپا تاپالمىغانلارنىڭ باشلىرىغا سېپىپتۇ. قانچىلىغان تاغلارنى ئېشىپ، دەريالاردىن ئۆتۈپ، كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۆز ئۆيلىرىگە يېتىپ بېرىپتۇ. قانلىق خوجا بىللە ئوۋ ئوۋلاشقان ئاقساقاللاردىن تارتىپ، قانتۇر ئەلى بىلەن ئويناپ-كۈلۈشكەن قىرىق يىگىتكىچە، ھەممەيلەن قانلىق خوجا دەرگاھىدا جەم بولۇپتۇ. ئۇ زامانلاردا كۆپنىڭ ئالقىشى ئالقىش، قارغىشى قارغىش ئىكەن. ئاتىسى ئوغلىنى كۆرۈپ ئاللاغا شۈكۈرلەر ئەيلەپتۇ.


قانلىق خوجا خوجىلىغىنى كۆرسىتىپتۇ. قاتار-قاتار چېدىرلار تىكتۈرۈپ، ئاتتىن ئايغىر، تۆگىدىن بۇغرا، قويدىن قوچقارلار سويدۇرۇپ، قەبىلە-قەبىلە ئوغۇز بەگلىرىنى چاقىرىپتۇ. ساز-قوۋۇزلار چالدۇرۇپ، يەتتە كېچە-كۈندۈز توي بېرىپتۇ. ئالتۇنرەڭ سايىۋەنلەر تىكىلىپ، قانتۇر ئەلى ھۆجرى-

ـسىغا كىرىپتۇ، مۇراد-مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ.

قاق سەھەردە دەدە قورقۇت كېلىپ، قوشاق قوشۇپ بېيىت ئېيتىپتۇ. قانلىق خوجا ئوغلىنىڭ يىگىتلىكلىرىگە ئاتاپ بۇ ئوغۇزنامىنى تىزغاندىن كېيىن، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بەش كەلىمە دۇئا قىلىپتۇ:

”ھەي ئوغۇل، تېرىغىنىڭ كۆكلىسۇن، تىككىنىڭ ياشار-سۇن. ئالتۇن كوكۇلىلىق ئوغۇللىرىڭ، سۇمبۇل چاچلىق قىز-لىرىڭ بولسۇن. ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن تويلىرى تۈزۈك بولسۇن. ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە سالجان بانۇ بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇپ، ئوچۇق يۈز، تاتلىق سۆز بىلەن كۆڭۈل خۇشلىقى ئىچى-دە ياشىغىنى نېسىپ قىلسۇن، ئامىن! ئامىن دېگەنلەرنى ئاللا ئىماندىن ئايرىمىسۇن. ھەي خانىم، ئۇلۇغ تەڭرى سېنى نا-مەردكە موھتاج قىلمىسۇن. ئاللا يەتكۈزگەن مۇرادىڭىزدىن مەھرۇم قىلمىسۇن. قىلغان ھەممە دۇئايىمىز قوبۇل بولسۇن! ئامىن، ئامىن دېگەنلەر ئاللانىڭ دەرگاھىنى كۆرسۇن. ھەممەي-لەننىڭ گۇناھىمىزنى مەغپىرەت ئەيلەپ، مۇھەممەت مۇستاپا ھۆرمىتىگە ئاتا قىلسۇن!“

كۆپنىڭ دۇئاسى يەردە قالسۇنمۇ، بۇ دۇئالارمۇ ئىجابەت بولۇپتۇ. لېكىن، ئاز ياشا، كۆپ ياشا، ئاقىۋەتى ئۆلۈملۈك بولغان بۇ پانى دۇنيا كىمگە قاپتۇ. قانتۇر ئەلى بىلەن سەلجان بانۇغا قاپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، بىر كۈنلەردە بۇلارمۇ نامى قالغان-لار قاتارىغا قوشۇلۇپ، ھېكايىلىرى تىللاردا داستان بولۇپتۇ.



# باي بۆرەك

كۇنلەردىن بىر كۇنى بايىندىرخان قول ئاستىدىكى ئادەم-
لەرگە بۇيرۇق چۇشۇرۇپ، قىزىل سايىۋەنلىك چېدىرلار تىكتۇ-
رۇپ، يىپەك زىلچىلار سالدۇرۇپتۇ. ھەممە يەر ئالا-يېشىل
بېزىلىپ، زىياپەتلەر راسلانغاندىن كېيىن، ئىچ ئوغۇز، سىرت
ئوغۇز دېمەي نوپۇزلۇق بەگلەرنى سۆھبەتكە چاقىرىپتۇ. خانلار
خانىنىڭ بۇيرۇقى يەردە قالسۇنمۇ؟ ھەممەيلەن كېلىپ، چوڭلە-
رى چوڭچە، ياشلىرى ياشچە ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ.

بايىندىرخاننىڭ ئۆدۆلىدا ئوغلى قارا پۈتاق يايىغا تايىنىپ تۇرۇپ-تۇ. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە قازان خان ئوغلى ئورۇز، سول تەرىپىدە غازلىق خوجا ئوغلى يەگنەكلەر تىكىلىپ تۇرۇشۇپتۇ.

بۇ هالنى كۆرگەن بەگلەردىن باي بۆرە شۇنداق چوڭقۇر بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپتۇكى، تاغۇ-تاشلار تىترەپ كېتىپتۇ.

بەگلەر نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي، باشلىرىنى بۇراپ ئۇ-نىڭغا قارىشىپ قاپتۇ. بايىندىرخاننىڭ كۈيئوغلى سالۇر قازان يەرگە تىزلىنىپ تۇرۇپ:

هەي كەرەملىك باي بۆرە، نېمىگە پىغان چېكىسىز شۇنچە، بۇ دۇنيانىڭ شۇنچە ئۇھ تارتقۇچىلىكى بارمۇ؟—دەپ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپتىكەن، باي بۆرە كۆز ياشلىرىنى تۇتالماپتۇ:

—ئاھ، سالۇر قازان، خان قازان، مەن ئۇھ تارتماي كىملەر تارتسۇن! . . . نە قېرىنداشتىن ئېيتماپتۇ ماڭا، نە ئو-غۇلدىن. . . شۇ يىگىتلەردەك بىر يىگىتىم بولسا، خانلار خانى-نىڭ ئالدىدا شۇنداق قول قوشتۇرۇپ تۇرسا، مەنمۇ ئەللەردەك ماختانسام نە بولار ئىدى-هە! بەرگۈچى ئاللا نېمەت ئۈستىگە نېمەت بەردى، ئەمما، نە ئەيلەيكى، نە قول بەرمىدى، نە قانات. بۇ دۇنيادىن كۆچسەم بىر كۈنلەر كېلىپ، ئەل-يۇرتۇم كىم بىلسۇن قايسى بۆرە، قايسى قۇشقا بولغاي نېسىپ!—دەپتۇ ئۇ.

بۇ كۆيۈپ-ئۆچۈشلەر ئوغۇز بەگلىرىنىڭ يۈرەكلىرىگە شۇن-داق تېگىپتۇكى، هەممەيلەن كۆككە قاراپ قوللىرىنى كۆتۈرۈ-شۈپ: ”قۇدرىتى ئۇلۇغ ئاللا، باي بۆرىگە خەير-ئېهسان قىل-سۇن، كۆڭلىدىكىدەك بىر ئەۋلاد!“ دەپ دۇئا قىلىشىپتۇ.

بۇ دۇئا ئۇستىدە باي بىجان دېگەن بىر باينىڭمۇ چىن قەلبىدىن:

—ھەي كەرەملىك خانلار، خانىمانلار، مەن ئۇچۇنمۇ قىلىڭلار بىر دۇئا، ”ئامىن“ دېگەنلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئاللا ماڭىمۇ ئاتا قىلسا بىر قىز ئەۋلاد، ئاسمان-زېمىن شاھىد بولسۇن باي بۆرە ئوغلىغا بېرەي ئاتاپ،—دېگەن ئىكەن، كۆپچىلىك ئۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئاللا تائالاغا سېغىنىپ يېلىنىشىپتۇ...

ئۇ چاغلاردا ھەر كىمنىڭ قەلبى ھەققە پۈتۈن بولغىنى ئۈچۈن، كۆپنىڭ قارغىشى قارغىش، تەلىۋى ئىجابەت بولىدىكەن...

بۇ دۇئالارمۇ بوشقا كەتمەپتۇ. ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە ئاللا باي بۆرىگە ئالتۇن كوكۇلىلىق بىر ئوغۇل، باي بىجانغىمۇ سۇمبۇل چاچلىق بىر قىز ئېھسان قىلىپتۇ.

ئوغۇز ئەللىرى جەم بولۇپ، شاد-خورام كۆڭۈل ئېچىشىپتۇ. باي بۆرە سودىگەرلىرىنى چاقىرىپ:

—ئاللا ھەممىگە بەرسۇن، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا بىر ئوغۇلچاق بېرىپ كۆڭلۈمنى شاد ئەيلىدى، مەنمۇ بار-يوقۇمنى پىدا قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى شاد ئەيلەي... بۇ ئاي بولمىسا كېلەر ئاي كارۋانلىرىم يولغا چىققاي، يەتتە ئىقلىم، تۆت ئەتراپنى كېزىپ ئوغلۇم ئۈچۈن شۇنداق سوغاتلار كەلتۈرۈڭلاركى، ئۆزى يېنىك، باھاسى ئېغىر بولغاي. بىر كۈن يىگىت بولۇپ مەيدانغا چىققاندا، خەلقى-ئالەم ئالدىدا يۈزى يەرگە قالمىغاي!—دەپتۇ.

ۋاقىت دېگىنىڭىزگە نە يىل توشسۇن، نە يول توشسۇن،

ئىنساننىڭ ئۆمرىنى ئاللا ئۆزى بەرسۇن. كارۋان ھەر كۈنى بىر
ئارپا بويى يۈرسە، باي بۆرە ئوغلىمۇ ھەر كۈنى بىر ئارپا بويى
ئۆسۈپتۇ. بىرى ئەگرى-توقاي يوللارنى بېسىپ چېگرا بېشىغا
بېرىپتۇ، يەنە بىرى قوغلىشىپ كەلگەن يىللارنى بېسىپ بالاغەت-
كە يېتىپتۇ. . .

باي بۆرە ئوغلى ئاتمىش يىلدىمۇ ئاتىسىغا يېتەلمەمدۇ، ئۇۋ
ئوۋلىمىغىچە نامى چىقامدۇ؟ ئۇ تالدىن-تالغا قۇرغۇي ئۇچۇ-
رۇپ، تاغدىن-تاغقا جەرەن قوغلاپ يۈرۈپ، بىر سەھەردە ئاتىسى-
نىڭ يىلقا قوشىغا بېرىپ قاپتۇ. يىلقىچىلار خۇشاللىقىدا تېرى-
سىگە پاتماي، قىلغىنى قىلىق تاپالماي قاپتۇ. باي بۆرە ئوغلىنى
چۈشۈرۈپ قوندۇرغۇدەك ياخشى جاي تاپالماي كېتىپتۇ. ئالدىغا
ياغلىق، يۈزلۈك تاۋاقلار قويۇپ، ھۆرمەت-ئىززىتىنى قىلىپ
كۈتۈۋاتقىنىدا، نەدىندۇر بىرى ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ كېلىپ داس-
تىخان بېشىدا قىرىق يىگىتنى، قىرىق يىگىتنىڭ بېشىدا باي
بۆرە ئوغلىنى كۆرۈپ:

—باتۇر يىگىت، يىگىتلەرنىڭ بېشىسىز، بېشىمىزغا كەل-
گەنلەرنى بىلگەيسىز: بىز ئوغۇز ئېلىدىن بولىمىز، سودىگەر
قۇلىدىنىمىز. . . ئون ئالتە يىل بولدى، بىز كەزمىگەن زېمىن،
ئايلانمىغان دىيار قالمىدى. تاۋار-دۇردۇن دەمسىز، ئۈنچە-مار-
جان، مەرۋايىت دەمسىز، ئەڭ ئېسىل قىممەت باھالىق ماللارنى
يۆتكەپ قارا دەۋرەن ئېغىزىغا كەلگىنىمىزدە، ھېچقاچان بېشى-
مىزغا كەلمىگەن ئىشقا يولۇقتۇق. بۇ ئاخىرقى قونالغۇدا ئۆز
تۇپرىقىمىزنىڭ ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىپ راسا ھۇزۇرلىنىۋاتقى-

نىمىزدا، ئاۋنىڭ قەلئەسىدىن چۈشكەن بەش يۈز كۈپپارغا غا-
پىل بولدۇق. ھاياتىمىزغا تەھدىت سېلىپ، ئېلىپ كەلگەن
مېلىمىز ۋە ئوزۇق-تۈلۈكىمىزنى تالان-تاراج قىلىپ، ياشتىمۇ،
باشتىمۇ مەندىن چوڭ بولغان قېرىندىشىم كارۋان بېشىنى ئە-
سىرگە چۈشۈرۈپ ئېلىپ كېتىشتى. مەن مىڭ تەسلىكتە ياش
جېنىمنى قۇتقۇزۇپ كەلدىم ئايىغىڭىزغا يىقىلىپ! —دەپ بويند-
نى ئەككەندە، باي بۆرە ئوغلى قولىدىكى ئالتۇن قەدەھنى يەرگە
ئېتىپ:

—ھەي سادىغالىڭ كېتەي قىرىق ھەمراھىم، قىرىق قېرىندى-
شىم، قۇربان بولسۇن سىزگە بېشىم. چېگرىمىزنىڭ ئىككى
قەدەم نېرىسىدا كۈپپارلار باش كۆتۈرۈپ كارۋانلىرىمىزنى تا-
لان-تاراج قىلىۋاتسا بىزنىڭ قىلىچلىرىمىز قىنىدا ئۇخلىسۇنمۇ؟
مەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا باراي، مېنى دېگەنلەر كەينىمدىن ماڭغاي!
—دەپ ئېتىغا مىنىپتۇ. قىرىق يىگىتمۇ بىللە مېڭىپتۇ...

كەلگەن سودىگەر يول باشلاپ ئالدىغا چۈشۈپتۇ. ھەش-پەش
دېگۈچە بىر جىرا ئىچىگە يېتىپ بېرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا
پۇرسەتپەرەس قاراقچىلار بۇلىغان ماللىرىنى بۆلۈشۈۋېتىپتۇ.

ياش يىگىت دەرھال ”ئاللا“ دەپ قىلىچىنى قىنىدىن چىقار-
غان پېتى قاراقچىلارنى ئۇرۇپتۇ، چېپىپتۇ، قىرىپتۇ، لېكىن
ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەرسالىرىنى يەنە يېڭەلمەپتۇ.

سودىگەرلەر دۇنياغا يەنە يېڭىۋاشتىن كەلگەندەك بولۇپ،
قىلغىلى قىلىق تاپالماي قاپتۇ. ئۈنچە-مارجان يۈكلىگەن تۆگى-
لەرنى ئالدىغا تارتىپ:

—قېنى مەرھەممەت، ياقتۇرغىنىڭىزنى ئېلىڭ يىگىتىم!
—دەپتۇ.

باي بۆرە ئوغلىنىڭ كۆزى ئۈچ نەرسىگە چۈشۈپتۇ. بىرى بوز ئايغىر، بىرى ئاق كىچىلىك يا، يەنە بىرى ئالتە قاناتلىق توقماق...

باي بۆرە ئوغلىنىڭ بۇ ئۈچ نەرسىگە كۆزى چۈشكەنلىكىنى پەملىگەن كارۋان بېشى بىر نەرسە دېيەلمەي چىرايى بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپتۇ.

باي بۆرە ئوغلى بۇنىڭدىن بىر مەنە چىقىرالماي:

—سودىگەرلەر "مال جاننىڭ ئاكىسى" دەيدۇ، خۇدا ساقلاپ، مەن ياقتۇرغان شۇ ئۈچ نەرسە ئۈچ ئوق بولۇپ جېنىڭىزغا پاتمىسۇن يەنە؟—دەپتىكەن، كارۋان بېشى دۇدۇقلاپ:

—يىگىتىم، بۇ نېمە دېگىنىڭىز، قۇش بېشىچىلىك جېنىمىز بىلەن سىزگە قەرزدارمىز. بار-يوقىمىزنى ئالدىڭىزغا تۆكسەكمۇ يەنە ھەققىڭىزگە يېتىك بولمايدۇ. لېكىن بىزنىڭ بېگىمىزنىڭ بىر ئوغلى بار. بۇ ئۈچ نەرسە بېگىمىزنىڭ شۇ ئوغلىغا ئېلىپ كەلگەن سوۋغات. ئەگەرچەندە سوۋغاتلارنى ئۆز جايىغا يەتكۈزەلمىسەك، قارا يۈزىمىزنى ئاقلىيالماسلىقىمىزدىن قورقىمىز!—دەپتۇ.

بەگ دېگىنىڭىز كىم؟ بەگ ئوغلى دېگىنىڭىز كىم—دەپ ئەنسىز سوراپتۇ باي بۆرە ئوغلى.

—بېگىمىز باي بۆرە دېگەن ئاللانىڭ بىر يېقىن قۇلى. ئوغلىمۇ شۇنداق بىر ئاتىنىڭ قانىتى-قولى. ئاللا يايلىقىمىز،

يۇرتىمىزدىن ئايرىمىسۇن سىزنى ۋە ئۇلارنى!

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان باي بۆرە ئوغلى بارمىقىنى چىشلەپتۇ ۋە ئۇن-تىن چىقارماي ئېتىنى قامچىلاپ، تاغلاردىن بوراندەك ئېشىپتۇ. . .

باي بۆرە ئوغلى تولپارىنى چېپىشىغا قويۇۋېتىپ ئۆيىگە كەپتۇ ۋە ئاتىسىنىڭ ئوڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. لېكىن نە كۆپپاردىن، نە كارۋاندىن سۆز ئاچماپتۇ. ئۇ ياقتىن-بۇ ياقتىن گەپ قىلىشىپ ئولتۇرغىنىدا، سودىگەرلەرمۇ يۇك-تاقلىرى بىلەن يېتىپ كەپتۇ-دە، يىگىتنى كۆرۈپ ئۆزلىرىنى تۇتالماي دەرھال ئالدىغا بېرىشىپتۇ.

بۇ هال باي بۆرەنىڭ كۆڭلىگە كەلگەنمۇ، ياكى ئۇنىڭغا هار كەلگەنمۇ ئەيتاۋۇر:

— هەي كارۋان بېشى، سەن كۆپ كېزىپ، كۆپنى كۆرگەن. ئىشنىڭ يولى شۇنداقمۇ؟ ئاتىسى تۇرغان يەردە ئوغلىنىڭ ئالدىغا ئۆتكەن بارمۇ؟ دەپتۇ.

كارۋان بېشى بۆرە بەگنىڭ پالتىنى تاشقا چاپقىنىنى چۈشىنىپ:

— خان بېگىم، خانىمان بېگىم، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا بارغىنىمىزغا قاراپ بىزنى ئەقىلسىز كۆرمىگەيلا. بىز مېلىمىز، جېنىمىز بىلەن بۇ يىگىتكە قەرزدارمىز. ئاللا بىزنىڭ ئۆمرىمىزدىن ئېلىپ ئۇنىڭ ئۆمرىگە قوشسۇن. دېمەك، سىلىنىڭ ئوغۇللىرى ئىكەن-دە! — دەپ باشلىرىغا كەلگەنلەرنى بىر-بىرلەپ بايان قىلغاندا، باي بۆرەنىڭ قەددى كۆتۈرۈلۈپتۇ.

—ھەي كارۋان بېشى، قولۇڭنى كۆكسۈڭگە قويۇپ ئېيت راستىنى، ئوغلۇمنىڭ تۆككەن قېنى ئەرزىمدۇ، داستان قىلىشقا يىگىتلىكىنى؟ —دەپ سوراپتۇ.

—نېمە دېگەنلىرى بېگىم، تەرىپلەشكە ئاجىزدۇر تىلىم. بىر كۆرسىلىچۇ كاشكى، نام ئەمەس، ئاتاق بېرىشكىمۇ ئەرزىيدۇ. تى! نە كۈننى كىچىكتۇرمىگەيلا، نە تويىنى ئەمدى. . . —دەپتۇ كارۋان بېشى.

باي بۆرەنىڭ زىكرى-پىكرىمۇ شۇ تۇرسا، يەنە نېمىگە كۈتسۇن! دەرھال ئوغۇز بەگلىرىنى چاقىرىپ ئوغلىغا شۇنداق بىر داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپتۇكى، كۆرگەنلەر بارمىقىنى چىشلەپ قاپتۇ. بۇ شاد-خۇراملىق ئىچىدە ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى دەدە قورقۇتمۇ كېلىپ، نام بېرىشكە رىياسەتچىلىك قىلىپتۇ:

—ھەي باي بۆرە، ئاللا سىزگە بىر ئوغۇل بېرىپتۇ. ئۇنى مۇراد-مەقسىتىگە يەتكۈزۈڭ. . . ئېگىز تاغلار ئاشماقچى بولسا، ئاشقىلى نېسىپ قىلسۇن؛ قارلىق سۇلار كەچمەكچى بولسا، كەچكىلى نېسىپ قىلسۇن؛ كۇپارغا قارشى ئېتىلماقچى بولسا، قولىغا قۇۋۋەت، قىلىچىغا نۇسرەت ئاتا بولسۇن؛ ئۆز ئېتى بامسى بۆرەك، بوز ئېتى يېنىك يۈگۈرەك بولسۇن. نامىنى مەن بەردىم، ئېتىنى ئاتىسى بەرسۇن، —دەپ دۇئا قىلىپتۇ. ئوغۇز بەگلىرىمۇ چىن قەلبىدىن بۇ دۇئاغا ”ئامىن!“ دەپتۇ. ئاتىسىمۇ ئالەمچە سۆيۈنۈپ:

—ئاللا ئوغلۇمنىڭ بۇ كۈننى كۆرسەتتى. ئىنشائاللا تويىنىمۇ كۆرسەتسۇن، —دەپ سودىگەرلەرگە ئىستانبۇلدىن ئالدۇ-

رۇپ كەلگەن ئۈچ سوۋغاتنى ئالدىغا قويۇپ، بىرىنچى ئەھدىنى ئادا قىلىپتۇ.

كېيىن بۇ كۈننىڭ ھۆرمىتىگە بىر شىكار ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. باي بۆرەكمۇ ئاق كىرىچلىك يايىنى ئېلىپ بوز ئېتىغا مىنىپتۇ. ئۇ كۆكتە ئۇچقان قۇشلارنى بىر-بىرلەپ چۈشۈرۈۋاتقىنىدا، بىر-دىن قايسى بىر تۆپىلىكتىن بىر كېيىك پادىسى چۈشۈپ كەلسە-مۇ! كۆككە كۆز تىككەنلەر يەرگە بۇرۇلۇپ كېيىككە قاراپ يۈرۈشۈپتۇ.

بامسى بۆرەكمۇ بۇ چىرايلىق كېيىكلەردىن بىرىنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ. يېتىشەي دەپ قالغاندا، ياپيېشىل بىر ئوتلاق كۆرۈنۈپتۇ. ئوتلاقنىڭ ئۈستىدە قىزىل سايىۋەنلىك بىر ئو-تاق،① ، ئوتاقنىڭ ئالدىدا يېشىل باشلىق بىر سۇنا②تۇرۇپتۇ. ھالبۇكى، بۇ ئوتاق مەشۇقى گۈلبانۇنىڭ ئوتىقى بولمىسۇن يەنە! بوز ئاتلىق بىر ئوۋچىنىڭ ئۇدۇل كېلىپ، ئىبادەت ئوتىقىنىڭ ئالدىدا بىر كېيىكنى يەرگە يىقىتقىنىغا غورۇرى يول قويمىغان زەڭگەر كۆزلۈك گۈلبانۇ گۈل-چېچەك خىزمەتكار قىزلىرىنى چاقىرىپ:

—تاغ-تاشنى ئاز دەپ بۇ يەرگە كېلىپ، مەرگەنلىكىنى بازارغا سالغان بۇ ئارسىز كىمدۇ! بېرىپ ئۇنىڭغا شېرىك بو-لۇڭلار، قېنى قانداق قىلىدىكىن؟—دەپتۇ.

—بۇ كېيىكتە بىزنىڭمۇ نېسىۋىمىز بار يىگىتىم،—دەپتۇ

---

① ئوتاق—چوڭ كىگىز ئۆي.
② سۇنا—ئەركەك ئۆدەك—ت.

قىزلار ئۇنى چېكىپ باقماقچى بولۇپ.

—مەن قىسمەت ئىزدەپ يۈرگەن ئوۋچى ئەمەسمەن قىزلار. مەنمۇ بىر بەگ ئوغلى بەگمەن. ئىچ پۇشقى ئۈچۈن ئوق ئېتىپ، ئوۋ ئوۋلاپ بۇ يەرگە كېلىپ قاپتىمەن. سىلەرگە كېرەك بولسا، ھەسسە-نېسىۋە دېگەن قانداق گەپ، ئوۋ سىلەرنىڭ بولغاي، مەن ئارقامغا ياناي، يول سىلەرنىڭ بولغاي. . . لېكىن سوراشقا بارماس تىلىم، ئەپۇ قىلغايسىلەر، بۇ ئوتاق كىمنىڭ بولغاي؟—دەپ سوراپتۇ.

—بۇ ئوتاقمۇ؟—دەپتۇ ئۇلار، —بىجان بەگنىڭ قىزى گۈلبانۇنىڭ.

بۇنى ئاڭلىغان بامسى بۆرەكنىڭ قانلىرى ئۇرغۇپتۇ. لېكىن ئاغزى-تىلى تۇتۇلۇپ، بېشىنى ئۇ تەرەپكە بۇراپتۇ.

قىزلار ئېيىكنى ئەپ كېلىپ گۈلبانۇنىڭ ئالدىغا قويغاندا:

—قىزلار، —دەپتۇ ئۇ، —بۇ يىگىتنىڭ كۆڭلىنى سىناپ باقتىڭلارمۇ، قانداقراق يىگىتتۇ؟

—يائاللا سۇلتانىم، —دەپتۇ قىزلار، —چىرايىدىن بەگلىك چىقىپ تۇرىدۇ، ياخشىلىقىدا گەپ يوق، يارامliق بىر يىگىت، ئەمما قانداق ھىكمىتى باركىن، يۈزى نىقاپلىق تۇرىدۇ، — دېگەندە، بۇ گۈزەللەر گۈزىلىنىڭ يۈرىكىگە بىر ئوت چۈشۈپتۇ:

—ياشاڭلار قىزلار، ئاتام ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسا، ئاتىقىم بار، سۆزۈم بار، بېرىمەن سېنى بۆرە خاننىڭ ئوغلىغا، ئۇ يۈزى تۈۋەن، يۈزى نىقاپلىق بىر يىگىت، دەيتتى. خۇداغا ئامانەت، بۇ شۇ يىگىت بولمىسۇن يەنە! چاقىرىڭلارچۇ ئۇنى،

قايسى تاغنىڭ گۈلى سىز، قايسى گۈلنىڭ بۇلبۇلى دەپ سوراپ باقايلى! — دەپتۇ ئۇ.

خان قىزىنىڭ سۆزى يەردە قالسۇنمۇ، قىزلار دەرھال بې-رىپ بۆرەكنى تەكلىپ قىلىپتۇ. گۇلبانۇمۇ ياشماق[1] ئۇستىگە ياشماق تارتىپ، ئىززەت-ئىكرام ئەيلەپ، بۆرەك بىلەن سۆزلە-شىشكە باشلاپتۇ:

— نەدىن كەلدىڭىز يىگىت؟

— ئىچ ئوغۇزدىن.

— ئىچ ئوغۇزدا كىملەردىن بولىسىز؟

— يات ئەمەس، بۆرە بەگنىڭ ئوغلىمەن. ئىسمىم بامسى بۆرەك.

— سوراۋەردىم، ئەيىبكە بۇيرۇماسسىز، بۇ يەرلەردە نېمە ۋەجىدىن ئايلىنىپ يۈرىسىز؟

— بىجان بەگنىڭ بىر قىزى بارمىش، ئۇنى كۆرگىلى كەلدىم.

— بەگ يىگىت، نامى ئۇلۇغ بىجان بەگنىڭ گۇلبانۇ دەپ بار بىر قىزى، مەن بولسام ئۇ گۈلنىڭ پەرۋىشچىسى. لېكىن ئۇ ھەركىمگە كۆرۈنۈۋەرمەس بولمىغۇچە كۆڭلىگە ياققان بىرى. يۈرىكىڭىز سوقسا ئەگەر، ئىككىمىز ئات چېپىشايلى ئاۋۋال. سىزنىڭ ئېتىڭىز مېنىڭكىدىن ئۆتۈپ كەتسە، ئۇنىڭكىدىنمۇ ئۆتكەي. . . ئوق ئېتىشايلى، سىزنىڭ ئوقىڭىز مېنىڭكىدىن ئۆ-

[1] ياشماق — كۆزنىلا كۆرسىتىدىغان چۈمپەردە — ت.

تۇپ كەتسە، ئۇنىڭكىدىنمۇ ئۆتكەي. . . چېلىشايلى، مېنىڭ يې-
نىمنى يەرگە تەككۈزەلىسىڭىز ئۇنىڭكىمۇ تەككەي. كۆرمەكچى
بولسىڭىز پەقەت شۇ چاغدىلا كۆرەلەيسىز.

”ھە. . . دۇنيا دېگەن شۇ. ئادەم-ئادەمدىن قېلىشمايدۇ.
سىناشقانغا سوت يوق، تەلىيىمىزنى بىر سىناپ كۆرمەي-
دۇق!“ دەپ مەيدانغا چۈشۈپتۇ بۆرەك.

ئات چېپىشىپتۇ، قىزدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئوق ئېتىشىپ-
تۇ، قىزدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ھالبۇكى، چېلىشىش بامىسى
بۆرەكقە ئېغىر كېلىپ نەپسى قىسىلىپتۇ.

غەيرەت بەرسۇنكى، ”بۇ يەردە يېڭىلىپ قالسام بىر قىزغا،
قايسى يۈزۈم بىلەن قايتىمەن يۇرتۇمغا!“ دەپ، بىر ئەندىشە
چۈشۈپ مەدەتكە كەپتۇ-دە، يېڭىۋاشتىن كۈچىنى يىغىپ، ئاران
دېگەندە قىزنى يەرگە بېسىپتۇ. . .

مانا شۇ چاغدا گۈلبانۇ ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ ياشمىقىنى
ئاچماسمۇ! ياش يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كېتىپتۇ.
نېمە دېيىشنى، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قاپتۇ. كېيىن ئوتاققا
كىرىپ ئىككىسى كۆڭۈل سىرلىرىنى ئېيتىشىپ، مۇھەببەت
رىشتىسىنى باغلىغاندىن كېيىن باي بۆرەك:

—ھەي پېشانەمگە يېزىلغان سۆيگۈ پەرىشتەم، ياراتقان ئاللا
بىزنى بىر بىرىمىز ئۈچۈن يارىتىپتىكەن، يەنە نېمىگە كۈتۈپ
تۇرىمىز! نىشان ئۈزۈكىمىز[①]بۇ ئۈزۈك بولسۇن-دە، پات ئارا،

① نىشان ئۈزۈكى—بىر قىزغا نامزات بولغان يىگىتنىڭ نىكالىنىشتىن ئىلگە-
رى خاتىرە بەلگىسى سۈپىتىدە قىزغا سىلىپ قويغان ئۈزۈكى—ت.

تېز سائەتتە تويىمىز بولۇپ، نىكاھىمىز ئوقۇلسۇن، —دەپ ئال-
تۇن ئۈزۈكىنى چىقىرىپ گۇلبانۇنىڭ بارمىقىغا سېلىپ قويۇپ-
تۇ. . . ئەمدى قاراپ تۇرسۇنمۇ! بىر تال ئالمىنى پىچاق بىلەن
ئىككىگە بۆلگەندەك، بۆرەك گۇلبانۇدىن ئايرىلىپ يولغا چىقىپ-
تۇ. تاغ-داۋانلار ئېشىپ، كەچ كىرگەندە ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ.

ئاقساقاللىق ئاتىسى مەغرۇرانە ئالدىغا چىقىپ:

—كەل، ئىسمى چىرايلىق ئوغلۇم. نەلەردە يۈرۈپ شۇنچە كەچ قالدىڭ؟ يايلاقمۇ يايلاق كېزىپ، ئوغۇز ئەللىرىدە نېمىلەر-نى كۆردۈڭ؟—دەپ سوراپتۇ.

—نېمىلەرنى كۆرەي، ئاقساقاللىق ئەزىز ئاتا، ئوغلى بارلار ئوغۇل ئۆيلەپتۇ، قىزى بارلار قىز چىقىرىپتۇ. ھەممە ھەسرەتلىكلەر مۇراد-مەقسىتىگە يېتىپتۇ. . .

—ئاللا سائىمۇ بەرسۇن، ئوغلۇم. كۆڭلۈڭدىن كەچكەن بىرى بولسا، كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا بېشىڭنى ئوڭلاپ قوياي، بەختى پېشانەڭدىكىنى كۆرسەم دەيمەن.

—ئېيتالماسلىقىم مۇمكىن ئاتا، ئېيتاي دېسەم تىلىم قىس-قا. ئاللا پېشانەمگە راست يازغان بولسا، دىتىمغا، كۆڭلۈمگە ياققان بىرى. . .

—چۈشەندىم ئوغلۇم، چۈشەندىم. سېنىڭ كۆڭلۈڭگە ياق-قان بىرى بولسا شۇنى كۆرەيلى. بولمىسا بىجان بەگنىڭ قىزى گۇلبانۇ بار، ئاللا ئۇنى سەن ئۈچۈن ياراتتى. بىراق ئۇنىڭ تەلۋە قاچار ئىسىملىك قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغان بىر ئاكىسى بار. گۇلبانۇغا ئېغىز ئاچقانلارنىڭ ئاغزى ئاۋارە بولغىنى قالىدۇ.

ئۇنداق دەپ بېقىپتۇ، بۇنداق دەپ بېقىپتۇ، لېكىن باتۇر يىگىت بۇ تەلۋىنىڭ تىكىنىدىن قوللىرىنى قاناتماي بۇ گۈلنى بەرگىدىن قانداق ئۈزۈۋېلىشنى بىلەلمەپتۇ. ئاخىر "كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ" دېيىشىپ، يۇرتنىڭ چوڭى ئوغۇز بەگلىرىنى چاقىرىپتۇ. ئۇلارمۇ ھېچنېمە دېيەلمەپتۇ. ئۇلار ئامالسىزلىقتىن بېشى قېتىپ، ئىشنى يەنىلا قورقۇت ئاتا بىر تەرەپ قىلالايدۇ، دېيىشىپتۇ-دە، ئۇنى ئەۋەتىشنى مۇناسىپ كۆرۈشۈپتۇ.

—ھەي بەگلەر، —دەپتۇ قورقۇت ئاتا، —بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرغان ئىكەنسىلەر، ئەلۋەتتە مەنمۇ بۇنىڭدىن باش تارتماي-مەن. لېكىن تەلۋە قاچار سىڭلىسىنى سورىغان كىشىنى ئۆلتۈ-رىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بايىندىرخاننىڭ دۆلدۈللىرىدىن ئىككىنى توقۇڭلار. بىرى تىكە باشلىق بەيگە ئايغىرى بولسۇن، بىرى توقلا باشلىق تورۇق ئايغىر بولسۇن. بىرى ئويغا، بىرى دۆڭگە يۈگۈرۈك بولسۇن.

توغرا سۆزگە كىم نېمە دېسۇن! ئىككى شاھباز ئايغىرنى كەلتۈرۈپتۇ. بىرىنى مىنىپتۇ، بىرىنى يېتىلەپتۇ.

خەير-خوش بەگلەر، ئاتىلار، يول بېرىڭلار يايلاقلار، تاغ-لار! —دەپ يولغا چۈشۈپتۇ دەدە قورقۇت.

دەدە قورقۇت بېرىپ قارىسا، تەلۋە قاچار ئاق ئوتاق قۇردۇ-رۇپ، دوست-يارەنلىرىنى توپلاپ نىشانغا ئوق ئېتىشىۋېتىپتى-كەن. گويا بۇتاغلارنى ئۇ ياراتقاندەك كۆرەڭلەپ كېتىپتۇ.

دەدە قورقۇت يەتتە قەدەم نېرىدىن تەزىم قىلىپ، قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام بېرىپتۇ. لېكىن تەلۋە قاچار ئۇنىڭ

سالىمىنى ئىلىك ئالماپتۇ. ئۇنىڭغا بېشىدىن ئايىغىغىچە كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، سالام-سائەت قىلىشمايلا:

ھەي يولىدىن ئازغان، قادىر ئاللا پېشانىسىگە قازا يازغان. ئاياقلىقلار بۇ تۇپراقنى باسقان ئەمەس، ئېغىزلىقلار بۇ سۇلاردىن ئىچكەن ئەمەس. سېنى بۇ يەرگە شامال ئېلىپ كەلدىمۇ، قىدىيان-سەلمۇ. . . بىزدە پۈتكۈزىدىغان بىرەر ئىشىڭ بارمۇ، يا بولمىسا چۈشۈڭ بۇزۇلۇپ، ئەجىلىڭ باشلاپ كەلدىمۇ! — دەپتۇ، بۇ سۆزلەرنى ئېغىر ئالغان قورقۇت ئاتا:

—ھەي يىگىت، نە چۈشۈم بۇزۇلسۇن، نە ئۆزۈم. ھەق ئالدىدادۇر مېنىڭ يۈزۈم! قىسمەت شۇنداق ئىكەن، قارا-قارا تاغلىرىڭدىن ئېشىپ كەلدىم. سوغاق-سوغاق سۇلىرىڭدىن ئىچىپ كەلدىم، ئاللانىڭ ئەمرى، پەيغەمبەرنىڭ ھۆكمى بىلەن، ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس قېرىنداشلىرىڭ گۈلبانۇنى باي بۆرە ئوغلى باي بۆرەككە سوراپ كەلدىم. . . — دەپتۇ. تەلۋە قاچارنىڭ ئەقلى ھەيران، قۇيرۇقى سىڭايان بولۇپ، كۆزلىرى ئالاق-جالاق بولۇپ كېتىپتۇ.

—كەلتۈرۈڭلار ئايغىرىمنى، بۇ شۇم ئېغىزنىڭ بېرەي ئەدىپىنى! —دەپ ئېتىغا مىنىپتۇ. دەدە قورقۇتنى قوغلاپ جىلغىلاردىن سەلدەك، تۆپىلىكلەردىن بوراندەك ئۆتۈپ ئۇنىڭغا يېتىشىپتۇ ۋە قىلىچىنى چىقىرىپ، بىر ئۇرۇشتا بېشىنى ئۇچۇرماقچى بولۇپتۇ. دەدە قورقۇت ئاللاغا سېغىنىپ ئىسمى ئەزەم[1]

---

① ئىسمى ئەزەم—ئاللانىڭ توقسان توققۇز ئىسمىنى ئاتاپ قىلىنغان دۇئا.

ئوقۇپتۇ ۋە:

—ھەي تەلۋە قاچار، ھەققە قىلىچ چېپىلماس. مېنى چاپقان قوللىرىڭ قۇرۇسۇن، ئىنشائاللا! —دەپتىكەن، خۇدانىڭ ھېكمىتى بىلەن تەلۋىنىڭ قورقۇت ئاتىغا كۆتۈرگەن قولى كۆتۈرگەن پېتى قېتىپ قاپتۇ...

—يا مەدەت، ئامان، ئەل ئامان، تەڭرىنىڭ بىرلىكىگە يوقتۇر گۇمان! —ھەققە قول كۆتۈرگەننىڭ ھالى قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرگەن تەلۋە قاچار دەدە قورقۇتنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىپ:

—ھەي كارامەت ساھىبى، مەن قىلغاننى سىز قىلماڭ. بىر دۇئا قىلىپ قولۇمنى ئەسلىگە كەلتۈرگەيسىز. ئاللانىڭ ئەمرى، پەيغەمبەرنىڭ ھۆكمى بىلەن قېرىندىشىم گۈلبانۇنى باي بۆرەككە بەرگەيمەن، —دەپ زارلاپ تۇرۇپ تۆۋە-تەساۋۇپ قىلغان ئىكەن، ئاللانىڭ ھېكمىتى بىلەن يەتمىش ئىككى تومۇرىغا قان يۈگۈرۈپ قوللىرى ئەسلىگە كەپتۇ. لېكىن، ساراڭنىڭ ئوڭى بولسۇنمۇ! گۈلبانۇنىڭ تويلۇقىغا بۇرگىدىن تۆگىگە قەدەر سېلىق ساپتۇ... ئۇنى ئاز دەپ يۈزىنى ئۆرۈپ:

—بۇ دېگەنلىرىمنى ئورۇنلىسىڭىز ئورۇنلاڭ، ئورۇنلىيالمىسىڭىز كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولماڭ، —دەپ كۆزلىرىنى ئالايتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بىر ئېغىز سۆز بىلەن تويلۇق پىچىلىپتۇ. دەدە قورقۇت باي بۆرەنىڭ يېنىغا كېلىپ، بولغان-پۈتكەننى ئاڭلىتىپتۇ:

—مۇبارەك بولسۇن، قىزنى بەرمەكچى بولدى، لېكىن ئال-تۇن تەلەپ قىلغاندەك بويى بىلەن تەڭ. . . مىڭ بۆرغا تەلەپ قىلغۇدەك ھىڭگان كۆرمىگەن. . . مىڭ ئايغىر تەلەپ قىلغۇدەك بايتال كۆرمىگەن. . . مىڭ قوشقار تەلەپ قىلغۇدەك ساغلىق كۆرمىگەن. . . مىڭ ئىت تەلەپ قىلغۇدەك قۇيرۇقى، قۇلىقى بولمىغان. . . مىڭ بۇرگە تەلەپ قىلغۇدەك قول-ئايغى بولمى-غان. . . —دەپ، تەلۋە قاچارنىڭ پىچقان سېلىقمنى بىر-بىرلەپ ساناپ ئۆتكۈزگەندە كىمدە جان قالسۇن، بۇنى ئاڭلىغانلار كۈ-لۈپ، ئۈچەيلىرى ئۈزۈلۈپ قالاي دەپتۇ.

قانداقلا بولمىسۇن، ھەپتە ئۆتمەي بۇ سېلىقنى بىر-بىرلەپ تىزىپ يولغا چىقىشىپتۇ. تەلۋە قاچار ئاتلارنى كۆرۈپ مىنگۈسى كەپتۇ: تۆگىلەرنى كۆرۈپ سۇرگۈسى كەپتۇ؛ قوشقارلارنى كۆ-رۈپ يېگۈسى كەپتۇ. . . ئەيتاۋۇر قۇيرۇقسىز، قۇلاقسىزلار بى-لەنمۇ نەپسى تويماپتۇ:

—شۇنداقمىدى ۋەدىمىز، قېنى مېنىڭ بۇرگىلىرىم؟ —دەپ دەدە قورقۇتنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپتۇ ئۇ. بۇ مۇبارەك پېشىۋا نېمە دېسۇن:

—ھەي ئەقىللىقىم، —دەپتۇ ئۇ، —بۇرگە دېگەننىڭ بىر-نىڭ، مىڭنىڭ كېپى بولامدۇ. ھەممىسىنى بىر يەرگە توپلىدىم، تولۇپ يېتىپتۇ، سېنى قاچان كېلەركىن دەپ كۈتۈپ تۇرۇپتۇ! ئۆز قولۇڭ بىلەن ئايرىۋال چوڭىنى-كىچىكىنى، ئورۇقىنى-سې-مىزىنى. . . خالىساڭ چېدىر قىل، قاپ تېغىغا تېرىسىنى. . . دەپ تەلۋە قاچارنى بىر بۇرگىلىك يەرگە باشلاپ بېرىپتۇ ۋە

كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ئۈستى-بېشىنى يالىڭاچلاپ ئېغىلغا سولاپ، ئىشىكىنى دۇملەپ قويۇپتۇ. بۇرگىلەر ئۇنىڭ ئانام، دادام دېگىنىگە قويسۇنمۇ، تاتلىق جېنىنى شۇنداق بىر ئۆرتەپتۇكى، ”ئامان ئاتا، ئەل ئامان ئاتا، ئىشىكى نەدە بۇ يەرنىڭ، تۈڭلۈكى نەدە؟“ دەپ داد-پەرياد قىلغىلى تۇرۇپتىكەن، دەدە قورقۇت ئۇنىڭ ئىككىنچى ئۇنداق چاتاق سالماسلىقىغا ۋەدىسىنى ئېلىپ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ قارىسا، ھېلىقى ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغانىنىڭ ئاللا-تۆۋىسىنى كۆرۈپتۇ. قول-پۇت، يۈز-كۆزلىرى كۆرگۈسىز بولۇپ كېتىپتۇ. بۇرگە دېگەنگە تويۇپتۇ. . .

— ئەقىللىقىم، دەپتۇ دەدە قورقۇت، — قانداق، خاس باغچىنىڭ گۈللىرىنى ئۈزەلىدىڭمۇ!

تەلۋە قاچار تىزلىرىغا ئۇرۇپ:

— سورىماڭ ئاتا، سورىماڭ. بۇ خاس باغچىدا چەككەن ئازابلىرىمنى سورىماي قويۇڭ! بىر بۇرگە چىقتى تېنىمگە، ھېچ باقمىدى ھالىمغا. بىر تېپىۋىدى بېلىمگە، چىدالمىدىم ئاغرىقىغا. . . بىرى سەكرىدى يانپېشىمغا، ئۇ يەردىن چاچرىدى يۈزۈمگە. بىرنى تەپتى كۆزۈمگە، ۋايجان! چىدالمىدىم ئاغرىقىغا! دېيىشىمگە قاياقتىندۇر ھەممىسى قوزغىلىپ كېلىپ پۈتۈن ئەزايىمنى تالاپ ھۆتمە-تۆشۈك قىلىۋەتتى. لېكىن كىمگە ئېيتاي ھالىمنى، ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا. مىڭ تۆۋە، ئىككىنچى بىرسىگە نە ئاۋارىچىلىق سالمايمەن. ئاللا سىڭلىمنىڭ پېشانىسىگە يازغان بولسا، ئەتىدىن تېزى يوق. داقا-دۇمباقلار چېلىنسۇن، تويلىرى قىلىنىپ، نىكاھلىرى ئوقۇلسۇن، — دەپ

ئاغزىنى تاتلىق قىلىپتۇ-دە، جىلغا تەرەپكە قاراپ كېتىپتۇ.

قورقۇت ئاتا بۇ تەلۋىنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ، يايلىقىغا قايتقىنىچە ئەل-يۇرت ئىچىگە بېرىپ چوڭلارغا ئىكرام بىلدۈرۈپتۇ. بامسى بۆرەككە قاراپ:

—يۈر ئوغلۇم، كۈنۈڭ تۇغدى، تويۇڭ باشلاندى، ئەمدى قاراپ تۇرما، ئات ئوقۇڭنى! —دەپتۇ.

ئۇ چاغلاردا يىگىت ئۆيلىنىدىغان ۋاقىتتا بىر ئوق ئاتىدىكەن. ئاتقان ئوقى نەگە بېرىپ چۈشسە، تويى، چېدىر-ھۇجرىسى شۇ يەردە بولىدىكەن.

بامسى بۆرەك خۇشاللىقتا ئورنىدىن سەكرەپ كېتىپتۇ. ئەمدى ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋالسىمۇ توختىسۇنمۇ! يانى تارتىش بىلەن ئوقنىڭ كىرىچتىن چىقىشى تەڭ بوپتۇ. ئۇ قىرىق يىگىتنى ئېلىپ، ئوقى چۈشكەن يەرگە بېرىپ ھۇجرىسىنى قۇرۇپتۇ. قىز ئۆيىدىن كۆيئوغۇلغا بىر قىزىل تون كەپتۇ. بۆرەك تونىنى كىيگەندە، يولداشلىرىنىڭ كۆڭلى يېرىم بوپتۇ. بامسى بۆرەك بۇنى ئۇلارنىڭ چىرايىدىن سېزىپتۇ:

—ھەي قىرىق ھەمرىھىم، قىرىق قېرىندىشىم، قۇربان بولسۇن سىلەرگە جېنىم! قاشلىرىڭلارنى نېمىگە سوزۇسىلەر، ياراشماپتىمۇ ماڭا بۇ كىيىم، —دەپتۇ. باشقىلارنىڭ ئاق كىيىپ، ئۇنىڭ قىزىل تون كىيگەنلىكىگە يولداشلىرىنىڭ قۇرسىقى كۆپكەنلىكىنى ئاڭلاپ، —تويلۇق ئەمەسمۇ، بۇ! بۈگۈن مەن كىيدىم، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى بىرىمىز كىيىپ، قىرىق كېچە-كۈندۈز توي قىلىمىز. ئاندىن بېشىمىزنىڭ سەدىقىسى

قىلىپ بىر يوقسۇلغا بېرىپ دۇئاسىنى ئالىمىز، — دەپتۇ ئۇ.
”تاتلىق سۆز كۆڭۈلنىڭ يايلىقى“ ئەمەسمۇ! بۇ سۆزنى ئاڭلىغان قىرىق يىگىتنىڭ قەددى كۆتۈرۈلۈپتۇ. قىرىق بىر ئېغىزدىن ”هاي-هاي“ توۋلاپ ناخشا باشلاپ، تاغ-تاشنى تىترىتىپتۇ. بۆرەكنىڭ تويى دۇنياغا داڭ كېتىپتۇ!
ئەلدە ياخشىلار كۆپ بولغىنىدەك، يامانلارمۇ يوق ئەمەس. شۇم ئېغىزلاردىن بىرى بولغان-ئەتكەننى ئېقىتماي-تېمىتماي بايبورت بېگى تەكۈرنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزۈپتۇ. هالبۇكى، گۈلبانۇمۇ بۇ غاپىلنىڭ بۇرنىغا پۇرىغانمىش. ئۇنىڭ بۇ كېچە هۇجرىغا كىرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئەقلى-هوشىدىن كېتىپتۇ. يەتتە يۇز ئاتلىقنى كەينىگە سېلىپ، چاڭنى تۇمانغا قېتىپ، ئەل جىمىققاندا ئۇلارنىڭ ئوتاقلىرىنى بېسىپتۇ.
نېمىگە ئۇچرىغىنىنى بىلمەي قالغان بۆرەكنىڭ قولدىشى دەرهال قىلىچىنى چىقىرىپ: ”باي بۆرەككە پىدا بولسۇن مېنىڭ بېشىم!“ دەپ ئالدىغا كەلگەننى چېپىپتۇ. لېكىن بۇ قانلىق سۈرەننى بىر باشقا ئېلىپ چىقالىسۇنمۇ؟ ئاخىر شېھىتلىك شارابىنى ئىچىپ باقى ئالەمگە كېتىپتۇ. بەختى قارا باي بۆرەك بىلەن قىرىق يىگىتمۇ غاپىل بولۇپ كۈپپار قولىغا چۈشۈپتۇ.
”ئات كىشنەر، ئەل ماختىنار“ لېكىن يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقسۇنمۇ؟ بۇلۇت بولۇپ كۆكتە ئاقالماس، يامغۇر بولۇپ يەرگە ياغالماس! ئاخىر، بۆرەك تەقدىرگە بويۇن ئېگىپتۇ.
ئۇلار قوللىرى باغلىنىپ كۈپپارلار ئىچىدىگە ئېلىپ كېتىلىپتۇ.

ھەممىمىزنىڭ بېشىغا خەيرلىك، بەختىيار تاڭلار ئاتسۇن!
كۈن تۇغۇپ قىپقىزىل شەپەق نۇرى كۆتۈرۈلگەندە، يىگىت تە-
رەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قارىغۇدەك بولسا، ھۇجرىنىڭ
ئورنىدا شامااللار گۈركىرەۋېتىپتۇ، يايلىقىمۇ، يۇرتىمۇ بۇ؟
كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قاپتۇ! يېقىن بېرىپ قارىسا، نە باي بۆ-
رەك، نە قىرىق يىگىتنىڭ بىرىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. ئۇلار نېمە
بولغانلىقىنى بىلەلمەپتۇ.
ئاتىسى ”ئوغلۇم، ئوغلۇم“ دەپ تاغ-تاشنى يىغلىتىپ،
ئاسمان-زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپتۇ. . . ئانىسى ”ئوغلۇم،
ئوغلۇم“ دەپ چاچلىرىنى يۇلۇپ، يۈز-كۆزلىرىنى قىيما-چىيما
قىلىپتۇ. سىڭىللىرى يەتتە كۆزدىن يەتتە بۇلاقتەك تارام-تارام
ياش ئېقىپتۇ، بەزىلىرى تولا يىغلاپ كۆزىدىن ئارىلىپتۇ، بەزى-
لىرى ئۆزىنى يەرگە ئۇرۇپ تىزىدىن ئايرىلىپتۇ. باي بۆرەكنىڭ
ئۆيىنى ماتەم بېسىپتۇ. قىزلار نە قوللىرىغا خېنە ياقماپتۇ. نە
چىراي ئېچىپ قاقاقلاپ كۈلمەپتۇ. ھېلىقى كۆكۈل يايلىقىنىڭ
گۈلى گۈلبانۇچۇ! ئۇنى سىزمۇ سورىماڭ، مەنمۇ ئېيتماي.
ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن ھېچكىمگە كەلمىسۇن. . .
باي بۆرەكنى قولىدىن ئۇچۇرۇپ، قۇرۇق قول، نا ئۇمىد
قالغان گۈلبانۇ ئاھۇ-زارنى باشلاپتۇ: ”ۋاي كۆز ئېچىپ كۆرگە-
نىم، كۆكۈل بېرىپ سۆيگىنىم! ۋاي بىر ياستۇقتا باش قويغى-
نىم، يولىغا قۇربان بولغىنىم! ۋاي ئۆيۈم — ئوچىقىمنىڭ گۈ-
لى! ۋاي يايلىقىم، يۇرتۇمنىڭ بۇلبۇلى! مېنى تاشلاپ* كەتتىڭ
نەلەرگە، ئېلىپ كېتىلدىڭ نەلەرگە؟ كەتكەن بولساڭمۇ قايت،

ئېلىپ كېتىلسەڭمۇ قايت! سەنسىز بۇ كۈنلەر دوزاقتۇر ماڭا، كۈنۈم سەن، تۈنۈمسەن يانا! سەن بىلەن باشلانغان ئۆمرۈم، پۈتسۇن سەن بىلەن! . . .".

بۇ ئاھ-زارنى ئاڭلاپ، تۇرۇلۇپ ئاققان سەللەر تۇتۇپتۇ هازا، چېكى توزىغان يوللارمۇ باغلاپتۇ قارا. ئۈستۋاشلىرىغا قارىلىق كىيىم، ئوغۇز ئەللىرى يىغلاپتۇ تازا. . .

بۇ قارا كۈنلەر ئايلار داۋاملىشىپتۇ، يىللار داۋاملىشىپتۇ، نە باي بۆرەك قايتماپتۇ، نە ئوتتۇز توققۇز يىگىتتىن بىرى. . .

ئىشەنگەن تاغلارغا قار يېغىپ، ئۈمىدلىرى ئۈزۈلگەن كۈن-لەرنىڭ بىرىدە گۈلبانۇنىڭ ئاكىسى تەلۋە قاچار بايىندىرخاننىڭ هۇزۇرىغا باش ئۇرۇپ:

—هەي دۆلەتلىك خانلار خانى!—دەپتۇ،—ئاللا ئۆمرىڭىز-نى بەرسۇن، هەر هەقنى سىزنىڭ كۆزىڭىز كۆرىدۇ، هەر ئىش سىزنىڭ قولىڭىزدا پۈتىدۇ. مېنىڭمۇ يېتىپ ئاشقۇدەك بىر دەردىم بار! بۇ دەرد مېنىڭ ئەمەس، بىر گۈلنىڭ دەردى. . . بىر گۈلنىڭ دەردى ئەمەس، بىر يايلاقنىڭ دەردى. . . تىز چۆكۈرۈپ ئالدىڭىزغا كەلدىم دەرد تۆككىلى، باي بۆرە ئوغلى بامسى بۆرەككە ئون ئالتە يىل بولدى، يوقاپ كەتكىلى، بۈگۈن-گىچە نە بىر خەۋەر، نە بىر تىۋىش چىقمىدى. بۇنچە يىللار سولدۇرمىسۇن قانداق گۈلنى، سولدۇرمىسۇن گۈلبانۇنى! بەخ-تى قارا قېرىندىشىم، كۆزلىرى يولدا، كۆڭۈللىرى گۇماندا، كۈتۈر-كۈتۈر سولۇپ كەتتى. يەنە ئاتمىش يىل كۈتسۇنمۇ، بىر

مەردانە مەيدانغا چىقىپ، دۇنيانى يېڭىۋاشتىن كېزىپ، بۆرەكنى بىر تاشنىڭ تېگىدە بولسىمۇ كەلسە تېپىپ. تاپان ھەققىگە بويى بىلەن تەڭ بىرەي ئالتۇننى؛ ئېلىپ كەلسە "يوق" دېگەن شۇم خەۋەرنى، ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولماس، ئۇ چاغدا ئاڭا بىرەي گۈلبانۇنى.

خانلار خانى بايىندىرخان بۇ سۆزلەرنىڭ تېگىگە يېتىپ، دەيدىغىنىنى دېمەستىنلا، يالغانچى ئوغلى، يالغانچىنىڭ بىرى يالىنجىق يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— ھەي سۇلتانىم، ئىجازەت بەرگەيسىز، بۇ ئىشقا مەن باراي. ئالىمادىس پىلىنىڭ قۇلىقىغا كىرىۋالغان بولسىمۇ، بۆرەكنىڭ يا ئۆلۈكىنى، يا تىرىكىنى تاپماي قويماي! — دەپ ئالدىنى توساپتۇ. ھالبۇكى، بۇ يۈزى قارا ئۆز ۋاقتىدا لولىلىق قىلىپ يۈرۈپ، باي بۆرەكتىن كەشتە تىكىلگەن بىر كۆڭلەك ھەدىيە ئالغان ئىكەن. بۇ پۇرسەتپەرەس قەيەرلەردە ئوتلاپ، قەيەرلەردە سۇلاپ بىرقانچە كۈننى ئۆتكۈزۈپ، ئۇ كۆڭلەكنى قانغا مىلەپ ئېلىپ كەپتۇ...

خانلار خانى پەرىشان ھالدا:

— كىمنىڭ كۆڭلىكى بۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. يالغانچى ئوغلى يالىنجىق يالغان ئۈستىگە يالغاننى توشۇپ:

— كىمنىڭ كۆڭلىكى بولسۇن باي بۆرەكنىڭ كۆڭلىكى! دېيىشكە تىلىم بارمايدۇ، بۇ يىگىتكە قارا دەرۋەنتتە ئوق تېگىپتۇ! — دەپتىكەن، بۇنى ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى ئاھ ئۇرۇپ كۆز يېشى قىلىشىپتۇ.

—نېمىشقا يامغۇر ياغماي تۇرۇپ سەلنى چىللايسىلەر، — دەپتۇ خانلار خانى، — كۆكلەك كۆكلەككە ئوخشايدۇ، كومزەك، كومزەككە. . . راست بولسا تونۇغاي مەشۇغى، ئاپىرىپ كۆرسىتىڭلار ئۇنى! — دېيىشىگە ئۇ قانلىق كۆكلەكنى ئاپىرىپ گۈلبانۇنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. "قول ئىشىنى ئەل تونۇمىسا قول تونۇپتۇ". ئون بارمىقىدا ئون ھۈنەر بولغان گۈلبانۇ ئۆز قولى بىلەن ئىشلىگەن كەشتىنى تونۇماي قالامدۇ، قولىغا ئالا-ئالمايلا:

—قىزىل ياغلىقىمنىڭ ئىگىسى، ۋاي بۆرىكىم، ئۈمىدىم. سېنى كۈتۈپ سېغىنىپ، قاقشال بولۇپ قورۇدۇم. . . سەندىن قالغىنى شۇ كۆكلەك بولۇپتۇ، تىكمەس ئىدىم تۈتماس بولسامچۇ. كۆرمەس ئىدىم كور بولسامچۇ. كۆرۈشمىكىمىز مەھشەرگاھقا قاپتۇ، بۇ قانلىق كۆكلەك ماڭا كېپەن بولۇپتۇ! — دەپ ئالمىدەك مەڭزىلىرىنى قىيما-چىيما قىلىۋەتىسمۇ، ئۇنىڭ كۆز يېشىغا قارايدىغان كىم! تەلۋە قاچار يالغانچى ئوغلى يالىنجىق بىلەن سىڭلىسىنىڭ كىچىك تويلىرىنى پۈتتۈرۈپ، چوڭ تويلىرىغا ۋەدىلىشىپتۇ.

بامىسى بۆرەكنىڭ ئاتىسى باي بۆرە يالغانچى ئوغلى يالىنجىقنىڭ سەل ئالدىدىن مال قاچۇرغاندەك ئالدىراپ-تېنەپ تويغا تۈتۈش قىلغىنىنى ئاڭلاپ، بۇ ئىشتا بىر جىن بارلىقىنى سېزىپتۇ-دە، تۆر دېگەن يەردە تۇرىدىغان، ئۆل دېگەن يەردە ئۆلىدىغان سودىگەرلىرىنى چاقىرىپ:

—ھەي ئاق كۆڭۈل سودىگەرلىرىم، يالغانچى ئوغلى يالىنجىق ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈيدۇ. ئۇنىڭ شۇم ئاغزىغا ئىشەنگە-

ـلى بولمايدۇ، بىرىڭلار، يەتتە ئىقلىم، تۆت ئەتراپنى كېزىڭلار. ئوغلۇمدىن بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسەڭلار، ئاناڭلارنىڭ سۈتىدىن ھالال بولسۇن، تۆگىلىرىڭلار بىلەن يۈكۈڭلار! — دەپتۇ ۋە بىر ئاخشىمى ئۇلارنى يولغا سايتۇ.

سودىگەرلەر كېچە-كۈندۈز دېمەي مېڭىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بايبورت قەلئەسىگە بېرىپ چۈشۈپتۇ، ھالبۇكى، ئۇ كۈن كۈپپارلارنىڭ بايرام كۈنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە يەپ-ئىچىپ بايرام قىلىشىۋېتىپتىكەن.

ئاللا ھېچكىمنىڭ بېشىغا كەلتۈرمىسۇن! قەلئەگە مەھكۇم قىلىندى دېگەندىن كۆرە، زىندانغا تىرىك كۆمۈلدى دېسە بولغۇدەك. . . دەرۋەقە، باي بۆرەك بىلەن قىرىق يىگىتى شۇنداق بىر قەلئەدە چىرىپ كېتىۋېتىپتۇدەك. ئۇ كۈنى بۇلارنىمۇ ساز چېلىپ ناخشا ئېيتقۇزۇش ئۈچۈن زىنداندىن چىقىرىپ ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. ئاللانىڭ بۇيرۇقى شۇنداقتۇ، بىر ئەسنادا باي بۆرەك قەلئەنىڭ بېشىدىن پەرىشان ۋە قايغۇلۇق ھالدا ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتكىنىدە، كارۋانغا كۆزى چۈشۈپ ئالەمچە خۇشال بولۇپتۇ.

كۈپپارلار نە سۆزنى چۈشەنسۇن نە سازنى! باي بۆرەك قەلئەنىڭ بېشىدا سازنى جاراڭلىتىپ داڭلىق ئوغۇز بەگلىرىنى، ئاقساقال-ئاقباش ئاتا-ئانىسىنى ۋە مەشۇقى گۈلبانۇنى بىر-بىرلەپ سوراپتۇ. كارۋانلارمۇ قەلئەنىڭ تۈۋىدە بىر-بىرلەپ جاۋاب قايتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۆرەك يايلىقىدا — يۇرتىدا بولۇپ ئۆتكەنلەرنى كۆزلىرىگە كۆرۈنگەن، كۆڭۈللىرىگە

پۈكۈلگەنلەردىن بىلىپتۇ. لېكىن گۈلبانۇنىڭ بېشىغا كەلگەنلەر-
نى ئاڭلىغاندا گوياكى بايبورت قەلئەسى بېشىغا دۇم كۆمتۈرۈل-
گەندەك بولۇپتۇ.

يالغانچى ئوغلى يالىنجىقنىڭ قىلمىشلىرىنى يىگىتلەرگە
ئاڭلاتقۇچە، ئىككى تاشنىڭ ئارىلىقىدا ئۇلارمۇ ئوقچا توتۇلۇپتۇ.

"گۇم بولسۇن كۆپپارنىڭ قەلئەسى! ھايات بولساق بىر
كۈنى بۇ يەردىن قۇتۇلساق، ئەلنىڭ يايلىقىدىن گۈل ئۈزمەك
قانچىلىك ئىش! كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىمىز ئۇنىڭ!"
دېيىشىپتۇ.

كەچ كىرىپ ئۇلار ھۇجرىلىرىغا سولانغاندا، بامسى بۆرەك
قانداق قىلسۇن؟ ئاچچىقىنى چىقىرىش ئۈچۈن قومۇزىنى پىراق-
لىق چېلىپ، ناخشىسىنى پىغانلىق توۋلاۋاتقاندا، بىردىن قاياق-
تىندۇر بايبورت بېگىنىڭ قىزى ئىشىكنى غىچىلدىتىپتۇ. ئۇنى
كۆرگەنلەر ئاي دېيىشىپتۇ، خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن شۇنچە كۆپار
ئىچىدە ئادەم چىقمىغاندەك، ھەر كېچە كېلىپ باي بۆرەكنىڭ
بېشىدىن ئايلىنىپ كېتەلمەيدىكەن. لېكىن دەردمەن بۆرەك بې-
شىنى كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويمايدىكەن. دەرۋەقە، ئۇ نە تېرىك-
مەي، نە زېرىكمەي كۈندە كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىكەن. بۇ كېچە
ئۇ بامسى بۆرەكنى غەم دەرياسىغا پاتقان ھالەتتە كۆرگىنىدە:

—شاھ يىگىت، شاھباز يىگىت، نە بولدى ساڭا؟ سازلى-
رىڭ مۇڭلۇق، ناخشىلىرىڭ دەردلىككۇ؟—دەپ سوراپتۇ. بامى-
سى بۆرەك چوڭقۇر بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ:

—سورىماڭ بەگ قىزى، سورىماي قويۇڭ، ئاشىق يىغلى-

ـتار، دەرد سۆزلىتەر. كىم ئېيتسۇن، مەن دەردلىك ئېيتماي!
بارمىدۇ بۇ دۇنيادا ماڭا ئوخشىغان! ئايرىدى مېنى ۋەتىنىمدىن-
ئېلىمدىن. قانچە يىللار دەرد-ئەلەمدە داغلاندى يۈرەك-باغرىم.
ئانا دەردى، ئاتا دەردى يەتمەيدىكەن يار دەردىگە. قوۋم-قېرىن-
ـداش ۋەسلىمۇ يەتمەيدىكەن يار ۋەسلىگە. دەردىمگە دەردمەن
بولغۇدەك بىرەرسى چىقماي، چىرىپ كېتەر بولدۇم شۇ قەلئە
زىندانىدا. . . — دەپ بېشىغا كەلگەنلەرنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپتۇ.
بۇ سۆزلەر تاشنىمۇ ئېرىتەر ئىدى. بەگ قىزىنىڭ يۈرىكى
تاشتىنمۇ قاتتىق ئەمەس-تە. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولۇپ:
— هەي باي بۆرەك، دەردنى دەرد تارتقان بىلەر. . . ئۆمـ-
ـرۈمدە تارتمىدىم ئاتا-ئانا دەردىنى، لېكىن سېنىڭ دەردىڭدە
بولدۇم تەلۋە-دىۋانە. ئارقان تاشلاپ قەلئەدىن چۈشۈرسەم سېـ-
ـنى، ئۆيۈڭگە، ئوچىقىڭغا، گۈلۈڭگە، چېچىكىڭگە يېتىشىپ،
ئۇنتۇپ قالارسەنمۇ مېنى. هالاللىقىڭغا بولمىسا، قۇللۇقۇڭغا
بولسىمۇ ئالارسەنمۇ مېنى؟ — دەپتىكەن، بۆرەكنىڭمۇ كۆزلىرى
ياشلىنىپتۇ. شۇ ئەسنادا قىز ئىمانغا كېلىپ، باغلاپتۇ ئارقاننى
بېلىگە، چۈشۈرۈپتۇ ئۇنى قەلئەنىڭ تۈۋىگە!
بامىسى بۆرەك ئۆزىنى يەر يۈزىدە كۆرگىنىدە توزاقتىن
قۇتۇلغان قۇشتەك، قول قاناتلىرىنى ئاللاغا ئېچىپتۇ.
ئۇ مال يايلاۋاتقان يەردە كۈپارنىڭ يىلقا پادىسىغا ئۇچراپ،
ياخشى ئاتتىن بىرنى تۇتماقچى بولغىنىدا، بىردىن ئۆزىنىڭ بوز
ئايغىرىمۇ بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوتلاپ يۈرگىنىنى كۆرۈپتۇ. مۇبا-
رەك جانۋار ئىگىسىنى تونۇپتۇ ۋە تىزلىنىپ تۇرۇپ بېشىنى

ئېگىز كۆتۈرۈپ تىلى بىلەن چىشىنىڭ ئارىسىدا شۇنداق بىر كىشنەپتۇكى، يۈرىكى پوكۇلداپ تۇرغان بۆرەكنىڭ يۈرىكىگە تېگىپ، ئۇنى ماختاشقا باشلاپتۇ:

ئېتىم، ئېتىم، جان ئېتىم!
يايلىسى سۇمبۇل بوز ئېتىم.
ئات ئەمەس سەن ئۇچار قۇش،
قۇشتىن ئىتتىك ئايغىرىم.
كەل، بەختى نەقىشلىقىم،
كەل، سۇ كەبى ئېقىشلىقىم!

توغرىلاي يولۇڭنى بىزنىڭ ئەللەرگە،
ئىشلىتەي يوپۇقۇڭنى چىۋەر قوللارغا. . .

دەپ بوينىغا ئېسىلىپ، ئىككى كۆزى ۋە قاشقىسىغا سۆيۈپ مېڭىپتۇ! ئالدى بىلەن قەلئە دەرۋازىسىغا بېرىپ بىر نەرەتارتقاندىن كېيىن:

— ھەي كۇپپار! ھەق نېسىپ قىلدى، قۇتۇلدۇم زىندانىڭدىن، قېچىپتۇ دەپ ئويلىما ھەرگىز، ئاز كۈندە كېلىپ ھېساب ئالىمەن سەندىن. تەككۇچى بولساڭ قىرىق يىگىتىمنىڭ بىر تال مويىغا، كۆمتۈرىمەن بۇ قەلئەنى بېشىڭغا! — دەپ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپتۇ.

تەكۈرنىڭ يۈرىكىگە بىر قورقۇنچ چۈشۈپ كەينىدىن قىرىق ئاتلىق چىقىرىپتۇ. قانداق ئات بوز ئايغىرغا يېتىشەلىسۇن! ئۇ

چاك-توزاڭ ئىچىدە غايىب بولغاندا كەينىگە يېنىشىپتۇ. بامىسى بۆرەكمۇ تۆپىلەردىن بوراندەك، جىلغىلاردىن سەلدەك ئۆتۈپ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇز ئېلىگە ئۇلىشىپتۇ. ئۆز يۇرتىغا ئىككى ئوق ئېتىمچە ئارىلىق قالغاندا، ئىنتايىن پەرىشان بىر ئاشىققا ئۇچراپتۇ. سالام-سائەت قىلىشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يالىنجىق-نىڭ تويىدىن قايتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ-دە، دۇنيا يەنە بىر قېتىم بېشىغا كۆمتۈرۈلگەندەك بولۇپ:

—ئاشىق ئاتا، بەر شۇ قومۇزۇڭنى ماڭا، يېنىمدا ئاقچام يوق، پۇلۇم يوق، ئەمما بىرنىڭ ئورنىغا ئىككىنى بېرەي باھاسى قانچە بولسا، —دەپتۇ ۋە ئېتىنى رەنىگە قويۇپ، ئاشىقنىڭ سازىنى ئاپتۇ.

بىر يولنىڭ ئاغزىغا بېرىپ قارىسا، بىر-بىرىدىن قاۋۇل ئۈچ چوپان تۇرۇپتۇ. لېكىن ئۇلار نە سېيىر، نە قوي باقماپتۇ. ئەلھاسىل، يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاش توپلاۋېتىپتۇ...

بۆرەك بىر بۇلارنىڭ يېشىغا، بېشىغا قاراپتۇ. بىر بۇلار-نىڭ تۇپرىقىغا، تېشىغا قاراپتۇ:

—تاغىلار، كىشىلەر يول ئۈستىدە تاش كۆرسە بىر چەتكە ئېلىۋېتىدۇ، ھالبۇكى، سىلەر يولغا توپلاپسىلەر. يول ئۈستىگە قەلئە ياسىماقچىمۇ نېمە!—دەپ سوراپتۇ بۆرەك ھەيران بولۇپ.

—ماڭ، يىگىت، يولۇڭغا ماڭ، —دەپتۇ ئۇلار، —كىشىنىڭ دەردىنى كىشى بىلمەس. سەن ئۆزەڭنى بىلسەن. بىزنى بىلسەڭ ئىدىڭ، ئۇ چاغدا بىزنىڭ ھالىمىزغا يېتەتتىڭ.

—نېمە دەردىڭلار بار؟

—يالغانچى ئوغلى يالىنجىق يالغان-ياۋىداق ئىسپات تو-
قۇپ، بېگىمىزنىڭ ئوغلىنى ”ئۆلدى“گە چىقىرىپ، ئۇنىڭ مە-
شۇغىنى ئالغىلى كەتتى. قىز بارسا ساپ سۇت ئەمگەن بىرىگە
بارسۇن دەپ، بۇ تاشلارنى ئۇنىڭ بېشىغا ياغدۇرماقچىمىز.
بۇ سۆزلەردىن بامىسى بۆرەكنىڭ كۆڭلى يورۇپ:
—ئۇنداق بولسا ئىككى ئالەمدە يۈزۈڭلار ئاق بولسۇن،
ئاتاڭلارنىڭ بەرگەن نېنى هالال بولسۇن!—دەپ يۈرۈپ كېتىپتۇ
ۋە بىر هازادا ئۆز ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. دەرۋەقە،
ئۆيىنىڭ ئالدىدا چوڭ بىر توپ دەرەخ، دەرەخنىڭ ئاستىدا بىر
كۆز بۇلاق بار ئەمەسمىدى. قارىسا، كىچىك سىڭلىسى ئىككى
قولىدا ئىككى چۆگۈن تۇتقان، ئىككى كۆزى ئىككى بۇلاق بول-
غان هالدا ”ئاكام، ئاكام، بۆرەك، گۇلىدىن ئايرىلىپ قالغان
ئاكام“ دەپ يىغلاپ سۇغا چىقىپتۇ...
بۆرەككە شۇنداق بىر پىراق چۈشۈپتۇكى، ئۆزىنى تۇتالماي
كۆز ياشلىرى مۆلدۈرلەپ ئېقىپتۇ ۋە:
—هەي قىز، نېمىگە يىغلايسىز، نېمە بولغان ئىدى ئاكى-
ڭىز؟—دېگەندىن كېيىن، قومۇزىنى چېلىپ ئالدى تەرەپتىكى
تاغلارنى سوراپتۇ، بۇ يايلاقتا كىم يايلىغاي؟ دەپ... قارلىق،
مۇزلۇق سۇلارنى سوراپتۇ، بۇ بۇلاقتىن كىم سۇ ئىچ-
كەي؟... دەپ، قارا قۇندۇز ئاتلارنى سوراپتۇ، بۇ ئاتلارنى
كىم مىنگەي؟...دەپ، قاتار-قاتار تۆگىلەرنى سوراپتۇ، بۇ
تۆگىلەرنى كىم يۈكلىگەي؟ دەپ ئېيتاۋۇر، ساز بىلەن، سۆز
بىلەن سورىمىغىنى قالماپتۇ.

قىزمۇ جاۋابەن:

— چالماڭ ئاشىق سازىڭىزنى، بەختى قارا بىر قىزغا قو-مۇزنىڭ نېمە پايدىسى! — ئالدى تەرەپتىكى تاغلاردا ئاكام بۆرەك يايلار ئىدى، يايلىقىم يوق ئۇ كەتكەندىن بېرى! قارلىق-مۇزلۇق سۇلىرى ئاكام بۆرەكنىڭ بۇلۇقى ئىدى، ئىچكىنىم يوق ئۇ كەتكەندىن بېرى! قارا قۇندۇز ئاتلارنى ئاكام بۆرەك مىنەر ئىدى، مىنگىنىم يوق ئۇ كەتكەندىن بېرى! قاتار-قاتار تۆگىلەر-نى ئاكام بۆرەك يۈكلەر ئىدى، يۈكلىگىنىم يوق ئۇ كەتكەندىن بېرى! — دەپتۇ بوينىنى قىسىپ. ئارقىدىن، — ئاشىق ئاتا سىز كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى بىلىسىز، بارغان يەرلىرىڭىزدە بامىسى بۆرەك دېگەن بىر يىگىتنى كۆرگەنمىدىڭىز؟ سادىغاڭ كېتەي ئاكا، خۇدا ھەققىدە ئېيتىڭ ماڭا، — دەپ يالۋۇرۇپتىكەن، بامى-سى بۆرەكنىڭ ئىچى ئازابتىن ئۆرتىنىپتۇ. لېكىن سىرتىدىن مەلۇم قىلماپتۇ. ئۇ ”كۆرمىدىم، كۆرۈشمىدىم“ دېگەندەك قى-لىپ كالپۇكلىرىنى پۈرۈپتۇ...

شۇ چاغدا قىزنىڭ قەلبىگە بىر پىغان چۈشۈپ شۇنداق دەپتۇ:

پەلەك قايرىدى قانىتىمنى، قولۇمنى،
ھەي ئاشىق سىزنىڭ خەۋرىڭىز يوقكى!
قانداق ئايرىلدىم ئاكام بۆرەكتىن،
ھەي ئاشىق سىزنىڭ خەۋرىڭىز يوقكى!
نە ھال بولدى تۇپرىقىمغا، تېشىمغا؟

نە تاغلار يىقىلدى بۇ بىچارە بېشىمغا؟
نە ئوغىلار چۈشتى تاتلىق ئېشىمغا؟
ھەي ئاشىق سىزنىڭ خەۋرىڭىز يوقكى!

بامىسى بۆرەك ئۆزىنى تۇتالماي ”ئاكىڭىز مەن!“ دېۋەتكۈسى كەپتۇ-يۇ، ئاغزىنى چىڭ يۇمۇپ، باشقا قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا كېتىپتۇ. ئۇلار ئاق ئوتاقتىن قارا ئوتاققا كۆچكەن بولۇپ، ئۇن-تىن چىقارماي ئولتۇرۇشقان ئىكەن. بۆرەك:

بېشىنى-بېشىغا يىغلىغان قىزلار،
يىغلىماڭلار ئاللا كۈلدۈرۈر بىر كۈن.
ئاق ئۈستىگە قارا باغلىغان قىزلار،
باغلىماڭلار ئاللا كۈلدۈرۈر بىر كۈن.

دەپ قۇمۇزىنى چالغاندا، قارىلىق تۇتقان ھازىدار قىزلارنىڭ باغرىغا بىر تەسەللى يەڭلىغ سۇ سېپىلىپتۇ:

—ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن، ئاشىق ئاتا، ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن،—دەپ ئۇنى قانداق كۈتۈشنى بىلەلمەي قاپتۇ. جىگەردەك ئۇيۇغان قېتىق بارمۇ، كۆلدە پىشقان كۆمەچ بارمۇ، بارىنى ئالدىغان قويۇپ مېھمان قىلغاندىن كېيىن، باي بۆرەكنىڭ تونلىرىدىن بىرنى كىيگۈزۈپتۇ. ئۆز تونى ياراشمايدىغان ئىش بولسۇنمۇ! بويى بويىغا، بېلى بېلىگە كېلىپ شۇنداق يارىشىپتۇكى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئالدىدا گويا باي بۆرەك پەيدا بولۇپتۇ.

چوڭ قىز:
قارا كۆزلىرىڭىزنىڭ نۇرى ئۆچمىسە،
ئاكام بۆرەككە ئوخشىتار ئىدىم!
ئىڭەكلىرىڭىزگە ساقال چىقمىسا،
ئاكام بۆرەككە ئوخشىتار ئىدىم!
قاۋۇل بىلەكلىرىڭىز سوغۇلمىسا،
ئاكام بۆرەككە ئوخشىتار ئىدىم،
ئارسلاندەك تۇرقىڭىزنى
ئاكام بۆرەككە ئوخشىتار ئىدىم.

دەپ سۆز قىستۇرۇپتۇ. ئوتتۇرانچى قىزمۇ:

—پاھ ئاشىق ئاتا، مىجەز-خۇيىڭىزمۇ ئاكام بۆرەككە شۇنداق ئوخشايدىكەنكى، ئادەم ئادەمگە ئوخشار، لېكىن، مۇنداق ئوخشىغاننى كۆرمىگەنمەن. سىزنى ئاكام بۆرەك دېگۇم كىلىۋاتىدۇ!—دېگەندە، بۆرەك ئۆز-ئۆزىگە:

”قېشىنى تۇزىتىمەن دەپ، كۆزىنى چىقىرىدىغان بولدۇم. قىزلار بۇ تون بىلەن تونۇپ قېلىۋاتىدۇ. مېنى تويدىكىلەرمۇ تونۇپ قالسا قانداق بولغىنى“ دەپ ئويلاپ، توننى يېشىپ ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپ قىزلارغا تاشلاپ بېرىپتۇ. كېيىن ئۇچىسىغا بىر ئەسكى پالازنى ئارتىۋېلىپ، ساراڭ قىياپەتكە كىرىپ توي بولۇۋاتقان يەرگە بېرىپ قارىسا، ئوغۇز بەگلىرى بۇ يەرگە جەم بولۇپ، ئوق ئېتىشتا مۇسابىقىلىشىۋاتقان ئىكەن.

بۆرەك يەنە بىر قېتىم ساراڭلىقى تۇتقان قىياپەتتە، بىر ئۇنى، بىر بۇنى گەپ بىلەن سوققىلى تۇرۇپتۇ. بەگ ئوغۇللىرى-

دىن بىرى ئۇق ئاتسا ”ئىلاھىم دەرد بەرمىسۇن قولۇڭغا“ دەرمىش. كۇيئوغۇل بولغۇچى يالىنجىق ئۇق ئاتسا ”قوللىرىڭ قۇرۇسۇن ئىنشائاللا!“ دەپ قاغارمىش.

يالغانچى ئوغلى بۇ سۆزلەرنى ئۇنىڭ ساراڭلىقىدىن كۆرۈپ ئاڭلىماسقا ساپتۇ. لېكىن بىر-ئىككى قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن دەرغەزەپ بولۇپ:

—ھەي ساراڭ ئاشىق،—دەپتۇ،—ماڭا تىل تەككۈزۈشكە نېمە ھەددىڭ! خەلقى-ئالەمنىڭ كۆلكىسىگە قالغۇچە، يىگىت بولساڭ ئېتىپ باققىنا بۇ يانى، ئاتالايسەنكى قانچىلىك؟ لېكىن ئاتالمىساڭ كۆرمەيسەن مەندىن ياخشىلىق!

بۆرەك مەنسىتمىگەندەك كۈلۈپتۇ ۋە يانى قولىغا ئېلىپ بىر تارتىپتىكەن، سېپى ئوتتۇرىسىدىن ئىككى پارچە بولۇپ كېتىپتۇ ۋە:

—ھەي يالغانچى ئوغلى يالغانچى، يايىم بار دەپ يۈردۈڭمۇ بۇنى. بۇنىڭ بىلەن ئېتىپ ئوينا قۇشقاچنى،—دەپ ئالدىغا تاشلاپ بېرىپتۇ. يايىنىڭ سۇنۇپ كەتكىنىنى كۆرگەن يالىنجىقنىڭ كۆزلىرى چىقىپ كېتىپتۇ. ئېغىزغا ئالغۇسىز سۆزلەر بىلەن ھاقارەت ياغدۇرغاندىن كېيىن ئادەملىرىگە قاراپ:

—بۆرەكنىڭ بار ئىدى بىر يايىسى، بۇ يايلاقتا ئۆزىدىن غەيرىي تۇتقان يوق ئۇنى. بېرىپ ئېپ كېلىڭلار، يىگىت بولسا كۆرسەتسۇن بۇ تەلۋە ھۈنىرىنى!—دەپتۇ.

كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە يا كەلتۈرۈلۈپتۇ ۋە نەدىن بىلسۇن، ئۆز يايىنى ئۆز قولىغا بېرىپتۇ.

بۆرەك ئۆز ۋاقتىدا ئايغىرلار بېرىپ ئالغان يايىغا قاراپ، ئاشىقلاردەك قوشاقلار قوشقاندىن كېيىن:

— ھە، مېنىڭ بوغما كىرىچلىك قاتتىق يايىم، خەلقى-ئالەم ئالدىدا چۈشمىگەي يۈزۈم! — دەپ كۆيئوغۇلنىڭ نىشان ئۈزۈككە قارىتىپ ئېتىپتىكەن، ئوق تېگىشى بىلەن ئۈزۈك پارە-پارە بولۇپ كېتىپتۇ.

ئوغۇز بەگلىرى چاۋاك چېلىپ كۈلۈشۈپتۇ. يالغانچى ئوغلى يالىنجىقنىڭمۇ جەھلى كېلىپ تىلى تۇتۇلۇپتۇ.

بايىندىرخاننىڭ كۆيئوغلى قازان خان نىگىز بىر يەرگە قۇرۇلغان ئوتاقتا تاماشا كۆرۈپ ئولتۇرۇپتىكەن. ئۇ بۇ ھالنى كۆرۈپ: ”بۇ سارالڭ ئاشىق ئانچە بوش ئادەم ئەمەسقۇ!“ دەپ پەم قىلىپ ئۇنى چاقىرتىپتۇ. ”ئاشىق“ كېلىپ، قولىنى كۆك-سىگە قويۇپ، بېشىنى ئېگىپ سالام بېرىپتۇ ۋە ئەدەپ بىلەن:

— ھەي ئوغۇز ئېلىنىڭ تىرىكى، يىگىت ئوغلى يىگىتلەر-نىڭ بىلىكى قازان بەگ! — دەپ سالماقلىق سۆز باشلاپ، دۆ-لەت، بەخت-سائادەت ھەققىدە قوشىغان قوشىقى قالماپتۇ.

— ھەي ئاشىق، نېمە تەلىپىڭ بولسا سورا مەندىن. ئالتۇن ئاقچا دەمسەن، ئاپئاق دېدەكمۇ؟ — دەپتۇ قازان خان.

— خان قازان، — دەپتۇ بۆرەك، — ئاللا زاۋال بەرمىسۇن خانلىقىڭىزغا. غەيرىي نەرسە تىلىمەيمەن ئامانلىقىڭىزدىن باشقا. بەرمەكچى بولسىڭىز بىر كۆنلۈك بەگلىك بەرگەيسىز ماڭا!

قازان بەگ يېنىدىكىلەرگە قاراپ كۈلۈپتۇ:

— ھەي بەگلەر، دۆلەت قۇشى ئىنساننىڭ بېشىغا بىر مەر-

تىۋە قوندۇ، لېكىن بۇ ئاشىق قولىغا كەلگەن نېمەتنى نېرى ئىتتىرىۋېتىپ، بىزدىن بىر قۇرۇق بەگلىك تىلەپتۇ. ناھايىتى ياخشى، بىر كۆنلۈك بەگلىكىم ئۇنىڭ بولسۇن. بارسۇن، ئەق-لىگە كەلگىنىنى قىلسۇن، — دەپتۇ ئۇ.

بۆرەك ”ساراڭلىق“ ئۇستىگە بىر بەگلىك ئاپتۇ-دە، ئەمدى قاراپ تۇرسۇنمۇ! ئۇدۇل قازان بېشىغا بېرىپ، قازانلارنى بىر-بىرلەپ دۈم كۆمتۈرۈپ، ئوچاقلارنى ئوڭتەي-توڭتەي قىلىۋې-تىپتۇ. ئۇ يەردىن چىقىپ قىز تەرەپنىڭ توي بولۇۋاتقان ئورنى-نى تېپىپتۇ.

ئۇنىڭ مۇنداق ساراڭلارچە كېلىپ، خوتۇن-قىزلار ئوتىقى-نىڭ ئىشىكىنى تۇتقىنىدا، قولىدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتەر ئىكەن، ئەمما قازان بەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، نېمە قىلىمەن دېسە ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىپتۇ.

—خوپ، ئاشىق ئاتا، بىزدىن نېمە تەلەپ قىلسىڭىز باش ئۇستىمىزگە! —دېيىشىپتۇ.

—تىلىكىم شۇكى، كېلىن قىز ئورنىدىن تۇرسۇن. مەن ساز چېلىپ ناخشا ئېيتاي، ئۇ ئۇسسۇل ئوينىسۇن، —دېگەندە، ئۇلار بىر بىرىگە قارىشىپتۇ. ئاللا-كاللا دېيىشىپتۇ، كېلىن قىزنىڭ ئورنىغا يەڭگە خوتۇنلارنى چىقارسىمۇ قاملاشماپتۇ. ھەرقايسىسىنىڭ قۇسۇرلىرىنى قوشاقتا قوشۇپ تازا ئوخشىتىۋې-تىپتۇ. بۇ تەلۋىنىڭ قولىدىن، تىلىدىن قۇتۇلۇشقا كۆزى يەت-مەي، گۈلبانۇنى ياساپ-جابدۇپ ئۇسسۇلغا چۈشۈرۈپتۇ.

گۈزەلگە كۆز ئاغرىقىمۇ يارىشىپتۇ. تويلۇق ئۈچۈن ئىش-

لەنگەن ئۇ تاۋار-توقىلار ئىچىدە گۈلبانۇنى بار دەپ قىياس قىل-سۇنۇ، چىدىسۇنمۇ يۈرەك. ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە چىدىسۇنمۇ بۆ-رەك! شۇ ئاندا ئۇ ئورنىدا تۇرالماي قومۇزىنى قولىغا ئاپتۇ-دە:

هەي گۈلبانۇم، گۈلبانۇم!
كېلىن بولدۇڭمۇ، كېلىن؟
ئۇنتۇپ ئەھدۇ-پەيماننى،
كېلىن بولدۇڭمۇ، كېلىن؟

دېگەندە، گۈلبانۇ يىغىرىغا تۈز سەپكەندەك پەرىشان هالدا قايغۇ-لۇق يىغلاشقا باشلاپتۇ:

ئېرىدى يايلىقىم تېشى،
سازىڭ بىلەن ناخشاڭدىن. . .
ياندى يۈرىكىم ئىشقى،
سازىڭ بىلەن ناخشاڭدىن. . .

باي بۆرەك بۇ سۆزلەردىكى ”چارىسىزلىق“نى سەزگەن-سەزمىگەنلىكىنى كىم بىلسۇن، ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزلارنىڭ قوللىرىدىكى ئۈزۈكىدە قاپتۇ. نېمە ئۈچۈندۇر، نە گۈلبانۇ بار-مىقىنىڭ ئۈچىنى كۆرسەتمەپتۇ، نە بامىسى بۆرەك بەرگەن ئۈزۈ-كىنى كۆرەلمەپتۇ. مانا شۇ چاغدا بىرى قومۇزدىن، يەنە بىرى ئېغىزدىن سۆز باشلاپ ئېيتىشىپتۇ:

باي بۆرەك:

بامىسى بۆرەك بۇ ئەللەردىن كەتكەندە،
يوللىرىغا باقمىدىڭمۇ غەمناك قىز؟
چاچلىرىڭنى تۇتاملاپ ئاھ ئۇرۇپسەن،
باغرىڭغا ئوتلار ياقمىدىڭمۇ قىز؟

گۇلبانۇ:

بامىسى بۆرەك بۇ ئەللەردىن كەتكەندە،
يوللار تامان ھەر كۈن باقماي قالايمۇ!
چاچلىرىمنى تۇتاملاپ ئاھ ئۇرۇپ مەن،
شۇل باغرىمغا ئوتلار ياقماي قالايمۇ!

باي بۆرەك:

ئۇ سىنىڭ دەردىڭدە تەلۋە دىۋانە،
"مەن بۆرەك" دېيىشكە بارمايدۇ، تىلى.
نېمە قىلىسەن بۇ چاچ تەڭگىنى،
تاقىمىدىڭمۇ ئۇنىڭ ئۈزۈكىنى؟

گۇلبانۇ:

ھاياتلا بولسىچۇ، بولسىمۇ تەلۋە،
لوقمانىنى كۆرگەندەك تاپاتتى شىپا.
ھالىمدىن بىلگەيسىز سۆيگۈ-پىراقنى،
ئۈزۈكنى تاقىماي يۈرەك چىدامدۇ!

دېگەندىن كېيىن، يۇمۇقلۇق قوللىرىنى ئېچىپ كۆرسەتكۈچ بارماقلىرىنى ئوينىتاتتى، بامىسى بۆرەكنىڭ كۆزلىرى يالت-يۇلت قىلىپ كېتىپتۇ ۋە گۇلبانۇنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالمىغان-

لىقىغا ئىشنىپ، سازنى تېخىمۇ قىزىتىپ باشقىدىنلا ئېيتىشىپ كېتىپتۇكى، قويۇۋېرىڭ! ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ بۆرەك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ:

—ھەرە ۋاز كەچمەس گۈل چېچىكىدىن، سەن كېچىپسەن يېگىتىڭدىن. توي ئۈستىگە توي قىلىپ، يۈز ئۆرۈپسەن مېنىڭدىن. تەقدىر شۇنداق ئوخشايدۇ، ئۈزۈكۈمنى بېرىۋەت، چىقىرىپ بارمىقىڭدىن! —دەپتۇ.

لېكىن گۈلبانۇ بوينىنى قىسىپ:

—ھەرە كەچمىسە چېچىكىدىن، چېچەك كېچەرمۇ يېگىتىدىن، قېنى ئۇ ھەرە، قېنى ئۇ يېگىت. . . ئۈزۈك ۋە بىر قانلىق كۆڭلەك قاپتۇ ماڭا ئۇنىڭدىن. . . —دەپ ئىشەنگۈسى كەلمەپتۇ. بۆرەك ئۇنىڭ ئوتنى ئالدىدا بىر چىشى كېيىكنى ئېتىپ، ئۇنىڭ بىلەن قانداق ئۇچراشقىنىدىن تارتىپ، ئۇنى ئۇچ سۆيۈپ بىر چىشلەپ، ئالتۇن ئۈزۈكنى بارمىقىغا تاقاپ قويغانلىرىغىچە بىر-بىرلەپ بايان قىلىپ ئۆتكۈزگەندە، گۈلبانۇ بۇنىڭغا ئىشەنمەي قالسۇنمۇ! قىزچاق كۆتكەن كۈن-تۈنلەرگە ئېرىشىپ، ئۆزىنى بامىسى بۆرەكنىڭ ئاياغلىرىغا ئېتىپتۇ. توي بولغان ئۆي قىيامەت تۇسىنى ئاپتۇ. . .

بۇنداق ھال تارىخلاردا يېزىلماپتۇ.

گۈلبانۇ ھوشىغا كېلىپ ئېتىغا مىنىپتۇ-دە، ”مەندىن ئۆزگە ئۇنىڭ يولىغا قارىغانلارمۇ بار“ دەپ قېيناتا-قېينانىسىغا خوش خەۋەر ئېيتقىلى كېتىپتۇ. بەگلەرمۇ بۆرەكنى كىيىندۈرۈپ ئېلىپ بېرىپتۇ.

—مۇبارەك بولسۇن، بۆرەخان، مۇبارەك بولسۇن، ئوغلىڭىز كەپتۇ،—دېيىشىپتۇ ئۇلار. بۆرە خان قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قاپتۇ:

—ئۆزۈڭلاردىن بولسۇن، بەگلەر. ئاللا ھېچقايسىڭلارنى مەندەك قىلمىسۇن. مەن تولا يىغلاپ كۆزدىن ئايرىلدىم. كەلگەن يىگىت مېنىڭ يىگىتىم بولسا، چىمەلتىكىنىڭ قېنىنى قولياغلىقىغا تامچىلىتىپ، ئۇنى كۆزلىرىمگە سۈرتسۇن، كۆزلىرىم ئېچىلسا ”ئوغلۇم!“ دەپ باغرىمغا باساي—دەپتۇ ئۇ.

—دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، —دەپ ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى بىجا قىلىشىپتۇ. . . كۆزلىرى ئېچىلغان باي بۆرە ئوغلى بىلەن دىدارلىشىپتۇ ۋە سېغىنىش پىراقىدا باغرىغا بېسىپتۇ. . .

بۆرە خاننىڭ كۆزلىرىنىڭ چىرىغى يېڭىۋاشتىن يانغاندا، يالىنجىق دېگەن يالغانچى ئوغلىنىڭ شامى ئۆچۈپتۇ. ئۇ يەرگە كىرەي دېسە يەر قاتتىق، ئاسمانغا چىقاي دېسە، ئاسمان يىراق بولۇپ، بېشىنى ئېلىپ قېچىشقا تەمشىلىپتۇ. بۆرەك ئۇنى قوغلاتقاچقا، ئۇ قېچىپتۇ، بۇ قوغلاپتۇ. يالىنجىق ئۆزىنى بىر سازلىققا ئېتىپ كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ. لېكىن باي بۆرەك سازلىققا ئوت قويۇۋېتىپتۇ. يالغانچى ئوغلى كۆيۈپ كۈل بولۇشقا كۆزى يېتىپ، قارا يۈزى بىلەن كېلىپ ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىپتۇ. ”مەن قىلغاننى سەن قىلما!“ دەپ قايتا-قايتا يىلىنىپ-يالۋۇرغاندىن كېيىن، قىلىچىنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپ، بەگ بۆرەككە قۇل-چاكار بولۇپتۇ. . .

سالۇر قازان بۇ كەچۈرمىشلەردىن كېيىن بەگ بۆرەكنى

چاقىرىپ ھۆرمەت-ئىززىتىنى قىلغاندىن كېيىن:
—يىگىتىم،—دەپتۇ،—بېشىڭدىن ئۆتمىگەن ئىشلار قالـ-
مىدى. لېكىن بۇ كۈنۈڭگىمۇ شۈكۈرلەر بولسۇن. يالىنجىق
دېگەن كۆڭلى قارىنىڭمۇ نېسىۋىسىنى بەردىڭ. ئەمدى باشقىسىـ-
نى قويۇپ، تويۇڭنىڭ ئايىغىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇرادىڭغا يەتـ-
سەڭ، بىزمۇ بەر مۇراد بولىمىز.
—ھەي ئۇغۇز ئەۋلادىنىڭ ئارسلانى قازان بەگ،—دەپتۇ
بەگ بۆرەك تىزلىنىپ تۇرۇپ،—بىر كۆڭلى قارىنىڭ نېسىۋىـ-
سىنى بېرىش بىلەن قارا كۈنلەر تۈگەرمۇ؟ بىزنى غاپىل قىلغانـ-
لارنىڭ ۋاپاسىزلىقى قالارمۇ؟ ئۇ كۇپپارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ،
زىندانلاردا چىرىپ ياتقان ئوتتۇز توققۇز يىگىتىمنى قۇتۇلدۇرـ-
ماي تۇرۇپ ئۆيگە كىرگۈچى بولسام، ئوقۇم بىلەن ئېتىلىپ،
قىلىچىم بىلەن توغرىلاي!—دەپ قەسەم ئۈستىگە قەسەم قىلغانـ-
دا، سالۇر قازاننىڭ چىرايى تەبەسسۇملىنىپتۇ:
—ئاھ بەگلەر، يىگىت بەگلەر،—دەپتۇ ئۇ،—مەنمۇ بۆـ-
رەكنىڭ ئاغزىدىن شۇ سۆزنى كۈتكەن ئىدىم. تەكۇرنىڭ قەلئەـ-
سى قەلئە ئەمەس، قارا ساپلىق بىر قىلىچ! كۈندۈزى قىنىدا
ئۇخلايدۇ، كېچىلىرى قىنىدىن چىقىدۇ... ئەمدىلىكتە ئۇلارـ-
نىڭ قوللىرى ھۇجرىمىزغا سوزۇلدى. ئۇلارنىڭ قىلغان-ئەتكەنـ-
لىرىنى يېزىپ داستان قىلىش بىلەن ئىش پۈتمەس، بۇ قەلئەنى
ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا يىقىتىشىمىز ھەم پەرز، ھەم قەرز بولدى.
ئەمدى قاچانغىچە تۇرىمىز. مېنى دېگەنلەر كەينىمگە چۈشـ-
سۇن!—دەپ قىلىچىنى چىقارغاندا، ھەممە ئوغۇز بەگلىرى

”ئۆلۈكىمىز قايتمىدۇكى، تىرىكىمىز قايتمايدۇ!“ دېيىشىپ ئاتلىنىپ، بايبورت قەلئەسى نەدەسەن دەپ سەلدەك ئېقىپتۇ. بۆرەكمۇ بىللە كېتىپتۇ...

قەلئە كۆزەتچىلىرى بۇ كەلكۈننى كۆرۈپ تەكۈرنى تازا قورقىتىپتۇ. لېكىن بۇ بىر ئۇچۇم ئىسيانچىلاردىن قورقۇپ قېچىشنى باتۇرلۇقىغا مۇناسىپ كۆرمىگەن تەكۇر ھەممە قارا تونلۇقلىرىنى ئېلىپ ئۇلارغا قارشى چىقىپتۇ...

قازان خاننىڭ باھادىرلىرى بىر ئوق ئېتىم ئارىلىق قالغاندا پاكىز سۇدا تەرەت ئېلىپ، ھەق يولىدا ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپتۇ. ئىسمى ئۇلۇغ مۇھەممەتكە سالاۋات ئېيتىپ، ”قىلىچىمىزنى كەسكىن ئەيلە يارەببىم!“ دەپ تەكبىر ئېيتىپ، ياراتقان ئۇلۇغ تەڭرىگە يېلىنىپ-يالۋۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن داقا-دۇمباقلار دەستىدىن مەيداندا تۇرۇپ بولماپتۇ. شۇنداق بىر قىيامەت يىغا بولۇپتۇكى، تەرىپىگە تىل ئاجىز كەپتۇ. مەيدان كېسىلگەن كاللىغا تولۇپتۇ. قارا تەكۇرنىڭمۇ جېنى جەھەننەمگە كېتىپتۇ. يەتتە كۇپپار بېگىمۇ قىلىچ ئاستىدىن ئۆتكۈزۈلگەندە، باشسىز قالغان قارا تونلۇقلار ئۆز بېشىنىڭ غېمىگە چۈشۈپتۇ. ئەمدى كىم قارشى چىقالىسۇن، ئىسيانچىلار ”ئاللا، ئاللا!“ دېيىشىپ قەلئە دەرۋازىسىغا تاقاشقاندا، تەسلىم بايراقلىرى چىقىرىلىپ دەرۋازا داغدام ئېچىلىپتۇ.

بۆرەك قەلئەگە چىقار-چىقماي ئۇدۇل بېرىپ ئوتتۇز توققۇز يىگىتنى قۇچاقلاپتۇ. ھەممىسى يېڭىۋاشتىن دۇنياغا كەلگەندەك بولۇپ، ئاسمان-زېمىننى ياراتقان ئىگىسىگە شۈكۈرلەر ئېيتى-

شىپتۇ. كۈپپارنىڭ بۇتخانىلىرىنى كۇمپەيكۇم قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مەسچىتلەرنى ياساپتۇ. ئەزەنلەر ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ. ئۇلۇغ تەڭرى ھەققىدە قۇتبىلەر قىلىنىپ نامازلار ئوقۇشۇپتۇ.

ئوغۇز بەگلىرى بايبورت قەلئەسىنى ئۆز بايراقلىرى ئاستىغا ئېلىپ، يېڭى بىر ھايات ۋە قانۇن يولغا قويغاندىن كېيىن، كەلگەن يەرلىرىگە قايتىشىپتۇ. خانلار خانى بايىندىرخانغا بايبورت قەلئەسىنىڭ ئاچقۇچىدىن باشقا—بەشتىن بىر ئۇلۇش[①] —قۇشلارنىڭ قىزىل قېنىدىن قىزلارنىڭ گۈزىلىگە قەدەر كۆز كۆرمىگەن، قول تەگمىگەن نى-نى ھەدىيىلەرنى ئېلىپ بېرىپتۇ.

قەسەملەر ئەمەلگە ئېشىپ، ھەدىيىلەر ئورنىنى تاپقاندا توي ئەتىگە قالسۇنمۇ! شۇئان قىرىق يەردە قىرىق ئوتاق قۇرۇلۇپتۇ. بىرى باي بۆرەك بىلەن گۈلبانۇغا، ئوتتۇز توققۇزى ئوتتۇز توققۇز يىگىتكە بولۇپتۇ. . . دەرۋەقە شۇنداق، ئەلۋەتتە. بۇنداق يىگىتلەرگە كىم قىزىنى بەرمىسۇن! باي بۆرەك يەتتە قىز قېرىندىشىنىڭ يەتتىلىسىنى بېرىپتۇ. بايىندىرخان بىلەن سالۇر قازانمۇ ئۆز قىزلىرىنى تۇتۇپتۇ. . . شۇنداق قىلىپ بىر بىرىدىن داڭلىق، بىر بىرىدىن بويلۇق ئوتتۇز توققۇز قىز "بەختىمگە!" دەپ بىردىن ئوق ئېتىپتۇ. ئوتتۇز توققۇز يىگىت بۇ ئوقلارنىڭ كەينىدىن ئوقتەك ئېتىلىپتۇ. قايسى يىگىت قايسى قىزنىڭ ئوقىنى تېپىپ كەلسە "ياراتقۇچى ئاللا بىر بىرىمىزنى پېشانىمىزگە پۈتۈپتۇ!" دېيىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئوتاققا

① جەڭدە دۈشمەندىن ئېلىنغان غەنىمەتلەردىن بەشتىن بىرى—ت.

كىرىپتۇ. قىرىق كېچە-كۈندۈز شۇنداق توي بولۇپتۇكى، ئەلمىساقتىن بېرى بۇنداق توي بولمىغانمىش، پەلەكمۇ يېڭىدىن بىر ياشقا كىرىپتۇ!

ئۆز مۇراد-مەقسەتلىرىگە يېتىشكەندىن كېيىن، دەدە قورقۇت كېلىپ قوشاق توقۇپ بىيىت ئېيتىپتۇ. غازى قالغانلارنىڭ بېشىدىن كەچكەنلەرنى بىر-بىرلەپ ھېكايە قىلىپ، ”بۇ ئوغۇزنامە بۆرەكنىڭ بولسۇن، مەندىن كېيىن سازلارغا ئېلىنىپ تىللاردا داستان بولسۇن.“ دەپ خانلار خانىغا بەش كەلىمە دۇئا قىلىپتۇ:

—ھەي خانىم! تاغلىرىڭ يىقىلمىسۇن، بۈك-باراقسان ئورمانلىرىڭ كېسىلمىسۇن، قارلىق-مۇزلۇق سۇلىرىڭ قۇرۇمىسۇن، ئاقساقاللىق ئاتاڭنىڭ يېرى كۆكتە بولسۇن، ئاقباش ئاناڭنىڭ يېرى جەننەت بولسۇن. ئوغۇل-قىز قېرىنداشتىن ئايرىمىسۇن ”ئامىن“ دېگەنلەر تەڭرىنىڭ جامالىنى كۆرسۇن. گۇناھىمىز، نۇقسانلىرىمىزنى ئېتى ئۇلۇغ مۇھەممەت مۇستاپا ھۆرمىتىگە مەغپىرەت قىلسۇن!



# سالۇر قازاننىڭ تۇتقۇن بولۇشى

ترابزۇن بېگى تەكۇر بەگلەر بېگى سالۇر قازانغا بىر قۇر-غۇي ھەدىيە قىلغان ئىكەن، قازان بىر كۈنى كېچىچە كەيپ-ساپا سۇرگەندىن كېيىن قۇرغۇيچىسىغا:

— ئەتە سەھەردە قۇرغۇيلىرىڭنى ئالغىن-دە، شىكارغا چى-قايلى، — دەپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلار ئارغىماقلىرىغا مىنىشىپ يولغا چى-قىپتۇ. ئوۋ ئوۋلايدىغان يېرىگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ يەردە قازان بىر توپ ئۆردەككە قۇرغۇيىنى سېلىپ ئالالماپتۇ. ھالبۇكى، قۇرغۇي پەرۋاز قىلىپ، كۆزدىن ئۇزاقلاپ بېرىپ تومانىن قەل-ئەسىگە چۇشۇپتۇ، قازان بەگ پەرىشان بولغان ھالدا قۇرغۇيىنىڭ

كەينىدىن قوغلاپ دەريا-داۋانلار ئېشىپتۇ. كېتىۋېتىپ ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئۇيقۇ بېسىپتۇ.

—خان بېگىم، كەينىمىزگە يانايلى،—دەپتۇ بەگلەر.

—يەنە بىر ئاز ماڭايلى،—دەپتۇ قازان.

بىرئاز مېڭىپتىكەن، ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر قەلئە كۆرۈنۈپ-تۇ. قازان بەگلەر بىلەن بۇ يەرگە چۈشۈپتۇ. . .

قازان بۇ يەردە ئۇخلاپ قاپتۇ. ئوغۇز بەگلىرى بىر ئۇخلىسا يەتتە كۈن ئۇخلايدىكەن. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن غەپلەت ئۇيقۇسى بولۇپتۇ.

ھالبۇكى ئۇ كۈنى تومانىن قەلئەسىنىڭ تەكۈرىمۇ شىكارغا چىقىپتىكەن. ئۇنىڭ پايلاقچىلىرى بېرىپ:

—بىر توپ ئاتلىق كېلىپ قەلئەنىڭ يېنىغا چۈشتى، بەگ-لىرى ئۇيقۇغا كەتتى،—دەپتۇ.

تەكۈر ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بىلىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ.

كەلگەنلەر ئۇلارنىڭ ئوغۇز بەگلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تەكۈرگە مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، تەكۈر دەرھال لەشكەرلىرىنى توپلاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

قازاننىڭ بەگلىرى يېغى كېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپتۇ. ئۇلار ”قازاننى تاشلاپ كەتسەكمۇ بەربىر ئۇلار بىزنى قوغلاپ يېتىشى-دۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە مەشەدىلا ئۆلەيلى.“ دېيىشىپتۇ-دە، كۇپ-پارلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلار بىلەن ئېلىشىپتۇ. كۇپپارلار يىگىرمە بەش بېگىنى قۇربان بېرىپ، قازاننى ئۇخلاۋاتقان يېرد-

دىن تۇتۇپتۇ ۋە قول-پۇتىنى چىڭ باغلاپ بىر هارۋىغا بېسىپ ئېلىپ كېتىپتۇ.

قازان هارۋىنىڭ تاراق-تۇرۇقىدىن ئويغىنىپ كېتىپ، بىر كېرىلىپتىكەن، پۇت-قولىدىكى ۋە هارۋىغا ماتاپ تېڭىۋەتكەن ئارقانلار نەچچە يېرىدىن پارسلداپ ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ هار-ۋىدا بەخىرامان ئولتۇرۇپ چاۋاك چېلىپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

—نېمىگە كۈلىسەن؟—دەپتۇ كۈپپارلار.

—هەي كۈپپارلار، بۇ هارۋا ماڭا بۆشۈك بولدى، سىلەر بۆشۈك تەۋرەتكۈچۈم،—دەپتۇ ئۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار قازاننى بايىقى كۆرۈنگەن تومانىن قەلئەسىگە ئېلىپ بېرىپ بىر قۇدۇققا تاشلاپ، ئاغزىغا بىر تۈگمەن تېشىنى باسۇرۇپ قويۇپ، يېمەك-ئىچمىكىنى تۈگمەن تېشىنىڭ تۆشۈكىدىن چۈشۈرۈپ بېرىپتۇ.

بىر كۈنى تەكۈرنىڭ خوتۇنى:

”كۆرۈپ باقايچۇ، شۇنچە ئادەمنى قىرغىن قىلغان قازان دېگەن قانداق كىشىكىنە؟“ دەپ، زىندان گۇندىپىيىغا قۇدۇق-نىڭ ئاغزىنى ئاچتۇرۇپتۇ ۋە:

—هەي قازان بەگ، هالىڭ نېچۇك؟ يەر تېگى ياخشىمى-كەن، يەر ئۈستىمۇ؟ نېمە يەپ، نېمە ئىچىپ، نېمىگە مىنىۋاتى-سەن؟—دەپ سوراپتۇ ئۇنىڭدىن.

—ئۆلۈكلىرىڭىزگە بەرگەن ئاشنى يەپ، ئۇلارنىڭ يورغى-سىغا مىنىپ، قاشاڭلىرىنى سۈرۈۋاتىمەن،—دەپتۇ قازان.

—ئەي قازان بەگ، يەتتە ياشلىق بىر قىزچىقىم ئۆلگەنى-

دى. رەھىم قىل، ئۇنىڭغا مىنمىگىن، — دەپتۇ تەكۇرنىڭ خوتۇنى.

— ئۈلۈكلىرىڭىزنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭدىن يورغىسى يوق ئىكەن. شۇنىڭغا مىندىم، — دەپتۇ قازان.

— ۋاي، سىنىڭ دەستىڭدىن نە يەر يۈزىدە تىرىكمىز، نە يەر تېگىدە ئۈلۈكىمىز قۇتۇلالمايدىكەن-دە، — دەپتۇ خوتۇن.

تەكۇر كېلىپ:

— بۇ تاتار* نى زىنداندىن چىقىرىۋېتىش كېرەك، يەر تېگىدە قىزچىقىمىزغا مىنەرمىش، ئۈلۈكلىرىمىز ئۇچۇن بەرگەن ئاشنى قوللىرىدىن تارتىپ ئېلىپ يەرمىش. ئۇنىڭ دەستىدىن نە تىرىكمىز، نە ئۈلۈكىمىز قۇتۇلالمايدىكەن. قىزچىقىمىزنىڭ بېلىنى سۇندۇرۇۋېتىدىغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ ۋە بەگلىرىنى چاقىرىپ، — كېلىڭلار، قازاننى قۇدۇقتىن چىقىرىڭلار، بىزنى ماختاپ ئوغۇزنى سۆكسۇن، ئاندىن بىز بىلەن ئۇرۇشقىلى كەلمەسلىككە قەسەم قىلسۇن، — دەپتۇ.

ئۇلار بېرىپ قازاننى قۇدۇقتىن چىقىرىپ ئەكىلىپتۇ.

— بىزنىڭ ئەلگە ئۇرۇشقىلى كەلمەسكە قەسەم قىلساڭ ھەم بىزنى ماختاپ، ئوغۇزنى يامانلىساڭ، ئاندىن سېنى قويۇۋېتىمىز، — دەپتۇ تەكۇر.

— ئىللا-بىللا، توغرا يول تاپسام، ئەگرى يولدا ماڭمايمەن، — دەپتۇ قازان.

---

* تاتار—قىرىم، ۋولگا، ئىدىل تۈركلىرىگە بېرىلگەن نام—ت

كۆپپارلار، قازان ھەقىقەتەن ياخشى قەسەم ئىچتى، دەپ قارىشىپ:

— ئەمدى بىزنى ماختىغىن، — دەپتۇ.

— مەن يەر يۈزىدە ھېچكىمنى ماختىمىغان. بىر ئادەم ئەكىلىڭلار، ئۇنىڭغا مىنىپ تۇرۇپ سىلەرنى ماختاي، — دەپتۇ قازان.

ئۇلار بىر ئەركىشىنى ئەكىلىپتۇ. ئىگەر بىلەن يۈگەننىمۇ كەلتۈرۈپتۇ.

قازان بەگ كۆپپارنىڭ دۈمبىسىگە ئىگەرنى توقۇپ، ئاغزىغا يۈگەننى سېلىپ، سەكرەپ مىنىپتۇ-دە، ئۆكچىسىنى قېقىپ قوۋۇرغىسىنى قارنىغا چاپلاپ، يۈگەننىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ئاغزىنى يىرتىپ، ھېلىقى كۆپپارنى ئۆلتۈرۈپتۇ-دە، ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ:

— قېنى كۆپپارلار، قوۋۇزۇمنى بېرىڭلار، سىلەرنى ماختاي، — دەپتۇ.

قوۋۇز كەلتۈرۈلۈپتۇ. قازان قوۋۇزنى قولىغا ئېلىپ، ئون مىڭ كىشىلىك يېغى كەلسە، ئويۇن كۆرگەنلىكى، يىگىرمە مىڭ كىشىلىك يېغى كۆرسە، ”ھە“ دەپ قويغانلىقى، قىرىق مىڭ كىشىلىك يېغى كۆرسە، نەزەر سالمىغانلىقى، ئەللىك مىڭ كىشىلىك يېغى كۆرسە، قول تۇتقۇزمىغانلىقى، ئاتمىش مىڭ كىشىلىك يېغى كۆرسە، ئېتىشمىغانلىقى، يەتمىش مىڭ كىشىلىك يېغى كۆرسە يېتىشمىگەنلىكى، سەكسەن مىڭ كىشىلىك يېغى كۆرسە، ئەيمەنمىگەنلىكى، توقسان مىڭ كىشىلىك يېغى

كۆرسە، جابدۇنمىغانلىقى، يۈز مىڭ كىشىلىك يېغى كەلسە، ئۆزىنى قاچۇرمىغانلىقى. . . ۋە ئېگىز تاغلاردىن دومىلىغان تاشلارنى ئۆكچىسى بىلەن توساپ توختاتقانلىقى، يەردىن چىققان پىرئوننى ئۆكچىسى بىلەن يەنچىۋەتكەنلىكى، يەتتە باشلىق ئەجدىھانى قىلىچ ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەنلىكى. . . ھەمدە ئومان دېڭىزدىنىڭ ساھىلىدىكى تىك قىيا تاشلار ئۈستىگە سېلىنغان، بەگلىرى ئالتۇن ئوشۇق ئوينايدىغان، ئوغۇزلار ئالتە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ ئالالمىغان سەنجادەن قەلئەسىنى ئالتە ئەر بىلەن ئالتە كۈنگە قالماي ئېلىپ، بۇتخانىلىرىنى چېقىپ، ئورنىغا مەسچىت سېلىپ ئەزان توۋلاتقانلىقى، بەگلىرىنى قۇل قىلغانلىقى، خۇمار كۆزلۈك قىزلىرىنى ئەكەلسىمۇ ئالدانمىغانلىقى، شۇنداقتىمۇ باتۇر مەن دەپ ماختانمىغانلىقى، ماختانغان يىگىتلەرنى خوپ كۆرمەيدىغانلىقى. . . قاتارلىقلارنى بىر-بىرلەپ ئىزھار قىپتۇ، ئاندىن:

قولۇڭغا چۇشكەن ئىكەنمەن، ھەي كۇپپار ئۆلتۈر مېنى،
قارا قىلىچىڭنى چاپ بوينۇمغا، كەس بېشىمنى.
قىلىچىڭدىن قورقۇپ، يامانلىمايمەن ئۆز ئەمىلىمنى،
ئوغۇز يىگىتلىرى تۇرغان يەردە، ماختىمايمەن ئەسلا سېنى.

دەپ، ئىتتىن-ئىتقا، توڭگۇزدىن-توڭگۇزغا سېلىپ، تىل ئۈستىگە تىل ياغدۇرۇپ رەسۋاسىنى چىقىرىپتۇ.

—بۇ بىزنى ماختىماق تۇگۇل ھاقارەتلەۋاتىدۇ، ئۆلتۈرەيلى ئۇنى! —دېيىشىپ، كۇپپار بەگلىرى دېۋەيلىشىپ كېلىشىپتۇ، لېكىن يەنە "بۇنىڭ ئوغلى بىلەن قېرىنداشلىرى بار، ئۆلتۈرۈپ

قۇتۇلالمايمىز.“—دەپ، چوشقا قوتىنىغا قاماپ قويۇپتۇ.

گەپنىڭ قىسقىسى، قازاننىڭ ئۆلۈك-تىرىكىنى ھېچكىم بىلمەپتۇ.

قازاننىڭ ئوغلى چوڭ يىگىت بولۇپ يېتىلىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئاق بوز ئارغىمىقىغا مىنىپ كېتىۋېتىپتىكەن، بىر كىشى ئۇچراپ:

—سەن قازاننىڭ ئوغلىغۇ دەيمەن،—دەپتۇ.

—مېنىڭ ئاتام بايىندىرخان ئەمەسمۇ!—دەپتۇ ئورۇز خاپا بولۇپ.

—ياق، ئۇ ئاناڭنىڭ ئاتىسى، سېنىڭ بوۋاڭ بولىدۇ،—دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

—ئۇنداقتا مېنىڭ ئاتام ئۆلۈكمۇ-تىرىكمۇ؟—دەپ سوراپتۇ، ئورۇز

ھېلىقى كىشى:

—تىرىك ئەمما تومانىن قەلئەسىدە تۇتقۇن،—دەپتۇ،

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئوغۇل ئىنتايىن بىئارام بولۇپ، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ ئانىسىنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ خان بايىندىرنىڭ ئوغلى بولماستىن، خان قازاننىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى نېمە ئۇچۇن يوشۇرۇپ كەلگەنلىكىگە كايىپ، ”ئانا ھەققى، خۇدا ھەققى“ بولمىغاندا، قارا پولات قىلىچى بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، قىزىل قېنىنى يەر يۈزىگە تۆكىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئانىسى كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ:

—ئوغلۇم، ئاتاڭ هايات، لېكىن ساڭا ئېيتىشتىن قورق-
تۇم، ئېيتسام كۆپپار ئالدىغا باراتتىڭ، ئۆزۈڭنى ئۇنىڭغا ئاتات-
تىڭ-دە، هاياتىڭدىن ئايرىلاتتىڭ. شۇڭا ساڭا دېمىدىم، تاغاڭغا
ئادەم ئەۋەت، قېنى ئۇ نېمە دەركىن،—دەپتۇ.

لېكىن ئورۇز ئاتىسى تۇتقۇن بولغان قەلئەگە بارماي قوي-
مايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئېغىزدىن-ئېغىزغا خەۋەر يەتكۈزۈپ، پۈتۈن بەگلەرگە، ئو-
رۇز ئاتىسىنىڭ يېنىغا بارىدۇ، قوراللىنىڭلار دېگەن ئۇقتۇرۇش
بولۇپتۇ.

لەشكەرلەر توپلىنىپ كېلىشىپتۇ.

ئالىپ ئورۇز چېدىر ئۆيلىرىنى ئاختۇرۇپ قورال-ياراقلى-
رىنى يۈكلەپتۇ. قارا گۇنە لەشكەر بېشى بولۇپتۇ. كاناي-سۇناي
چېلىشىپ، نەرە تارتىپ يولغا چىقىپتۇ.

ئورۇز ئاتتىن چۈشۈپ، سودىگەر قىياپىتىگە كىرىپ كار-
ۋان بېشىدەك تۆگە-خېچىرلىرىنى يېتەكلەپ ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ.
كۆپپارلار ئۇلارنىڭ سودىگەرگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى باي-
قاپ، قەلئە ئىچىگە كىرىپ دەرۋازىلىرىنى تاقىتىپتۇ ۋە مۇنارغا
چىقىپ:

—سىلەر كىم بولىسىلەر،—دەپ سوراپتۇ.

—سودىگەر بولىمىز؟—دېيىشىپتۇ ئۇلار.

كۆپپارلار:

—يالغان ئېيتتىڭلار!—دەپ ئۇلارنى تاشقا تۇتۇپتۇ.

ئورۇز ئېتىدىن چۈشۈپ:

—قىنى، ئاتامنىڭ ئالتۇن قەدەھىدىن شاراب ئىچكەن، مېنى دىگەنلەر ئاتتىن چۈشسۇن، دەرۋازىسىنى چوماقلايلى، — دەپتۇ.

ئون ئالتە يىگىت ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈپتۇ. قالقانلىرىنى قولىغا ئېلىپ، چوماقلىرىنى مۇرىسىگە سېلىپ، دەرۋازا ئالدىغا كېلىشىپتۇ-دە، ئۇنى پاچاقلاپ ئىچكىرى كىرىپ، ئۇدۇل كەلگەن كۇپپارنى جېنىدىن جۇدا قىپتۇ. بىر-ەرسىنىڭمۇ قېچىپ بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشىغا ئىمكان بەرمەپتۇ. مال-مۈلۈكلىرىنى ئولجا ئېلىپ، لەشكەرلىرى بار يەرگە قايتىپ بېرىپتۇ.

ھالبۇكى، بىر پادىچى ئۇلارنىڭ قەلئەنى بېسىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ تەكۇرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئايا سوفيانىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىپتۇ.

—ۋاي شاھىم، —يېنىڭىزغا يېغى كەلدى، بېشىڭىزغا ئاگاھ بولۇڭ، —دەپتۇ ئۇ.

تەكۇر بەگلىرىنى توپلاپ، ئۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى كېڭىشىپتۇ.

—تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، قازاننى چىقىرىپ ئۇلارغا سېلىش كېرەك، —دەپتۇ بەگلەر.

ئۇلار بۇ سۆزنى خوپ كۆرۈشۈپ، قازاننى چىقىرىپ تەكۇرنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ.

—قازان بەگ، يېنىمىزغا يېغى كەلدى. بۇ يېغىنى بېسىقتۇرساڭ سېنى قويۇۋېتىمىز، —دەپتۇ تەكۇر ھەمدە، — قانچىلىك چىقىم كەتسە مەيلى، لېكىن سەنمۇ بىز بىلەن ئۇرۇش-

ماسلىققا قەسەم قىل، — دەپ شەرت قويۇپتۇ.
— ئىللا-بىللا، توغرا يولنى تاپسام، ئەگرى يولغا ماڭماي-
مەن، — دەپتۇ قازان.
كۆپچىلىك قازان ياخشى قەسەم قىلدى دەپ خۇش بولۇشۇپتۇ.
تەكۇر چېرىكلىرىنى جەم قىلىپ، جەڭ مەيدانىغا كېلىپ چېدىرلار تىكتۇرۇپتۇ. قازاننى جەڭ كىيىملىرى بىلەن كىيىندۈرۈپ، قىلىچ، نەيزە، چوماق ۋە باشقا ئۇرۇش قوراللىرى بىلەن قوراللاندۇرۇپتۇ. كۆپپار قوشۇنى ئۇنىڭ ئالدىغا تەق بولۇپتۇ.
ئوغۇز يىگىتلىرىمۇ لەشكەر تارتىپ كېلىشىپتۇ، جەڭ دۇمباقلىرى، كۆسلەر[1] چېلىنىپتۇ.
قازان ئاق بوز ئاتلىق، ئاق بايراقلىق، مەزمۇت تۆمۈر ساۋۇت كىيگەن بىر ئەرنىڭ لەشكەرلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ چې-دىرلار تىكتۇرۇپ، جەڭچىلىرىنى تەق قىلىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپتۇ.
ئۇنىڭ كەينىدىن قارا گۇنە كەپتۇ. ئۇمۇ جەڭگە ھازىر بولۇپ تۇرۇپتۇ.
قازان دەرھال ئېتىنى دېۋىتىپ مەيدانغا چۇشۇپ، ئۆزىگە رەقىپ چاقىرىپتۇ.
بوز ئارغىماقلىق بۆرەكمۇ ئات تېپىپ مەيدانغا چۈشۈپتۇ.

---

① كۆس — ئىنتايىن چوڭ جەڭ دۇمبىقى بولۇپ، ئات، خېچىر، تۆگە، پىللار بىلەن توشۇلاتتى. قەدىمي تۈرك ئەسكىرى مۇزىكىسىدا بار ئىدى — ت.

ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرغان يىگىت،
كىم يىگىتسەن؟
مەزمۇت تۆمۈر ساۋۇتلۇق يىگىت،
كىم يىگىتسەن؟
دەپتۇ. بۆرەك:
ھەي كۈيپار، سەن تېخى بىلمەمسەن مېنى؟
پاراسارنىڭ قەلئەسىدىن* ئۇچۇپ چىققان،
ئاشىقنى باشقىلاردىن تارتىپ ئالغان.
باي بۆرەخان ئوغلى باسى بۆرەك مەن بولىمەن.
كەل بېرى ھەي كۈيپار ئۇرۇشايلى.
دەپتۇ. بۇ چاغدا قازان:
—ھەي يىگىت، ئالدىڭدا بىر ئاق بايراقلىق سەردار چىقتى. چېدىرىنى ھەممىدىن بۇرۇن تىكتى. كىم بولىدۇ، ئاق بوزئاتلىق ئۇ يىگىت، كىمنىڭ نېمىسىدۇر، چاپسان ئېيت،—دەپتۇ.
—ھەي كۈيپار، كىمنىڭ نېمىسى بولماقچىدى، ئۇ بېگىمىز قازاننىڭ ئوغلى، دەپتۇ بۆرەك.
”خۇداغا شۈكۈر، مېنىڭ ئوغۇلچىقىم چوڭ ئەر بولۇپتۇ“ دەپتۇ قازان كۆڭلىدە. بۆرەك:
ھەي كۈيپار، ئۇنى-بۇنى سوراپ نېمە قىلماقچىدىڭ؟—دەپ

---

* بايبۇرت قەلئەسىنى دېمەكچى—ت.

قازانغا قاراپ ئات دېۋىتىپ، ئالتە قاناتلىق چومىقى بىلەن كالتەكلەپتۇ.

قازان ئۆزىنى مەلۇم قىلماپتۇ. يوغان قوللىرى بىلەن بۆرەكنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ، چوماقنى تارتىپ ئېلىپ ئۇنىڭ گەجگىسىگە بىرنى ئۇرۇپتىكەن، بۆرەك ئات بوينىنى قۇچاقلىغىنىچە، ئۇنى تاشلاپ كەينىگە يېنىپتۇ.

—ھەي بۆرەك، بار، بېگىڭنى باشلاپ كەل، —دەپتۇ قازان.

بۇنى كۆرگەن ئەيلىك خوجا ئوغلى قايتماس دۆلەك ئەۋرەن مەيدانغا چۈشۈپتۇ. قازان:

تاڭ بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇرغان يىگىت،
كىم يىگىتسەن؟
ئارغىماقنى ئوينىتىپ كەلگەن يىگىت،
كىم يىگىتسەن؟
ئەر ئەردىن ئىسمىنى يوشۇرماق ئەيىب،
ئىسمىڭ كىم، ماڭا ئېيتقىن يىگىت!

دەپتۇ. دۆلەك ئەۋرەن:

ھەي كۇپپار ئىسمىمنى بىلمەمسەن تېخى،
ئۆز نامىغا داغ كەلتۇرمەي ئالەمدىن ئۆتكەن،
ئەللىك يەتتە قەلئەنىڭ ئاچقۇچىنى ئالغان،
ئەللىك خوجا ئوغلى قايتماس دۆلەك ئەۋرەندۇر ئىسمىم.

دەپتۇ-دە، نەيزىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئات ئاچتۇرۇپ بېرىپ

قازانغا سانجىپتىكەن، سانجىلماي بوشقا كېتىپتۇ.

قازان ئات سېلىپ بېرىپ، نەيزىسىنى قولدىن تارتىپ ئېلىپ بېشىغا بىرنى ئۇرۇپتىكەن، نەيزە پارچە-پارچە بولۇپ كېتىپتۇ. قازان:

—ھەي خۇمپەرنىڭ بالىسى، بار، بېگىڭنى باشلاپ كەل، —دەپتىكەن، ئۇمۇ كەينىگە داجىپتۇ.

—يەنە چىقىدىغانلار بولسا چىقسۇن، —دەپتۇ قازان.

دۇزەن ئوغلى ئالىپ رۇستەم ئېتىنى تېپىپ مەيدانغا چۇ-شۇپتۇ. قازان يەنە:

ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرغان يىگىت،
غاز بويۇن ئارغىماققا مىنگەن يىگىت،
كىم يىگىتسەن، ئىسمىڭ نېمە ئېيتقىن يىگىت.

دەپتۇ. ئالىپ رۇستەم:

ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەلگەن،
ئىككى قېرىنداشنى ئۆلتۈرۈپ، بېشى ئېگىك يۈرگەن،
دۇزەن ئوغلى ئالىپ رۇستەم مەن بولىمەن.

دەپتۇ. ئۇمۇ قازانغا ئات سېلىپ، ئۇنى تۇتاي دەپتۇ، تۇتالماپتۇ.

قازان بەگ ئۇنىمۇ بىر چوماق بىلەن چەتكە چىقىرىپ:

—ھەي خۇمپەر، ماڭ، بېگىڭنى باشلاپ كەل، —دەپتىكەن، ئۇمۇ كەلگەن يېرىگە كېتىپتۇ.

—يەنە چىقىدىغانلار بولسا چىقسۇن،—دەپتۇ قازان.

ئورۇزنىڭ تىزگىنىنى تاغىسى قارا گۇنە تارتىپ تۇرۇپتى-كەن، ئۇمۇ بىردىن قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ، ئاتىسىغا قاراپ ئات سېلىپتۇ. بارغان پېتى قىلىچىنى ئۇنىڭ مۇرىسىگە چېپىپ-تىكەن، ساۋۇتىنى يېرىپ، مۇرىسىگە تۆت ئىلىك چوڭقۇر پې-تىپتۇ. قىزىل قېنى شۇرقىراپ ئېقىپ قوينىغا چۈشۈپتۇ.

ئورۇز كەينىگە داجىپ يەنە بىرنى ئۇرۇپتۇ.

بۇ چۈغدا قازان ئوغلىغا شۇنداق دەپتۇ:

قارا تاغنىڭ چوققىسى ئوغلۇم،
غەپلەت باسقان كۆزۈمنىڭ يورۇقى ئوغلۇم.
باتۇرۇم ئورۇز، ئارسلانىم ئوغلۇم،
ئاقساقاللىق ئاتاڭغا رەھىم قىل ئوغلۇم!

ئورۇزنىڭ تومۇرلىرىدا شەپقەت قانلىرى قايناپتۇ.

قارا خۇمار كۆزلىرىگە قان-ياش تولۇپتۇ، ئېتىدىن سەك-رەپ چۈشۈپ ئاتىسىنىڭ قولىنى سۆيۈپتۇ. قازانمۇ ئىرغىپ چۈشۈپ، ئوغلىنىڭ بوينى قۇچاقلاپ سۆيۈپتۇ.

بەگلەر قازان بىلەن ئوغلىغا قاراپ ئات چاپتۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارنى ئوراپ ئاپتو. ھەممەيلەن ئاتتىن چۈشۈپ قازاننىڭ قولى-غا سۆيۈشۈپتۇ ۋە كۇپپارلارغا قاراپ ئېتىلىپتۇ. قىلىچ چېپىپ-تۇ. جىرالاردا، تۆپىلەردە كۇپپارلارنى قىرىۋېتىپتۇ. قەلئەنى ئېلىپ بۇتخانىلىرىنى چېقىپ، مەسچىتلەرنى ياساپتۇ. ئورۇز

قانلىق كۆپپار قولىدىن ئاتىسىنى قۇتقۇزۇپ چىقىپتۇ. ئوغۇز ئېلىگە ئېلىپ كېلىپ، ئاق يۇزلۇك ئانىسىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. ئاپئاق قىز-كېلىنلىرى قازاننىڭ ئالدىغا چىقىپ، قولىنى سۆيۈپ ئايىغىغا يىقىلىپتۇ.

قازان يېشىل چىمەنلىككە ئۆي-ئوتاقلىرىنى تىكتۇرۇپ، يەتتە كېچە-كۈندۈز توي-مەرىكە ئۆتكۈزۈپتۇ.

دەدە قورقۇت كېلىپ قوۋۇز چېلىپ، غازى قالغانلارنىڭ بېشىغا كەلگەنلەرنى بايان قىپتۇ:

قېنى ماختانغان ئەۋلىيا بەگلەر،
بۇ دۇنيا مېنىڭ دېگەن ئەزىمەتلەر.
ئەجەل ھەم تۇتتى، يەر قۇچاق ئاچتى،
پانىي كەڭ دۇنيا كىملەرگە قالدى؟
كېلىپ-كېتىدىغان ئۆتەڭ بۇ دۇنيا،
ئاقىۋەت شەكسىز ئۆلۈملۈك دۇنيا!

دېگەندىن كېيىن، خان قازانغا بەش كەلىمە دۇئا قىلىپتۇ:

— ھەي خانىم، ئەجەل يېتىپ كەلگەندە ئىمانىڭدىن ئايرىمىسۇن، ئۇلۇغ تەڭرى سېنى نامەردكە موھتاج ئەيلىمىسۇن! ئاق پېشانەڭگە بەش كەلىمە دۇئا قىلدۇق، قوبۇل بولسۇن، ئامىن دېگەنلەر تەڭرىنىڭ جامالىنى كۆرسۇن! گۇناھلىرىمىزنى ئىسمى چىرايلىق مۇھەممەت مۇستاپا ھۆرمىتىگە مەغپىرەت قىلسۇن.

# سالۇر قازاننىڭ ئۆيىنىڭ ئولجىغا كېتىشى

كۈنلەردىن بىر كۈنى، قارا تاغنىڭ قاپلانى، ئوغۇزلارنىڭ ئارسلانى، يىگىتلەرنىڭ تىرىكى، يوقسۇللارنىڭ تىلىكى، بايىندىرخاننىڭ كۈيئوغلى، خان ئورۇزنىڭ ئاتىسى — ئۇلاش ئوغلى سالۇر قازان ئورنىدىن تۇرۇپتۇ؛ توقسان باشلىق چوڭ ئۆيىنى قارا يەرنىڭ ئۈستىگە تىكتۈرۈپتۇ. توقسان يەردە ئالا-يىپشىل زىلچىلار، يىپەك جايىنامازلار سالدۇرۇپتۇ. سەكسەن يەردە يوغان كۈپلەر قويۇلۇپ، ئالتۇن قەدەھلەر تىزىلىپتۇ. توققۇز نەپەر قارا كۆزلۈك، گۈزەل يۈزلۈك، چاچلىرى كەينىگە ئۆرۈكلۈك، كۆكسى قىزىل تۈگمىلىك، قوللىرى بىلىكىگىچە خىنىلىك، بارماقلىرى نىگارلىق (نەقىشلىق) ئوماق كۈپپار قىزلىرى ئېسىلزادە ئوغۇز بەگلىرى بىلەن كەينى-كەينىدىن قەدەھ سۇنۇشۇپ ئىچىشىپتۇ. شارابنىڭ تەسىرى سالۇر قازاننىڭ يۈزىگە چىققاندا ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئۇنۇمنى ئاڭلاڭلار، بەگلەر، سۆزۈمنى ئاڭلاڭلار بەگلەر: يېتىۋېرىپ يېنىمىز پاتتى، تۇرۇۋېرىپ بېلىمىز قاتتى. يۈرۈڭلار بەگلەر، ئوۋ ئوۋلايلى، قۇش قۇشلايلى، بۇغا مارال ئاتايلى-دە، ئوتاقىمىزغا يانايلى، يەيلى-ئىچەيلى، كەيپىمىزنى

سوٚرەيلى!

—شوٚنداق قازان، خان قازان، توغرا ئېيتتىڭىز، —دەپتۇ قايا سەلچۇق ئوغلى تەلۋە دوٚندار.

—شوٚنداق ئاكام، خان قازان. توغرا ئېيتتىڭىز، —دەپتۇ قارا گوٚنە ئوغلى قارا پوٚتاق.

بوٚنى ئاڭلىغان ئورۇز خوجا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ دەپتۇ:

—ئاتام قازان، خان قازان. يېنىمىزدا چىرىك دىنلىق گورجىستان، بىرەيلەننى قويۇپ كەتمىسەك، ئوردىڭىز تۇرامدۇ ئامان؟

قازان ئۇچيۈز يىگىت بىلەن ئورۇزنى ئوردىغا قالدۇرۇپ قوڭۇر ئارغىمىقىغا مىنىپتۇ. ئاق قاشقا ئايغىرىغا دوٚندار مىنىپتۇ. كۆك دۇلدۇلنى تۇتتۇرۇپ، قازانبەگنىڭ ئىنىسى قارا گوٚنە مىنىپتۇ. ئاق دۇلدۇلنى توقۇتۇپ، بايىندىرخاننىڭ يېغىسىنى باسقان شىر شەمسىددىن مىنىپتۇ. پاراسارنىڭ بايبۇرت قەلئەسىدىن ئۇچۇپ چىققان بوٚرەك بوز ئايغىرىغا مىنىپتۇ. . . پۈتۈن ئوغۇز بەگلىرى ئاتلىنىپ ئالا-تاغقا لەشكەر تارتىپ شىكارغا چىقىپتۇ.

كۇپپارلار جاسۇسى بۇ ھالنى شۇئان كۇپپارلار ھۆكۈمدارى شۆكلى خاقانغا يەتكۈزۈپتۇ. پېشىنىڭ ئىككى يېنىدا چېكى بار ئۇزۇن تون كىيگەن، بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن يارما ئايرىپ ئۆرۈلگەن قارا چاچلىق يەتتە مىڭ كۇپپار ئالا-قارا ئاتلارغا مىنىشىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ. ئۇلار تۈن يېرىمىدا قازان بەگنىڭ ئوردىسىغا كېلىپ، تۈگۈلۈكى ئالتۇن چوڭ ئۆيىنى بې-

سىۋاپتۇ. ئاپئاق قىز-كېلىنلىرى قىيا-چىيا قىلىشىپتۇ. كۆپ-
پارلار قازان بەگنىڭ ئېغىللاردىكى ئۇچقۇر ئاتلىرىغا مىنىشىپ-
تۇ، قاتار-قاتار تۆگىلىرىنى يېتىلىشىپتۇ، ئېغىر خەزىنە، نۇر-
غۇن ئاقچىسىنى غەنىيمەت ئاپتۇ. قىرىق نەچچە نازۇك بەللىك
كېنىزەكلەر بىلەن زىلۋا بويلۇق بۇرلا خېنىمنى ئەسىرگە، ئاپ-
تۇ. قازان بەگنىڭ ياشانغان ئانىسى قارا تۆگىنىڭ بوينىدا
ئېسىلغان هالدا كېتىپتۇ. خان قازاننىڭ ئوغلى ئورۇزبەگ ئۈچ-
يۈز يىگىتى بىلەن قوللىرى چېتىلىپ، بوينى باغلانغان هالدا
مېڭىپتۇ. ئەيلىك خوجا ئوغلى سېرىق قۇلماش قازانبەگنىڭ
ئۆيى يولىدا شېهىت بوپتۇ. بۇ ئىشلاردىن قازاننىڭ خەۋىرى
بولماپتۇ.

— بەگلىرىم، — دەپتۇ كۆپپار، — قازاننىڭ ئۇچقۇر ئاتلىرى-
غا مىندۇق. ئالتۇن كۈمۈشىنى غەنىيمەت ئالدۇق، ئۈچيۈز
يىگىتى بىلەن ئوغلى ئورۇزنى ئەسىر ئالدۇق، قاتار-قاتار تۆگى-
لىرىنى يېتىلىدۇق، نازۇك بەللىك قىرىق كېنىزىكى بىلەن
قازاننىڭ خوتۇنىنى قولغا چۈشۈردۇق. ئۇنىڭغا تازا تېتىدۇق.

— قازان بەگكە تېتىمىدىغان يەنە بىر ئىش قالدى، — دەپتۇ
كۆپپارلاردىن بىرى.

— قانداق ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ شۆكلى خاقان.

— قازاننىڭ قارا دەرۋەندە ئۈن مىڭ قويى بار، ئۇنىمۇ
ئالساق، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئەلەم بولىدۇ، — دەپتۇ كۆپپار.

— ئالتە يۈز ئادەم بېرىپ قويلارنى هەيدەپ كەلسۇن، — دەپ
بۇيرۇق بېرىپتۇ شۆكلى خاقان.

شۇ كېچىسى قارا چوپاننىڭ چۈشى بۇزۇلۇپتۇ-دە، چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ قىيان كىچىك ۋە تۆمۈر كىچىك دېگەن ئىككى قېرىندىشىنى يېنىغا ئېلىپ، ئېغىللارنىڭ ئىشىكىنى چىڭ تاقاپ، ئۈچ يەرگە تاش توپلاپ، ئالا سالغىسىنى قولغا ئاپتۇ...

تۈيۈقسىز ئالتە يۈز ئاتلىق كۆپپار چوپانغا قاراپ كەپتۇ. ئۇلار:

قاراڭغۇ كېچىدە قايغۇلۇق چوپان،
قار-ياغۇرلار ياققاندا چاقماقلىق چوپان،
سۈت-قېتىقى مول قايماقلىق چوپان!

دەپ، ئۆزلىرىنىڭ قازان بەگنىڭ ئۆيىنى بېسىۋالغان، ماللىرى-نى غەنىيمەت ئالغان، ئادەملىرىنى ئەسىر ئالغانلىقلىرى بىر-بىرلەپ ماختىنىپ بايان قىلغاندىن كېيىن:

يىرىقىڭنى-يېقىنىڭنى يىغىپ كەل،
بېشىڭ ئېگىپ سالام بەر.
ئۆلتۈرمەي، ئېيتايلى شۆكلى خاقانغا،
بەگلىك ئېلىپ بېرەيلى ئۇنىڭدىن ساڭا.

دەپتۇ.

چوپان يۈكسەك قىياپەت بىلەن كۆپپارنىڭ ماختانغانلىرىغا قىلچە پىسەنت قىلماي، ئۇنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرغاندىن كېيىن:

قۇرۇق گېپىڭنى قوي، ئەي ئىت كۆپپار،
ئىتىم بىلەن بىر يالاقتا يۇندامنى ئىچكەن كۆپپار!
يىرتقىڭنى-يېقىنىڭنى شۇندا كۆر.

دەپتۇ.

كۆپپارلار شۇ ئان ئۇنىڭغا قاراپ ئاتلىرىنى قويۇپ بېرىپتۇ، ئوقلىرىنى بەتلەپتۇ. ئادەم ئەجدىھاسى قارا چوپان سالغىسىغا تاش بېسىپ ئېتىشقا باشلاپتۇ. بىرنى ئاتقىنىدا ئىككى-ئۈچنى، ئىككى ئاتقىنىدا ئۈچ-تۆتنى يىقىتىپتۇ. كۆپپارلارنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپتۇ. قارا چوپان ئۈچيۈز كۆپپارنى سالغا تېشى بىلەن يەرگە يىقىتىپتۇ. ئۇنىڭ ئىككى ئىنىسىگە ئوق تېگىپ شېھىت بولۇپ-تۇ، چوپان ئېتىشنى توختاتماپتۇ. ئالدىغا كەلگەننى ئېتىپ يىقىتىۋېرىپتۇ. دۇنيا—ئالەم كۆپپارلارنىڭ بېشىغا زىندان بو-لۇپتۇ. ئۇلار، ”بۇ ئوغماس چوپان ھەممىمىزنى قىرىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ“ دېيىشىپ ئالدى-كەينىگە قارىماي قېچىشىپتۇ.

چوپان شېھىت بولغان قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆچىنى ئاپتۇ. كۆپپارلارنىڭ ئۆلۈكلىرىدىن مىڭ بىر باشنى يىغىپ بىر يەرگە دۆۋىلەپ قويۇپتۇ. چاقماق چېقىپ ئوت يېقىپ، يەگسىز يېپىند-چىسىدىن بىر پارچە يىرتىپ ئوتتا كۆيدۈرۈپ كۆلىنى يارىسىغا بېسىپتۇ ۋە يولىنىڭ چېتىدە ئولتۇرۇپ كۆز يېشى قىلىپتۇ:
”سالۇر قازان، بەگ قازان، تىرىكمۇسىز، ئۆلۈكمۇ! ھالىڭ نىچۇك دېمەيسىز، بۇ ئىشلاردىن خەۋىرىڭىز يوقمۇ؟“

هالبۇكى، سالۇر قازان ئۇ كېچە بىر قايغۇلۇق قارا چۈش كۆرۈپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ.

—بىلەمسەن، قارا گۇنە، كۆرگەن چۈشۈمنى: تەلپۈنگەن بۈركۈت ئېلىپ كەتتى، قۇلۇمدىكى قۇشۇمنى؛ كۆكتىكى چاق-ماقلار ئۆرتىدى، تۇڭلۇكى ئالتۇن ئۆيۈمنى؛ قاپقارا تۇمان باس-تى ئوردامنى؛ ئاچ بۆرىلەر تالىدى بار-يوقۇمنى؛ قارا دىۋە سىقىپ تۇتتى گەجگەمنى؛ قارا چېچىم نەيزە بولۇپ ئۇزاردى، قاپلاپ كەتتى يۈزۈم بىلەن كۆزۈمنى؛ قوللىرىم بىلەككىچە قانغا پاتتى؛ بۇ چۈشنى كۆرگەندىن بېرى تاپالمىدىم ئەقلى-هوشۇم-نى، ئەي، قېرىنداش ئېيتساڭچۇ، بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى، — دەپتۇ ئۇ.

—قارا بۇلۇت سېنىڭ دۆلىتىڭدۇر؛ قار-يامغۇر لەشكىرىڭ-دۇر؛ چاچ قايغۇدۇر؛ قارا قارادۇر، قالغىنىنى خۇدا بىلى-دۇ، —دەپتۇ قارا گۇنە.

بۇنى ئاڭلىغان قازان:

—شىكار بۇزۇلمىسۇن، يارەنلىرىم تارقىمىسۇن! مەن ها-زىرلا قوڭۇر ئاتقا ئاتلىناي، ئۈچ كۈنلۈك يولنى بىر كۈندە باساي، پېشىنگە قالماي يۇرتقا يېتەي. ئوردا ئامان بولسا، كەچ كىرمەستىن يېتىپ كېلەي؛ دېگەن قارارلاردا كېلەلمىسەم، ئۆ-زۈڭلارغا ئاگاھ بولۇڭلار، —دەپتۇ-دە، قوڭۇر ئارغىمىقىنى ئۆكچىلەپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. يۇرتتىڭ يېنىغا كېلىپ قارى-سا، هاۋادا قۇزغۇنلار ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ، يەردە تايغانلار تىنتىپ يۈرۈپتۇ.

بۇ ھالنى كۆرگەن قازان بەگنىڭ قارا كۆزلىرى قانغا تولۇپتۇ. قانلىرى قايناپ، قارا باغرى ئۆرتىلىپتۇ. قوڭۇر ئار-غىمىقىنى ئۆكچىلەپ كۆپپارلار ئۆتىدىغان يولغا چۇشۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىغا بىر سۇ ئۇچراپتۇ.

”سۇ كۆرەرمىش تەڭرىنىڭ جامالىنى، بۇ سۇغا ئېيتاي ھالىمنى“ دېگەن ئويغا كېلىپ:

شارقىراپ قىيالاردىن چىققان سۇ،
نوھنىڭ كېمىسىنى ئويناتقان سۇ،
ھەسەن بىلەن ھۈسەيننىڭ ھەسرىتى سۇ،
باغۇ بوستانلارنىڭ زىنىنىتى سۇ!
ئايشە بىلەن پاتىمەنىڭ نىكاھى سۇ،
شەھۋاز ئاتلارنىڭ ئىچكىنى سۇ،
قىزىل تۆگىلەرنىڭ كەچكىنى سۇ،
ئوردامنىڭ خەۋرىنى بەرسەڭچۇ،
قارا بېشىم قۇربان ساڭا سۇ!

دەپتۇ.

سۇ نەدىن خەۋەر بەرسۇن! قازان سۇدىن ئۆتۈپتۇ، ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىغا بىر بۆرە چىقىپتۇ.

قازان: ”موبارەكمىش بۆرىنىڭ يۈزى، ئۇنىڭغا ئېيتىپ كۆرەي ھالىمنى“ دەپتۇ-دە، ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى بىر قۇر ئېيىتىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىنمۇ ئوردىسىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپتۇ.

بۆرە نەدىنمۇ خەۋەر بەرسۇن؟ قازان ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆت-
كەندە، ئالدىغا قارا چوپاننىڭ قارا ئىتى چىقىپتۇ. قازان ئۇنىمۇ
بىر قۇر مەدھىيىلىگەندىن كېيىن يۇرتىنىڭ ئەھۋالىنى سو-
راپتۇ.

ئىت نەدىنمۇ خەۋەر بەرسۇن! ئۇنى تونۇپ ئىتنىڭ ئايىغىغا
يىقىلىپ، ئويناقشىپ غىڭشىشقا باشلاپتۇ. قازان ئىتنى قامچى-
لاپ يولغا مېڭىپتۇ. ئىتمۇ ئۇنىڭدىن كېيىن قالماپتۇ. قارا
چوپاننىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنى كۆرۈپلا ئۆيىنىڭ ئەھۋالىنى
سوراپتۇ.

چوپان بولغان-ئەتكەننى بىر-بىرلەپ بايان قىلغاندا قازان
ئاھ ئۇرۇپ ئۆزىنى يوقىتىپتۇ. كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، ئا-
لەمنى تۇتەك باسقاندەك بولۇپ كېتىپتۇ.

— ئاغزىڭغا تاش، تىلىڭ قۇرۇسۇن، چوپان! خۇدا جازاڭ-
نى بەرسۇن چوپان! — دەپتۇ. ئۇنىڭغا جاۋابەن چوپان:

— نېمىگە كايىيسىز، بېگىم قازان، قەلبىڭىزدە يوقمۇ ئى-
مان! ئالتە يۈز كۈپپار ماڭا قاراپ ئېتىلدى، ئىككى قېرىندى-
شىم يولىڭىزغا شېھىت بولدى. ئۈچيۈز كۈپپارنى ئۆلتۈردۈم.
سېنىز قوي-قوزىلىرىڭىزدىن بىرىنىمۇ كۈپپارغا يېگۈزمىدىم.
ئۈچ يېرىمدىن يارىلاندىم، ئازابلاندىم-قىينالدىم، شۇمۇ مېنىڭ
گۇناھىم! — دەپتۇ ۋە:

بېرىڭ ماڭا قوڭۇر ئارغىمىقىڭىزنى،
بېرىڭ ماڭا ئاتمىش تۇتام مىزراكىڭىزنى.

بېرىڭ ماڭا كەڭ يۇزلۇك قالقىنىڭىزنى،
بېرىڭ ماڭا قارا پولات قىلىچىڭىزنى.
بېرىڭ ماڭا ساداقتىكى سەكسەن ئوقىڭىزنى.
بېرىڭ ماڭا قاتتىق كىرىچلىك يايىڭىزنى.
دۈشمىنىڭىزگە ئۆزۈم باراي،
ئۆلتۈرەي بىرنى قويماي،
پېشانەم قېنىنى يېڭىمگە ئېيتاي،
ئۆلسەم سىزنىڭ يولىڭىزدا ئۆلەي.
ئىنشا ئاللا ئۆيىڭىزنى ئۆزۈم قۇتقۇزاي.

دەپتۇ. قازان چوپاننىڭ بۇ سۆزلىرىگە لام-جىم دېمەي يۈرۈپ كېتىپتۇ، چوپان قازاننىڭ كەينىدىن يېتىشكەندە، ئۇ كەينىگە قاراپ سوراپتۇ:

—نەگە كېتىۋاتىسەن، ئوغلۇم چوپان؟

—سىز ئۆيىڭىزنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا كېتىۋاتقان بولسىڭىز، مەنمۇ ئىككى قېرىندىشىمنىڭ قېنىغا قان ئالغىلى كېتىۋاتىمەن، ئاكام قازان.

شۇ چاغدا قازان:

—قورسىقىم ئاچ، يېگۈدەك بىرنەرسەڭ بارمۇ چوپان؟—دەپ سوراپتۇ.

—بىر قوزا پىشۇرغان ئىدىم ئاخشام، كېلىڭ بۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە چۈشەيلى ئاكام قازان،—دەپتۇ چوپان.

ئۇلار شۇ يەرگە چۈشۈپتۇ. چوپان غانجۇغىسىدىن خورجۇن-

نى ئېلىپ ياخشى غىزالىنىپتۇ.

قازان: ”ئەگەر چوپان بىلەن بارىدىغان بولسام، ئوغۇز بەگلىرى ئارىسىدا سۆز-چۆچەككە قالىمەن. ئۇلار چوپان بىللە بارمىغان بولسا، قازان كۆپپارنى يېڭەلمەيتتى، دەيدۇ“ دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا غەيرەت كىرىپتۇ-دە، چوپاننى يوغان بىر تۇپ دەرەخكە چىڭ باغلاپ قويۇپ كېتىپتۇ.

”ھە چوپان، قارنىڭ ئاچماستا، كۆزۈڭ يۇمۇلماستا بۇ دەرەخنى قومۇرۇۋەت، ئۇنداق قىلمىساڭ بۆرە-قۇشلارغا يەم بولىسەن.“ دەپتۇ چوپان ئۆز-ئۆزىگە.

قارا چوپان دەرەخنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ ئېلىپ يەرگە ئۇرۇپتۇ ۋە ئۇنى يۈدۈپ قازاننىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. چوپاننىڭ دەرەخنى يۈدۈپ كېلىۋاتقانلىنى كۆرگەن قازان:

—ئەي چوپان، بۇ نېمە دەرەخ؟—دەپ سوراپتۇ.

—بۇ شۇنداق دەرەخكى، ئاكام قازان، سىز كۆپپارنى يېڭىپ قورسىقىڭىز ئاچقاندا بۇ دەرەخ بىلەن ئىككىمىز سىزگە تاماق ئېتىپ بېرىمىز،—دەپتۇ چوپان.

قازان ئېتىدىن چۈشۈپ چوپاننىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، پېشانىسىگە سۆيۈپ:

—خۇدا مېنىڭ ئۆيۈمنى قۇتقۇزىدىغان بولسا، سېنى ئوردىنىڭ ئاتخانا بېگى قىلىمەن،—دەپتۇ ۋە ئۇنى باشلاپ يولغا راۋان بوپتۇ.

شۆكلى خاقان كۆپپارلار بىلەن شاد-خۇرام يەپ-ئىچىپ كەيپ-ساپاسىنى سۈرۈۋېتىپ:

—بەگلەر، قازانغا يەنە شۇنداق تېتىش كېرەككى، زىلۋا بويلۇق بۇرلا خېنىمنى ئېلىپ كېلىپ قەدەھ ئۇرۇشتۇرۇش كېرەك،—دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان بۇرلا خېنىمنىڭ يۈرىكىگە ئوتلار چۈشۈپتۇ. نازۇك بەللىك قىرىق كېنىزىكىنىڭ ئىچىگە كىرىپ:

—قازاننىڭ خوتۇنى قايسىڭلار دېسە، قىرىقىڭلار تەڭ جاۋاب قايتۇرۇڭلار،—دەپ ئۆگىتىپتۇ.

شۆكلى خاقاندىن ئادەم كېلىپ: ”قازاننىڭ خوتۇنى قايسىڭلار؟“ دەپتىكەن، دەرۋەقە، قىرىق ئېغىزدىن تەڭ جاۋاب چىقىپ، كىملىكىنى بىلەلمەي، بۇ ئەھۋالنى خاقانغا مەلۇم قىلىپتۇ.

—بېرىڭلار، قازاننىڭ ئوغلى ئورۇزنى ئېلىپ چىقىپ كانارغا ئېسىڭلار، تېنىنى پارە-پارە قىلىپ، قورداق قىلىپ قىرىق بەگ قىزىنىڭ ئالدىغا قويۇڭلار. قايسى يېسە، ئۇ ئەمەس، قايسى يېمىسە ئۇنىڭ ئانىسى شۇ. ئاندىن ئۇنى ئېلىپ كېلىپ قەدەھ تۇتقۇزۇڭلار،—دەپتۇ خاقان.

بۇنى ئاڭلىغان بۇرلا خېنىم ئوغلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، كۇپپارلارنىڭ بايىقى كۇسۇلدىشىپ قىلىشقان گەپلىرىنى ئېيتقاندىن كېيىن:

تۇڭلۇكى ئالتۇن چوڭ ئۆيۈمنىڭ تېرىكى ئوغلۇم،
ئاپئاق ئوماق كېلىنىمنىڭ چېچىكى ئوغلۇم،
ئون ئاي قورساق كۆتۈرۈپ تۇغقان ئوغلۇم،

ئالتۇن بۆشۈكتە ياتقان ئوغلۇم!

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

باشقا كەلدى، گۆشۈگدىن بىر چىشلەم يەيمۇ؟
يا بولمىسا كۇپپار بىلەن بىر ئورۇنغا كىرەيمۇ؟
ئاتاڭ قازاننىڭ نومۇسىنى يەرگە ئۇرايمۇ؟
قانداق قىلاي جان ئوغلۇم بىرنېمە دېسەڭچۇ؟

دەپتۇ.

ئورۇز ئىنتايىن غەزەپلەنگەن هالدا، ئەگەر ”ئانا هەققى خۇدا هەققى“ بولمىغاندا، ئانىسىنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرى ئۇچۇن ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، جانىنىڭ تاتلىقلىقىنى كۆرسىتىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن:

—بولدى ئانا، كەلمە مېنىڭ يېنىمغا، يىغلىماي قوي، ئوغلۇم دەپ ماڭا، ئاسسۇن مېنى شۇ كانارىغا، گۆشۈمنى قويىسۇن، قىرىق كېنىزەك ئالدىغا، ئۇلار بىر چىشلەم يېسە، سەن ئىككى چىشلەم يە! بىلمەي قالسۇن سېسىق كۇپپارلار، كىرمەي قوي ئۇنىڭ بىلەن بىر ئورۇنغا، ئالماي قوي قەدەھ سۇنسا! ئاتام قازان نومۇسىنى هەرگىز ساتما! —دەپتۇ.

ئولغىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا، بۇرلا خېنىمنىڭ كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ ياشلار ئېقىپتۇ. بويى زىلۋا، بېلى نازۇك بۇرلا خېنىم، كۆز ئالمىسىدەك قىزىل مەڭزىلىرىنى قىيما-چىيما قىلىپ، خەنجەردەك قارا چېچىنى يۇلۇپ، ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

ئورۇز ئانىسىنىڭ يىغىسىغا تەسەللى بەرگەندىن كېيىن، ئات بار يەردە قۇلۇن، تۆگە بار يەردە بوتۇلاق، قوي بار يەردە قوزىچاقلار بولماي قالمايدىغانلىقىنى نەقىل قىلىپ، "سەن ئامان، ئاتام ئامان بولغان يەردە مېنىڭدەك بىر ئوغۇل بولماي قالماس!" دېگەندە، ئانىسى بىقارار بولۇپ يىغلىغىنىچە، نازۇك بەللىك قىرىق كېنىزىكنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

كۆپپارلار ئورۇزنى كانارىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇ:

— ئامان بول، كۆپپار ئامان، تەڭرىنىڭ بىرلىكىگە يوقتۇر گۇمان! قويۇۋېتىڭلار مېنى، بۇ ياغاچ بىلەن سۆزلىشۋالاي، — دەپتۇ ۋە كانارىنىڭ ياغىچىغا قاراپ ئۇنى مەككە-مەدىنىنىڭ ئىشكلىرى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسى، دەريالارنىڭ كۆۋرۈكى، دېڭىزلارنىڭ كېمىسى، شاھى مەردان ھەزرىتى ئەلىنىڭ دۇلدۇلىنىڭ ئىگىرى، زۇلپىقارنىڭ قىنى. . . غا ئوخشاتقاندىن كېيىن:

ئەرۇ ئايالنىڭ قورقۇنچى ياغاچ،
بېشىغا قارىسا كۆز يەتمەس ياغاچ،
تۈۋىگە قارىسام تۇۋى يوق ياغاچ،
مېنى ساڭا ئاسارمىش، كۆتۈرمە ياغاچ،
كۆتۈرسەڭ ياشلىقىم تۇتقاي سېنى، ياغاچ!
بىزنىڭ يۇرتتا بولساڭ ئىدىڭ، ياغاچ،
قارا ھىندى قۇللىرىمغا بۇيرۇيتتىم، ياغاچ!
پارچە-پارچە قىلىپ توغرايتتىم، ياغاچ!
تۇتقان-قوتان باغلانغان ئاتلىرىمغا ۋاي،

قېرىنداش دەپ يىغلىغان دوستلىرىمغا ۋاي.
بەگلىككە تويمىغان ئۆز بېشىغا ۋاي،
ياشلىقىغا قانمىغان بۇ جېنىمغا ۋاي!

دەپ ئۇن سېلىپ يىغلاپتۇ. ئۆرتەلگەن جىگىرىنى داغلاپتۇ.

شۇ ئەسنادا، سالۇر قازان بىلەن قارا چوپان يېتىپ كەپتۇ. چوپاننىڭ سالغىسىنىڭ تاش قويىدىغان خالتىسى ئۈچ ياشلىق غۇناننىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن، تۇتقىسى ئۈچ تېكىنىڭ يۇڭىدىن، يىپى بىر تېكىنىڭ يۇڭىدىن ئۆرۈلگەن بولۇپ، ھەر ئاتقىنىدا ئىككى پاتمان تاش ئاتىدىكەن. ئاتقان تېشى يەرگە چۈشمەيدىكەن. چۈشسىمۇ چۈشكەن يېرى ئوچاقتەك ئويۇلۇپ، كۆلدەك تۇزۇپ كېتىدىكەن. تېشى چۈشكەن يەرنىڭ ئوتى ئۈچ يىلغىچە، ئۈچمەيدىكەن. شۇڭا قوي-قوزىلىرى دالىدا قالسىمۇ، بۆرە كېلىپ يېمەيدىكەن. . .

قارا چوپان سالغىسىنى ئېتىشقا باشلاپتىكەن، قازان ئالدى بىلەن ئانىسىنىڭ غېمىنى يەپ، شۆكلى خاقاندىن، ئۇلار بېسىۋالغان ئۆيلىرى، ئېلىپ كەتكەن مول خەزىنە، ئالتۇن-كۈمۈشلىرى، ئۇچقۇر ئاتلىرى، قاتار-قاتار تۆگىلىرى ھەتتا قىرىق كېنىزەك بىلەن خوتۇنى ۋە ئوغلى ئورۇزنى ئالسىمۇ ئېلىپ، ياشانغان ئانىسىنى قايتۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپتۇ. لېكىن كۆپپار غەنىيمەت ئالغان نەرسىلەر بىلەن ئەسىر ئېلىنغانلارنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى كۆز-كۆز قىلىپلا قالماي:

ئاناڭنى ئېلىپ كەلدۇق، بىزگە تەئەللۇق،
بىرىمىز ئۇنى يايغان كەشىش ئوغلىغا.
تۇغسا ئۇنىڭدىن بىر ئوغۇل،
رەقىپ قىلىپ قويىمىز ساڭا!

دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قارا چوپاننىڭ قېنى قايناپ، ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، لەۋلىرى تىترەپ كېتىپتۇ:

ھەي ئىت كۇپپار، دىنى يوق ئېقىلسىز كۇپپار،
قارا تاغلار قېرىسا، ئوتى كېتەمدۇ؟
دەريا-كۆللەر قېرىسا، سۇيى كېلەمدۇ؟
شەھۋاز ئاتلار قېرىسا، قۇلۇن بېرەمدۇ؟
قازاننىڭ ئانىسى قېرى تۇرسا ئوغۇل تۇغامدۇ؟
قارا كۆزلۈك قىزىڭ بولسا بەر قازانغا،
ئۇنىڭدىن بىر ئوغۇل تۇغۇلسا،
رەقىپ قىلىپ قويارسەن ئاڭا.

دەپتۇ-دە، سالغىسىنى ئېتىشقا باشلاپتۇ، ئالەمنى قارا تۇتەك قاپلاپ، كۇپپارنىڭ كۆزلىرىنى قاراڭغۇلۇق بېسىپتۇ.

ھالبۇكى، بۇ ياندا ئوغۇز بەگلىرى قازاننىڭ بېشىغا كەلگەنلەرنى ئۇقۇشۇپ، كەينى-كەينىدىن يېتىشىپ كەپتۇ.

قارا جىلغا ئاغزىدا تۇغۇلغان، بۆشۈكىگە قارا بۇغا تېرىسىدىن يوپۇق يايقان، ئاچچىقى كەلسە قارا تاشنى كۇكۇم-تالقان

قىلىشۋېتىدىغان، بۇرۇتىغا يەتتە يەردىن تۈگۈن ئۇرغان، يىگىت-لەر ئەجدىھاسى، قازان بەگنىڭ قېرىندىشى قارا گۈنە يېتىپ كېلىپ:

— چاپ قىلىچىڭنى ئاكام قازان، مەن كەلدىم! — دەپتۇ.

ئۇنىڭ كەينىدىن، قارا دەرۋەنىنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىنى بىر تېپىپ ئۆرۈۋەتكەن، ئاتمىش تۇتام مىزراكى بىلەن مەندۇرمەن دېگەنلەرنى زار قاقشاتقان، قازاندەك پالۋانلارنى ئۈچ نۆۋەت ئې-تىدىن يىقىتقان، قايا سەلچۇق ئوغلى تەلۋە دۇندار يېتىپ كېلىپ:

— چاپ قىلىچىڭنى، ئاكام قازان، مەن كەلدىم! دەپتۇ.

ئۇنىڭ كەينىدىن، ئامىد بىلەن ماردىن قەلئەسىنى بىر تېپىپ ئۆرۈۋەتكەن، تۆمۈر يايلىق قىپچاق خاقاننى قان قۇس-تۇرغان، قازاننىڭ قىزىنى ئەرلىكى بىلەن ئالغان، ئوغۇزنىڭ ئاقساقاللىق خوجىلىرى باركاللا دېگەن، ئېتىنىڭ بوينىغا قوتاز قۇيرۇقىدىن پۆپۈك ئاسقان، قىزىل موۋىت شالۇۋرلۇق قاراگۈنە ئوغلى قارا پۇتاق يېتىپ كېلىپ:

— چاپ قىلىچىڭنى ئاكام قازان، مەن كەلدىم! — دەپتۇ.

ئۇنىڭ كەينىدىن، بايىندىرخاننىڭ يىغىنىنى تەنها باسقان، ئاتمىش مىڭ كۇپپارنى قان قۇستۇرغان، ئاق بوز ئارغىمىقىنىڭ يايلىسىغا ئاق باغلىغان، غەپلەت خوجا ئوغلى شىر شەمسىددىن يېتىپ كېلىپ:

— چاپ قىلىچىڭنى ئاكام قازان، مەن كەلدىم! — دەپتۇ.

ئۇنىڭ كەينىدىن، پارا سارىنىڭ بايبۇرت قەلئەسىدىن ئۇ-

چۆپ چىققان، ئالا گەردەك[1]كە دۈچ كەلگەن، يەتتە قىزنىڭ ئۈمىدى، ئوغۇز نەسلىنىڭ ئارزۇسى، قازان بەگنىڭ يېقىنى، بوز ئايغىرلىق بۆرەك يېتىپ كېلىپ:

—چاپ قىلىچىڭنى ئاكام قازان، مەن كەلدىم!—دەپتۇ.

ئۇنىڭ كەينىدىن، ئات چىپىشى كۆركەم، بۇركۇت كەبى ھەيۋەتلىك، بىلىدە شايىدىن بەلۋىقى، قولىدا ئالتۇن پەيپەيزىسى بار، ئوغۇز بەگلىرىنى ئاتلىرىدىن بىر-بىرلەپ يىقىتقان غازلىق خوجا ئوغلى يەگىنەك يېتىپ كېلىپ:

—چاپ قىلىچىڭنى ئاكام قازان، مەن كەلدىم!—دەپتۇ.

ئۇنىڭ كەينىدىن، ئاتمىش تېكە تېرىسىنىڭ جۇۋىسى تىزىدىن ئاشمىغان، ئالتە تېكە تېرىسىدىن كۇلا كىيسە قۇلىقىنى ياپمىغان، قول-پۇتى قىسقا، پاقالچىقى ئىنچىكە، قازان بەگنىڭ تاغىسى، ئات ئېغىزلىق ئارۇز خوجا يېتىپ كېلىپ:

—چاپ قىلىچىڭنى، بېگىم قازان، مەن كەلدىم! دەپتۇ.

ئۇنىڭ كەينىدىن، ئۇ دۇنيادا پەيغەمبەرنىڭ جامالىنى كۆرگەن، بۇ دۇنيادا ئوغۇزدىن دوست تۇتقان، غەزىپى تاشسا، بۇرۇتىدىن قان تامىدىغان ئەمىن يېتىپ كېلىپ:

—چاپ قىلىچىڭنى ئاكام قازان، مەن كەلدىم!—دەپتۇ.

ئۇنىڭ كەينىدىن، كۇپپارلارنى ئىتتىن بەتتەر يامان كۆرىدىغان؛ ئەلدىن چىقىپ ئايغىر كۆزلەر دەرياسىدا ئات ئۈزدۈرگەن، ئەللىك يەتتە قەلئەنىڭ ئاچقۇچىنى ئالغان، ئاق چەشمە

---

[1] گەردەك—توي كېچىسى كېلىن بىلەن كىيو كىرىدىغان ھۇجرا—ت.

خانىنىڭ قىزىغا نىكالانغان، سوپى سەندال پادىشاھنى قان قۇس-
تۇرغان، قىرىق جۇببە①گە ئورۇنۇپ، ئوتتۇز يەتتە قەلئە بېگى-
نىڭ ئۇماق قىزلىرىنىڭ بويىغا چىرمىشىپ، لېۋىگە سۆيگەن
ئەيلىك خوجا ئوغلى ئالىپ ئەرەن يېتىپ كېلىپ:

—چاپ قىلىچىڭنى ئاكام قازان، مەن كەلدىم! —دەپتۇ.

كەلگەن ئوغۇز بەگلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولماس، ئىش-
قىلىپ كەلمىگىنى قالماپتۇ. ئۇلار ئېقىن سۇدا تەرەت ئېلىپ
ئاق پېشانىسىنى يەرگە قويۇپ، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپتۇ.
ئىسمى گۈزەل موھەممەتكە سالاۋات②ئېيتىپتۇ-دە، ھايت-ھۇيت
دېگۈچە كۈپپارلارغا ئات سېلىپ، قىلىچ چېپىپتۇ. جەڭ دۇمبى-
قى گۈمبۈرلەپ، نەرىلەر تارتىلىپتۇ. ئۇ كۈنى شۇنداق بىر
قىيامەت جەڭ بولۇپتۇكى، پۈتۈن مەيدان كېسىلگەن باشقا تولۇپ-
تۇ. باشلار توپتەك چۇشۇپتۇ، ئۇچقۇر ئاتلارنىڭ ناللىرى ئۇ-
چۇپتۇ. ئالامىزراكلار سانجىلىپتۇ، قارا پولات قىلىچلار چېپى-
لىپتۇ. ئۈچ پەيلىك قېيىن ئوقلار ئېتىلىپتۇ. قىيامەت بىر
كۈن بوپتۇ. بەگلەر نۆكەرلىرىدىن، نۆكەرلەر بەگلىرىدىن
ئايرىلىپتۇ.

سىرتقى ئوغۇز بەگلىرى بىلەن تەلۋە دۇندار ئوڭدىن، سۇ-
باتلىق يىگىتلەر بىلەن قارا گۈنە ئوغلى تەلۋە پۈتاق سولدىن،
ئىچ ئوغۇز بەگلىرى بىلەن قازان ئوتتۇرىسىدىن، شۆكلى خاقانغا

① جۇببە—ئەينى زاماندا، ئاتقا مىنگەندە كىيىدىغان رەسمىي كىيىم—ت.

② پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك نامىنى تىلغا ئېلىپ، تەڭرىنىڭ مەدھىيىلىرىنى ئۇنىڭغا ئاتاپ قىلىنغان دۇئا—ت.

قاراپ ئېتىلىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا سوئال نەزەرىدە بىر قاراپ قويۇپ، ئاندىن يەرگە ئېتىپتۇ-دە، قارا بېشىنى كېسىپتۇ. «ئۆز شورۇڭ ئۆزۈڭگە!» دەپ قىزىل قېنىنى يەر يۈزىگە سېپىپتۇ.

ئوڭ ياندا قارا نۆكەر خانغا قاياسەلجۇق ئوغلى تەلۋە دۇندار دۇچ كەپتۇ. سول يېنىنى قىلىچلاپ يەرگە ئۇرۇپتۇ. سول تەرەپتە بوغاچىك خانغا قارا گۈنە ئوغلى قارا پۈتاق دۇچ كەپتۇ. ئالتە قاناتلىق چوماق بىلەن بېشىغا بىرنى يەپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، ئاتنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ يەرگە چۈشۈپتۇ.

قازان بەگنىڭ قېرىندىشى كۈپپارنىڭ توغ-ئەلەملىرىنى قىلىچلاپ يەر بىلەن يەكسان قىلىپتۇ، تۆپىدە-تۈزدە كۈپپارغا قىرغىن كېلىپ، ئۆلۈكىگە قارغا-قوزغۇن قونۇپتۇ. ئون مىڭ كۈپپار قىلىچلىنىپ، بەش يۈز ئوغۇز يىگىتلىرى شېھىت بوپتۇ. قاچقىنىنى قوغلىماپتۇ، ئامانلىق تىلىگەننى ئۆلتۈرمەپتۇ. ئوغۇز بەگلىرى ياۋدىن نۇرغۇن غەنىيمەتلەرنى ئاپتۇ.

قازان بەگ ئوردىسى ۋە بالا-چاقا، خەزىنىلىرىنى ئېلىپ قايتىپتۇ. قارا چوپاننى ئاتخانا بېگى قىلىپتۇ. يەتتە كېچە-كۈندۈز ئەلگە داستىخان سېلىپ قىرىق قۇل بىلەن قىرىق دېدەكنى ئوغلى ئورۇزنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ ئازاد قىلىپتۇ. سۇباتلىق باتۇر يىگىتلەرگە ئەل بېرىپتۇ، يۇرت بېرىپتۇ، مال بېرىپتۇ، مۈلۈك بېرىپتۇ.

دەدە قورقۇت كېلىپ، قوشاق قوشۇپ، بېيىت ئېيتىپ، بۇ ئوغۇزنامىنى تۈزۈپتۇ ۋە:

قېنى ماختانغان ئەۋلىيا بەگلەر،
بۇ دۇنيا مېنىڭ دېگەن ئەزىمەتلەر.
ئەجەل ھەم تۇتتى، يەر قۇچاق ئاچتى،
پانىي كەڭ دۇنيا كىملەرگە قالدى؟
كېلىپ-كېتىدىغان ئۆتەڭ بۇ دۇنيا،
ئاقىۋەت شەكسىز ئۆلۈملۈك دۇنيا!

دېگەندىن كېيىن، خانلار خانىغا بەش كەلىمە دۇئا قىلىپتۇ:
"قارلىق قارا تاغلىرىڭ يىقىلمىسۇن! بۈك-باراقسان ئورمانلىرىڭ كېسىلمىسۇن! قاندەك ئاققان سۇلىرىڭ قۇرۇمىسۇن! قادىر ئاللا نامەردكە مۇھتاج قىلمىسۇن! ئاق بوز ئېتىڭ چاپقىنىڭدا پۇتلاشمىسۇن! ئالا مىزاركىڭ قولۇڭدىن چۈشمىسۇن! قارا پولات قىلىچىڭ گاللاشمىسۇن! ئاقساقاللىق ئاتاڭنىڭ يېرى جەننەت بولسۇن! ئاق چاچلىق ئاناڭنىڭ يېرى بېھىش بولسۇن! ئاخىرقى نەپەستە ئىماندىن ئارىلمىسۇن! ئامىن دېگەنلەر تەڭرىنىڭ جامالىنى كۆرسۇن! ئاق پېشانەڭگە بەش كەلىمە دۇئا قىلدۇق، قوبۇل بولسۇن! ئاللا مۇرادىڭنى ھاسىل قىلسۇن! ھەممە گۇناھلىرىمىزنى ئىسمى گۈزەل مۇھەممەت مۇستاپا ھۆرمىتىگە مەغپىرەت قىلسۇن!

# بۆرەكنىڭ ئۆلۈشى

قازان ئۈچ يىلدا بىر ئىچ ئوغۇز، سىرت ئوغۇز بەگلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ، ئۈچ ئوقلار بىلەن كۆك ئوقلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۆيى ۋە مال-مۈلكىنى ئۇلارغا بۆلۈپ بېرىدىكەن. بۇ ئادىتى بويىچە، مال ئۇلەشتۇرگەندە خوتۇنىنى باشلاپ سىرتقا چىقىپ تۇرىدىكەن، ئاندىن ئۇلار ئۆيدە بار-يوقىنى ئېلىپ كېتىشىدىكەن.

قازان يەنە بىر قېتىم ئۆيىنى ئۇلەشتۇرمەكچى بوپتۇ. لېكىن سىرت ئوغۇز بەگلىرى كەلمەپتۇ. ئىچ ئوغۇز بەگلىرى ئۆزلىرىلا بۆلۈشۈپ ئاپتۇ.

سىرت ئوغۇز بەگلىرىدىن ئارۇز، ئەمىن ۋە باشقا بەگلەر بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپتىپ:

— قاراڭلار بۇ ئىشنى! بۈگۈنگىچە قازان ئۆيىنى ئۇلەشتۇرگەندە ھەممىمىز بىر بولاتتۇق، ئەمدى بىر بولالمىغىنىمىزدا گۇناھىمىز نېمە؟ — دېيىشىپتۇ.

پۈتۈن سىرت ئوغۇز بەگلىرى كېيىنى بىر قىلىپ، ئاداۋەت ساقلاپ قازان بەگكە سالام بەرگىلى كەلمەپتۇ.

قازاننىڭ يېنىدا قىلباش دېگەن بىر كىشىسى بار ئىكەن،

قازان ئۇنىڭغا:

— ھەي قىلباش، سىرت ئوغۇز بەگلىرى دائىم بىرلىكتە كېلىپ ماڭا سالام بېرىپ تۇراتتى، ئەمدى نېمە ئۈچۈن كەلمەس بولۇپ قالدى؟ — دەپتۇ.

— نېمە ئۈچۈن كەلمىگىنىنى بىلمەمسىز؟ ئۆيىڭىزنى ئۇلەشتۇرگەندە سىرت ئوغۇز بىرگە بولمىغان، سەۋەبى شۇدۇر، — دەپتۇ قىلباش.

— دېمەك، بىز بىلەن دۈشمەنلىشىپتۇ، شۇنداقمۇ؟ — دەپتۇ قازان.

قىلباش:

— تەقسىر، مەن بېرىپ ئۇلارنىڭ دوست ياكى دۈشمەن ئىكەنلىكىنى بىلىپ كېلەي، — دەپتۇ.

— ئۆزۈڭ بىل، بارساڭ بار، — دەپتۇ قازان.

قىلباش بىرنەچچە ئادەم بىلەن ئاتلىنىپ سىرت ئوغۇز تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار بېرىپ سىرت ئوغۇز بەگلىرىدىن ئارۇزنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ قازاننىڭ تاغىسى ئىكەن.

ئارۇزغا: ”قازان خاندىن ئادەم كەلدى!“ دېگەن خەۋەر بولۇپتۇ.

— كەلسۇن! — دەپتۇ ئارۇزخان.

ئارۇز ئالتۇن كۇنلۇكىنى چىمەنلىككە تىكتۇرۇپ، ئوغۇللىرى بىلەن ئولتۇرۇپتىكەن، قىلباش كېلىپ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام بەرگەندىن كېيىن، ئارۇز ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپتۇ.

—قازان خان دۆلىتىگىزگە دۇئا قىلدى. ئۆزى ئېغىر ئەھۋالدا قالدى. ”بېشىمغا كۈن چۈشتى، يېنىمغا يېغى كەلدى، قايتا پاندا تۆگىلىرىمنى بۆكۈرەتتى، قارا قوچتا يىلقىلىرىمنى كىشنەتتى، تۈمەننىڭ ئاق قويۇمنى مەرەتتى، ئاپئاق قىز-كې-لىنلىرىمنى چىرقىراتتى. بېشىمغا كەلگەننى تاغام ئارۇز بىر كېلىپ كۆرسۇن.“ دېدى،—دەپتۇ ئۇ. ئارۇز:

—ھەي قىلباش، ئۇ چاغدا ئاۋۋال ئۈچ ئوقلار بىلەن كۆك ئوقلار بىرلىككە كېلەتتۇق. ئاندىن كېيىن قازان ئۆيىنى ئۇلەش-تۈرۈپ بېرەتتى. ئەمدى بىرگە بولالماسلىقتا گۇناھىمىز نېمە ئىكەن؟ ياخشى بوپتۇ، قازاننىڭ بېشىغا يەنە كەلسۇن، تاغىسى ئارۇزنى شۇنداق ئەسلەپ تۇرسۇن. بىز قازانغا دۈشمەن بول-دۇق، ئاڭلاپ قويسۇن،—دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان قىلباش:

—ھەي سادىغاڭ كېتەي ئارۇز! قازان خان بىر كۈنى ئالا تاغدا چېدىرىنى قۇرغانىدى، ئۈچيۈز ئاتمىش ئالتە پالۋان يېنىغا ھازىر بولدى. ئالدىغا ئاش كەلگەندە سىزنى ئەسلىۋىدى، بەگلەر ئۇنىڭغا: ”خانىم، تاغىڭىز سىزگە دۈشمەن ئىكەن“ دېيىشتى. راستىنى ئېيتسام يېنىمىزغا يېغى كەلگىنى يوق، مەن بۇ سۆز-نىڭ راست-يالغانلىقىنى بىلگىلى كەلدىم. خان قازانغا دۈشمەن ئىكەنسىز، بىلدىم،—دەپتۇ-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ خوش ئېي-تىپ قايتىپتۇ.

ئارۇز خوجا ئىنتايىن پەرىشان بولۇپ، ئادەم ئەۋەتىپ سىرت ئوغۇز بەگلىرىنى چاقىرىپتۇ: ئەمىن كەلسۇن، ئالىپ

رۇستەم كەلسۇن، قايتماس دۆلەك ئەۋرەن كەلسۇن ۋە باشقا بەگلەرنىڭ ھەممىسى كەلسۇن، دەپتۇ.

ئارۇز خوجا چوڭ ئوتاقلارنى تىكتۇرۇپ، ئاتتىن ئايغىر، تۆگىدىن بۇغرا، قويدىن قوچقارلارنى سويدۇرۇپ، سىرت ئوغۇز بەگلىرىگە توي بېرىپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

—بەگلەر، مەن سىلەرنى نېمىگە چاقىرىدىم، بىلەمسىلەر؟

—نېمىگە چاقىرغانلىقىڭىزدىن خەۋىرىمىز يوق. لېكىن نېمە بۇيرۇقىڭىز بولسا بىز تەييار، —دەپتۇ بەگلەر. ئارۇز:

—قازان بىزگە ئېلىم تالان-تاراج بولدى، بېشىمغا كۈن چۈشتى، تاغام ئارۇز ئوغۇز بەگلىرى بىلەن كېلىپ كەتسۇن، دەپ قىلباشنى ئەۋەتىپتۇ، —دەپتۇ.

—نېمە دەپ جاۋاب بەردىڭىز؟—دەپتۇ ئەمىن. ئارۇز:

—مەن ئۇنىڭغا ھەر قاچان قازان ئۆيىنى ئۇلەشتۇرسە سىرت ئوغۇز بەگلىرى بىرگە بولاتتۇق، بەگلەر بېرىپ قازانغا سالام بېرىپ قايتىشاتتى. ئەمدى گۇناھىمىز نېمە ئىكەن، ئاڭ-لاپ قوي. بىز قازانغا دۇشمەن بولدۇق دېدىم، —دەپتۇ.

—ياخشى دەپسىز، —دەپتۇ ئەمىن.

—بەگلەر، سىلەرچە قانداق بوپتۇ؟—دەپتۇ ئارۇز.

—نېمە دەيمىز، سىز قازانغا دۇشمەن بولغان ئىكەنسىز، بىزمۇ شۇ-دە، !—دېيىشىپتۇ بەگلەر.

ئارۇز پۈتۈن بەگلەرگە خىلئەت①كىيدۈرۈۋېتىپ:

---

① خىلئەت—ھۆكۈمدارلار ۋە ۋەزىرلەر تەرىپىدىن ھۆرمەت ۋە مۇكاپات سۈپە-تىدە كىيدۈرۈلگەن تون.

—بەگلەر، بۆرەك بىزدىن قىز ئالغان. ئۇ بىزگە كۈيئو-غۇل. لېكىن قازاننىڭ يېقىنى. ئۇنى، بىزنى قازان بىلەن كېلىشتۈرۈپ قويسۇن، دەپ ئالداپ ئوردىغا تەكلىپ قىلايلى. ئۇ كېلىپ بىزنىڭ دېگەن يېرىمىزدىن چىقسا، خوش، چىقمىسا مەن ساقلىنى تۇتاي، سىلەر قىلىچلاپ تاشلاڭلار. بۆرەك يو-قالسا، قازان بىلەن بولىدىغان ئىشىمىز خەيرلىك بولىدۇ، —دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئارۇز بۆرەككە قەغەز يوللاپتۇ.

بۆرەك هۇجرىسىدا يىگىتلىرى بىلەن كەيپى-ساپا سۈرۈپ ئولتۇرغىنىدا ئارۇزدىن ئادەم كېلىپ، ئۇنىڭغا سالام بېرىپتۇ. بۆرەكمۇ سالام قايتۇرغاندىن كېيىن:

—نېمە دەيسەن؟ —دەپتۇ.

كەلگەن كىشى:

—تەقسىر، ئارۇز سىزگە سالام ئېيتتى، بۇ قەغەزنى سىز-گە ئەۋەتتى، —دەپ سۇنۇپتۇ.

بۆرەك ئېچىپ قارىسا، ”مەرھەمەت قىلىپ بىزنى قازان بىلەن كېلىشتۈرۈپ قويغايسىز“ دەپ يېزىلغان ئىكەن.

—خوپ، بولىدۇ، —دەپتۇ بۆرەك. ئۇ ئارغىمىقىنى توقۇ-تۇپ مىنىپ، قىرىق يىگىتىنى ئېلىپ ئارۇزنىڭكىگە كەپتۇ. ئۇلار سىرت ئوغۇز بەگلىرى ئولتۇرغان يەرگە كىرىپ سالام بەرگەندىن كېيىن، ئارۇز تەكلىپ قىلغان يەرگە ئۆتۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

—سېنى نېمىگە چاقىرغىنىمىزنى بىلەمسەن، بۆرەك؟—

دەپتۇ ئارۇز ئۇنىڭغا.
—نېمىگە چاقىرغان بولسىڭىز مەرھەمەت، —دەپتۇ بۆرەك.
—مۇشۇ ئولتۇرغان بەگلەر ھەممىمىز قازاندىن يۇز ئۆرۈپ قەسەم قىلدۇق، —دەپتۇ ئارۇز ۋە قۇرئاننى ئېلىپ كېلىپ، —سەنمۇ قەسەم بەر! —دەپتۇ.
—ئەزبىرايى خۇدا، مەن قازاندىن يۇز ئۆرۈمەيمەن، —دەپ قەسەم قىلىپتۇ بۆرەك، —قازاننىڭ "تۇزىنى يەپ تۇزلۇقىغا ئول-تۇرسام" كۆزۈم كور بولسۇن، كىيگەن تونۇم كېپەن بولسۇن، مىنگەن ئېتىم تاۋۇت بولسۇن، ياتقان ئۆيۈم زىندان بولسۇن. . .
ئارۇز غەزەپلىنىپ، بۆرەكنىڭ ساقىلىدىن ئاپتۇ. بەگلەر بۆرەككە قول سېلىشقا قىيالماپتۇ. بۆرەك:
—يىگىتنى ئالداپ تۇتۇش خوتۇن كىشىنىڭ ئىشى، خوتۇ-نۇڭدىن ئۆگەندىڭمۇ سەن بۇ ئىشنى؟ —دەپ، ئۆزىنىڭ غاپىل بولۇپ، تەييارلىقسىز كەلگەنلىكىگە ئەپسۇسلىنىپتۇ. ئارۇز:
—بولدى، قوي قۇرۇق گېپىڭنى، جېنىڭدىن تويمىساڭ ئىچ قەسەمنى، —دەپتۇ.
—ئەزبىرايى خۇدا، مەن قازان ئۇچۇن بېشىمنى تىككەن، خالىساڭ يۇز پارە قىلىۋەت تېنىمنى، خان قازاندىن يۇز ئۆرۈ-مەيمەن، —دەپتۇ بۆرەك.
ئارۇز دەرغەزەپكە كېلىپ، بۆرەكنىڭ ساقىلىنى چىڭ تۇ-تۇپ، بەگلىرىگە قاراپتۇ. ھېچكىم كەلمەپتۇ. ئارۇز قارا پولات

قىلىچىنى چىقىرىپ بۆرەكنىڭ يامپىشىغا بىرنى ئۇرۇۋېتكەن، قان شۇرقىراپ ئېقىپتۇ.

بۆرەكنىڭ بېشى قېيىپ يەرگە يىقىلىپتۇ.

بەگلەر ئاتلىرىغا مىنىشىپتۇ-دە، بۆرەكنى ئالدىغا ئېلىپ قېچىپتۇ ۋە ھۇجرىسىغا ئېلىپ بېرىپ ياتقۇزۇپتۇ.

بۆرەك ھوشىغا كېلىپ، يىگىتلىرىگە ئاق بوز ئېتىنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىۋېتىشنى، ئالا تاغدىن كېچىلەپ ئۆتۈپ، قازاننىڭ يېنىغا بېرىپ، بولغان ۋەقەنى بىر-بىرلەپ ئۇقتۇرۇشنى، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ ئۆلۈكىنى ئارۇزنىڭ قولىغا چۈشۈرمەسلىكنى ئالاھىدە تاپىلاپ شۇنداق دەپتۇ:

ئارۇز ئوغلى بەسەت يېتىپ كەلمەستە،
ئېلىم-يۇرتۇم تالان-تاراج بولماستا،
ئاق يۇزلۇك گۈزىلىمنى بەسەت كېلىپ ئالماستا،
قازان كېلىپ ئۆلۈكىمنى ئېلىپ كەتسۇن،
شۇ ئاي جامالنى ئوغلىغا نىكاھ قىلىپ،
ئاخىرەت ھەققىنى ھالاللىسۇن!
بۆرەك پادىشاھلار پادىشاھى
ھەققە يەتتى بىلىپ قالسۇن! دەپتۇ.

بۆرەكنىڭ ئاتا-ئانىسىغا خەۋەر يېتىپتۇ. ئاق ئۆيلەردە ماتەم باشلىنىپ، ئاپئاق قىز-كېلىنلەر ئاق چىقىرىپ قارا كىيىپتۇ.

بۆرەكنىڭ ئاق بوز ئارغىمىقىنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىپتۇ.

قىرىق-ئەللىك يىگىت قارا كىيىپ ھازا تۇتۇپ قازان بەگنىڭ

ئالدىغا كەپتۇ. سارغۇچلىرىنى يەرگە تاشلىشىپ، بۆرەك دەپ ئۇن سېلىپ يىغلىشىپتۇ. قازاننىڭ قوللىرىغا سۆيۈشۈپ، سىز ساق بولۇڭ، بۆرەك ئۆلدى، دېيىشىپتۇ.

—نامەرد تاغىڭىز توزاق قۇرۇپ چاقىرىپتىكەن، بېرىپ-تۇق، سىرت ئوغۇز بەگلىرى سىزگە ئاسىي ئىكەن، بىلمەپ-تۇق. قۇرئان تۇتۇپ بۆرەكنى، قىستىدى قەسەم بېرىشكە، سادىق ئىكەن سىزنى دەپ، تىز پۈكمىدى نامەردكە،—دەپ، بولغان-ئەتكەننى بىر-بىرلەپ يەتكۈزگەندىن كېيىن، بۆرەكنىڭ ئامانەت سۆزلىرىنى تاپشۇرۇپتۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان قازان، قولياغلىقىنى قولىغا ئېلىپ، ئۈن سېلىپ يىغا-زارە قىلىپتۇ. بۇ يەردىكى بەگلەرنىڭ ھەممى-سى كۆز يېشى قىلىشىپتۇ.

قازان ھۇجرىسىغا كىرىپ، يەتتە كۈن تالا-تۈزگە چىقماي ھازا تۇتۇپتۇ.

بەگلەر جەم بولۇپ چىدىرغا كېلىشىپتۇ. قازاننىڭ قېرىن-دىشى قارا گۈنە:

—قىلباش، بېرىپ ئېيتقىن، ئاكام قازان كەلسۇن! بىر يىگىتىمىزدىن ئايرىلىپتۇق. ئۆلۈكىم ئارۇزغا قالمىسۇن، دەپ ۋەسىيەت قىلىپتۇ. بىز بېرىپ دۈشمەنلىنىڭ ئەدىپىنى بېرەيلى،—دەپتۇ.

—سېنىڭ قېرىندىشىڭ بولغاندىن كېيىن سەن بارغىن،—دەپتۇ قىلباش.

ئاخىر ئىككىسى بىرلىكتە بېرىپ قازاننىڭ ھۇجرىسىغا كى-

-رىپتۇ. سالام بېرىپ ئامانلاشقاندىن كېيىن:

—بىر يىگىتىمىز ئارىمىزدىن كەتتى. سىزنىڭ يولىڭىزدا ھاياتىدىن ئايرىلدى. كۆز يېشى بىلەن ئىش پۈتمەس، ئورنىڭىز-دىن تۇرۇڭ، بېرىپ قانغا قان، جانغا جان ئالايلى،—دەپتۇ.

—توغرا، دەرھال قورال-ياراقلارنى يۈكلەپ، پۈتۈن بەگلەر ئاتلانسۇن،—دەپتۇ قازان.

پۈتۈن بەگلەر ئاتلىنىپتۇ. قازانمۇ قوڭۇر ئارغىمىقىغا مى-نىپتۇ. كارناي-سۇنايلار چېلىنىپتۇ، كۆسلەر ئۇرۇلۇپتۇ. كې-چە-كۈندۈز دېمەي يۈرۈش قىلىپتۇ.

ئارۇزغا ۋە پۈتۈن سىرت ئوغۇز بەگلىرىگە خەۋەر يېتىپ بېرىپتۇ.

ئۇلار جەم بولۇپ كارنايلىرىنى چېلىشىپ قازانغا قارشى كېلىشىپتۇ.

ئۈچ ئوقلار بىلەن كۆك ئوقلار تۇتۇشۇپتۇ.

—مېنىڭ رەقىبىم قازان بولسۇن،—دەپتۇ ئارۇز.

—مېنىڭ رەقىبىم تەرس ئوزامىش بولسۇن،—دەپتۇ ئەمىن.

—مېنىڭ رەقىبىم ئەنسەخوجا ئوغلى ئوقچى بولسۇن،—دەپتۇ ئالپ رۇستەم.

ھەربىرى بىردىن رەقىبىنى كۆزلەپتۇ. لەشكەر تارتىپ قوي-شۇنلار تۈزۈلۈپتۇ. كارنايلار چېلىنىپ، جەڭ دۇمباقلىرى ئۇ-رۇلۇپتۇ.

ئارۇز خوجا ئاتقا مىنىپ مەيدانغا چۈشۈپتۇ. قازانغا

ئۇن سېلىپ:
— ھەي خۇمپەر، سەن مېنىڭ رەقىبىمسەن. چىق بۇ ياققا، — دەپتۇ.
قازان قالقاننى چىقىرىپ، نەيزىسىنى قولىغا ئاپتۇ:
— ھەي ئەبلەخ، قانجۇقلۇق بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگىنىڭ نېمىسى؟ كۆرگۈلۈكۈڭنى مەندىن كۆرىسەن، — دەپتۇ.
ئارۇز قازانغا ئات سالدۇرۇپ، ئۇنى قىلىچلىماقچى بولۇپتىكەن، قازان چەبدەسلىك بىلەن ئۆزىگە تەككۈزمەي ئۆتۈپ كېتىپتۇ.
نۆۋەت قازانغا كەپتۇ. ئۇ ئاتمىش تۇتام مىزراكىنى قولتۇقىنىڭ ئاستىغا قىستۇرۇپ ئارۇزغا بىر سانجىپتىكەن، كۆكسىنى تېشىپ، دۈمبىسىدىن تۇخلۇك ئېچىپتۇ. ئۇ ئات ئۈستىدىن يەرگە يىقىلىپتۇ. قېرىنداشى قارا گۇنەگە ئىشارەت قىلىپ، كاللىسىنى كەس دەپتۇ. قارا گۇنە ئاتتىن چۈشۈپ ئارۇزنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپتۇ.
بۇنى كۆرگەن سىرت ئوغۇز بەگلىرى ئاتتىن چۈشۈشۈپ، قازاننىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ گۇناھلىرىنى تىلىشىپتۇ، قوللىرىنى سۆيۈشۈپتۇ.
قازان بۆرەكنىڭ ئەنتىنى تاغىسىدىن ئېلىپ، قالغانلارنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپتۇ. ئارۇزنىڭ ئۆيى ۋە مال-مۈلكىنى خالايىققا بۆلۈپ بېرىپتۇ.
قازان يېشىل چىمەنلىككە ئۆيلىرىنى يېڭىۋاشتىن تىكىپ، ئوتاقلىرىنى قۇرۇپتۇ.

دەدە قورقۇتمۇ يېتىپ كېلىپ، سازنى چېلىپ، قوشاق قوشۇپ بېيىت ئېيتىپتۇ. غازى قالغانلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى بايان قىلىپ، بۇ داستاننى تۈزۈپتۇ:

قېنى ماختانغان ئەۋلىيا بەگلەر،
بۇ دۇنيا مېنىڭ دېگەن ئەزىمەتلەر.
ئەجەل ھەم تۇتتى، يەر قوچاق ئاچتى،
پانىي كەڭ دۇنيا كىملەرگە قالدى؟
كېلىپ-كېتىدىغان ئۆتەڭ بۇ دۇنيا،
ئاقىۋەت شەكسىز ئۆلۈملۈك دۇنيا!
قارا يەر بىزنى قوينىغا ئالار،
ئاقىۋىتىمىز بولۇر ئەلۋىدا!

دەپ دۇئا بېرىپتۇ:

”ئەجەل كەلگەندە ئىمانىڭدىن ئايرىمىسۇن، ئاقساقاللىق ئاتاڭنىڭ يېرى جەننەت بولسۇن، ئاق چاچلىق ئاناڭنىڭ يېرى بېھىش بولسۇن. بۆرەككە ئۇلۇغ تەڭرى رەھمەت قىلسۇن! يىگىتلەرنىڭ ئارسلانى ھەزرىتى ئەلىنىڭ قولىدىن جەننەتتە كەۋسەر ئىچىشنى نېسىپ ئەيلىسۇن. قادىر ئاللا سېنى نامەردكە موھتاج قىلمىسۇن. ئاق پېشانەڭگە بەش كەلىمە دۇئا قىلدۇق، قوبۇل بولسۇن. ئامىن! ئامىن دېگەنلەر تەڭرىنىڭ جامالىنى كۆرسۇن! گۇناھلىرىمىزنى ئىسمى گۈزەل مۇھەممەت مۇستاپا ھۆرمىتىگە مەغپىرەت قىلسۇن!

# تۆپە كۆز

”سۇ ئۇخلار، دۇشمەن ئۇخلىماس...“

كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇز ئېلى بىر يېغىغا دۇچ كەپتۇ. ئۇلار غاپىل بولۇپ قولغا چۇشسۇنمۇ، كېچىلەپ كۆچكە ئاتلىنىپتۇ. ئۆزى يېنىك، باھاسى ئېغىر مال-مۇلۇكلىرىنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ...

ئۇ كېچە ھېچكىمنىڭ تۇمشۇقى قانىماپتۇ. لېكىن بۆشۇكنىڭ بۇغقۇچى ئۇزۇلگەنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىمۇ، ئورۇز خوجىنىڭ بوۋاق ئوغلى يولدا چۇشۇپ قاپتۇ. تۇن قاراڭغۇسىدا بۇنىڭدىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى بولماپتۇ. تاڭ سۇزۇلگەندە قارىسا بالا يوق... ئاللا-كاللا دېيىشىپ، تاپا-تەنىلەر قىلىشىپتۇ.

يىللار ئۆتۇۋېرىپتۇ، ئوغۇزلار بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، پۇرسەتپەرەس كۇپپارلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپتۇ. ئۇلار يەنە ئۆز يۇرت-يايلاقلىرىنى تېپىپتۇ. تاغۇ تاشنىڭ يېڭىۋاشتىن جامالى كۇلۇپ، رەڭگىرويى تۇزۇلۇپتۇ.

كۇنلەرنىڭ بىرىدە شاھ بايىندىرخاننىڭ يىلقىچىسى ئاجايىپ بىر خەۋەر يەتكۇزۇپتۇ:

— كەرەملىك شاھىم، — دەپتۇ ئۇ، — ئېيتىشقا بارماس تى-

لىم. كارامەت بىر مەخلۇق تۆرۈلۈپتۇ، بىز يۇرتتىن كۆچكەند-
دىن كېيىن. . . مېڭىشى ئاددەمدەك، ھۇۋلىشى ئارسلان دېسە
ئارسلان ئەمەس. يىلقىغا بەرمىدى ئامان-ئارام، ھەر كۈنى بىرد-
نىڭ قېنىنى ئىچىپ ئىلكىنى شورىغان، ئۆز بېشىمدىن غەم
قىلمىدىم ھېچقاچان، كېتىۋەرسە بۇ ئىش مۇشۇنداق، يۇرتىمىز-
نى قىلغۇسى ۋەيران!

ئورۇز خوجىمۇ شۇ يەردە ئىكەن، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ
ئۇنىڭ يەتمىش ئىككى مىڭ تۇكى تەتۈر ئۆرۈلۈپتۇ:

—كەرەملىك شاھىم، —دەپتۇ ئۇ، —يۇرتىمىزدىن يات ئەل-
نىڭ قولى كېسىلدى. بۇ تاغلاردىن قۇش ئۇچماس، كارۋان
كەزمەس ئەمدى. خۇدا ساقلاپ، ھېلىقى كۆچ كېچىسى يولدا
چۇشۇپ قالغا ئوغۇلچىقىم بولمىغاي؟ مال-ۋارانغا ئارام بەرمىگە-
نىگە قارىغاندا، ئۇ ئارسلان، قاپلان سۈتى ئەمگەن بىرسى بول-
غاي! —بۇ سۆزنىڭ تېگى-تەكتىنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگەن
بەگلەرنىڭمۇ ئەقلىگە شۇ پىكىر كەپتۇ. دەرۋەقە، قىلنى قىرىق
يېرىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق-تە. ھەممەيلەن مەسلىھەتلەش-
كەندەك ئاتلىرىغا مىنىشىپتۇ. ئارسلاننىڭ ئۇۋىسىغا كېلىپ،
تۆت تەرەپتىن قاپساپ تۇتۇپ ئۆيگە ئەكىلىپتۇ.

قاراڭ، ئاللانىڭ بۇ كارامىتىنى! دەل ئۇلارنىڭ دېگەن
يېرىدىن چىقىپتۇ. ئورۇز خوجىنىڭ خۇشاللىقىغا نېمە تەڭ
كەلسۇن! قانچە كېچە-كۈندۈز قوۋۇزلار چالدۇرۇپ، شاد-خۇ-
راملىققا چۆمۈپتۇ.

ھالبۇكى، تاغ-دالانىڭ ھاۋاسىغا كۆنۈپ قالغان مەخلۇق

يۇرت ئىچىگە كۆنسۇنمۇ. . . بىر كۈنى سەھەردە ئورۇز خوجا ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا، ئوغۇلچىقى كۆرۈنمەسمىش! تۈتۈپ كەپتۇ، يەنە قېچىپ كېتىپتۇ. يەنە تۇتۇپ كەلسە، يەنە كېتىپ- تۇ. . . ھاسىلكالام، ياغ بېرىپ، بال بېرىپ، ئىسسىق-سوغۇقتا ئۇچراتماي، ماڭۇق ئورۇن-كۆرپىلەردە ياتقۇزۇپ باقسىمۇ يەنە ئادەمگە ئۆگەنمەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ھېچ ئەپلەشكۈدەك ئەمەسمىش.

”ياشىمۇ چوڭ، باشىمۇ چوڭ، ئۆتسە ئۇنىڭ سۆزى ئۆ- تەر“ دېيىشىپ دەدە قورقۇتنى چاقىرىپتۇ. قورقۇت ئاتا ئورۇز- نىڭ ئوغلىنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ ئىشارەت بىلەن:

— ئەي ئوغۇل سەن بىر بەنى ئادەمسەن، نېمە ئۈچۈن ئۆم- رۈڭنى ھايۋانلار بىلەن ئۆتكۈزىسەن. ئىنسانلار ئارىسىغا كەل، ئۆيۈڭنى، ئوچىقىڭنى بىل. يۇرتۇڭنى، يايلىقىڭنى كۆر. چوڭ- لارنى ھۆرمەت قىل، كىچىكلەرگە شەپقەت قىل. قىرغاۋۇلدەك دۇلدۇلغا مىنىپ، قورغۇيدەك يىگىتلەر بىلەن بەسلەش. ئەل- دىن-ئالەمدىن نېمە قالغۇچىلىكىڭ بار. يىگىتكە ئات بىلەن ئاتاق كېرەك. نامى بىلەن ياشىسۇن، ئاكاڭنىڭ نامى قايا سەلچۇق، سېنىڭ نامىڭ بەسەت بولسۇن. نامىڭنى مەن بەردىم، ئۆمرۈڭنى ئاللا بەرسۇن! — دەپتۇ

قانداقلا بولسۇن، دەدە قورقۇتنىڭ ئابروي-ھۆرمىتى بىلەن بەسەتنىڭ بېشى يۇرتقا باغلىنىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ نە ئارس- لان ئۇۋىسىغا قاراپ قويماپتۇ، نە قاپلان تېغىغا بارماپتۇ. . . ئىنسانلار ئىچىگە كىلىپ، يىغلىغانلار بىلەن يىغلاپ، كۈلگەنلەر

بىلەن كۆلۈپتۇ. . .

ئۇ دەپ، بۇ دەپ يەنە يايلاقتا كۆچۈش ۋاقتى يېتىپ كەپتۇ. ئورۇز خوجىنىڭ سارغايدى چوپان دەيدىغان بىر مالچىسى بو-لۇپ، ئىسمى قوڭۇر خوجمۇ، ئەيتاۋۇر بىرنەرسە ئىكەن. . . ئوت-چۆپنىڭ تىلىنى ياخشى بىلگىنى ئۇچۇن بولسا كېرەك، ئۇ يايلاقتا كۆچۈشتىن ئاۋۋال ھېچكىم كۆچمەيدىكەن. . .

ئۇ يىل يەنە سارغايدى چوپان قوي پادىسىنى ئالدىغا سېلىپ يايلاققا يول تۇتۇپتۇ. مېڭىپتۇ-مېڭىپتۇ، چاڭ-تۇماننى كەينىدە قالدۇرۇپ، ساي-جىلغىلاردىن ئۆتۈپتۇ. كۆز باغلانغاندا ئۇزۇن بۇلاق دېگەن مەشھۇر بىر بۇلاققا يېتىپتۇ. ئەمدىلا پادىنىڭ بېشىنى قايرىپ تۇرۇشىغا تۇيۇقسىز قويلىرى ئۈركۈپ پاتىپاراق بولۇپ، قوي بىلەن قوشقارلار ئارىلىشىپ كېتىپتۇ.

بۇنى كىمدىن كۆرسۇن چوپان! قارا باش قويدىن كۆرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بۇلاقنىڭ بېشىدا ئاپئاق، پەرىلەر پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇشۇپ يۈرۈپتۇ.

چوپان چوپان بولۇپ بۇ تاغلاردا كۆرمىگىنى قالماپتىكەن. لېكىن بۇنداق ۋەقە ھېچ بېشىدىن ئۆتمەپتىكەن. بىر قاراپتۇ، ئەس-ھوشىنى يوقىتىپتۇ، يەنە قاراپتۇ، ئېسىگە كەپتۇ ۋە دەر-ھال سالما تاشلاپ ئۇلاردىن بىرىنى تۇتۇۋاپتۇ. . . پەرى قىز ئىككى كۆزى ئىككى بۇلاق بولغان ھالدا يىغلاپ يالۋۇرۇپ كې-تىپتۇكى، ئۇنىڭ نالىسىگە كىمنىڭمۇ يۈرىكى چىدىسۇن. قوي-قوزىلارنىڭمۇ تۈكلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ. كۆزى قۇرۇغۇر چوپاننىڭ بىردىن كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپتۇ-دە، پەرى

قىز ئۇنىڭ قولىدىن ئۇچۇپ بىر شاققا قونۇپتۇ ۋە:

— ھەي چوپان، — دەپتۇ، — ھېچقاچان ئىنسان قولى تەگمىگەن ماڭا، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ قالدىڭ گۇناھىمغا. ئۇغۇز ئېلىنىڭ بېشىغا تېرىدىڭ بالا، خەير، نە ئەيلەيكى، ۋابالى ئۆز بوينۇڭغا!

چوپاننىڭ ئىچىگە بىر ئەندىشە چۈشۈپتۇ. لېكىن بۇنداق قورقۇنچلارغا ئۇ پىسەنت قىلىسۇنمۇ! پەرى قىز كۆزدىن غايىب بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يۈرىكىگە شۇنداق بىر ئوت چۈشۈپتۇكى، بۈگۈننى ئەتە قىلغۇچە تاقىتى تاق بوپتۇ! كۈندۈزى خىيالىدىن، كېچىلىرى چۈشىدىن نېرى كەتمەپتۇ. بۇ ھەسرەت ئۇنىڭغا ئۆلۈمدىنمۇ تەس كەپتۇ. كۈندىن-كۈنگە سارغىيىپ سولۇپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىسمى ئۇنتۇلۇپ ”سارغايدى چوپان“ بولۇپ قاپتۇ. لېكىن ئۇنىڭغا ”نېمە دەردىڭ بار“ دەيدىغان كىشى چىقماپتۇ. قارا باش قويلارمۇ ئۇنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ...

سارغايدى چوپان كۈنلەرنى باغلاپ قويالىسۇنمۇ، شۇنداق قىلىپ، يەنە باھار-يازلار كېلىپتۇ. قاتار-قاتار كۆچلەر يەنە يولغا چىقىپتۇ...

ئەلنىڭ ئادىتى ئارىدىن قالسۇنمۇ! ئۇنىڭ پادىسى ئۆتمەي تۇرۇپ، ئۇ يوللاردىن كىم ئۆتسۇن! ئۇ ئېگىشىپ ئىچمەي تۇرۇپ، بۇ بۇلاقتىن كىم ئىچسۇن! ئۇغۇزدىن ئىشارەت بولۇپتۇ سارغايدى چوپان پادىسىنى ھەيدەپ كۆچنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ. مېڭىپتۇ-مېڭىپتۇ، كېچىنىڭ بىر ۋاقتىدا ئۇزۇنبۇلاققا يېتىپ

بېرىپتۇ. ئېگىشىپ بىر يۇتۇم سۇ ئىچە-ئىچمەي قىرغاقتىن بىر سادا چىقىپتۇ:

— ھەي چوپان، ”نېمە سالساڭ قازانغا، شۇ چىقار قوشۇ-قۇڭغا.“ ئامانىتىڭ بار مەندە! شەيتان ئازدۇرغان يەردە. . . كېلەلىسەڭ كەل، ئالالىساڭ ئال!

”بۇ سادا ھېلىقى پەرى قىزنىڭ ئاۋازى بولمىسۇن يەنە! . . .“ لېكىن نە بىر پەرىنىڭ قانىتى كۆرۈنمەسمىش، نە ئۇ پەرىنىڭ ئۆزى! سارغايدى چوپان قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ يەنە بىر سىنچىلاپ قارىسا، دەل شۇ يەردە، ئۆتكەن يىلى قولى قولىغا تەككەن يەردە بىر نەرسە كۆرۈنۈپتۇ، بىر دۆڭلۈكمىكىن دېسە دۆڭلۈك ئەمەس، چاڭ-توزانمىكىن دېسە ئۇنداق ئەمەس. يۇپيۇمىلاق بىرنەرسە تۇرغۇدەك. . . كەينىگە داجىپ رەگەتكە ئېتىپتۇ. قاراڭ ئاللانىڭ ھېكمىتىنى! ھېلىقى نەرسە تاش تەك-كەنسېرى يوغىناپتۇ، يوغىنىغانسېرى ئېتىپتۇ. دېمەكچى ئالا-مەت-كارامەت بىرنەرسە بوپتۇ. . . بۇنى كۆرگەن قويلارمۇ ئۈر-كۈپ، پىتراپ كېتىپتۇ، ئۆزىمۇ چۆچۈپ كېتىپتۇ. . .

قېنى ئۇ قورقماس چوپان! ئۇنىڭ يۈرىكىگە شۇنداق بىر قورقۇنچ چۈشۈپتۇكى، ھەممىنى ئۇنتۇپتۇ، ”بۇ كېلىشمەسلىك-نى قاراڭلار، مەن ئۇ پەرىنىڭ سۆزلىرىگە دىققەت قىلماپتىكەن-مەن. خۇدا ساقلاپ ئوغۇزنىڭ بېشىغا بالا كەلتۈرىدىغان مەخلۇق شۇ بولمىسۇن يەنە! خەير، ئامانىتىمۇ ئۆزىنىڭ بولسۇن، ئۆزد-نىمۇ كۆرگۈچى بولماي. ئاللا ئوغۇزغا زاۋال بەرمىسۇن“ دەپ، تارقاپ كەتكەن پادىسىنىڭ كەينىدىن كېتىپتۇ.

كۆنلەردىن بىر كۈنى خانلار خانى بەگلىرىنى يېنىغا ئېلىپ، تاغۇ تاشنىڭ ھالىنى سوراپ تاماشىغا چىقىپتۇ. ئۇ يايلاق سېنىڭ، بۇ يايلاق مېنىڭ دېيىشىپ، ئاتلىرىنىڭ باشلىرىنى ئۇزۇنبۇلاققا بۇراپتۇ. ”دەردىمگە داۋا، رەنجىمگە شىپا“ دەپ بىر يۇتۇم سۇ ئىچمەكچى بولۇشۇپتۇ، ئۇلار ھېلىقى چوپاننىڭ رەگەتكە تۇتقان ھالىتىنى كۆرۈپ، سۇنىمۇ، بۇلاقنىمۇ ئۇنتۇپتۇ. يىگىتلەردىن بىرى ئېتىدىن چۈشۈپ ئايىغىنىڭ ئۇچىنى تەككۈزۈپ بېقىپتىكەن، يوغىناشقا باشلاپتۇ. يەنە تەككۈزسە يەنە يوغىناپتۇ. يوغىنا-يوغىنا قانداقتۇر بىر مەخلۇققا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئورۇز بەگ ”ئۇنداق ئەمەس، مۇنداقتۇر!“ دەپ بىرنى تېپىپتىكەن، ئوتتۇرىسىدىن يېرىلىپ ئىككى پارچە بولۇپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىن شۇنداق بىر مەخلۇق چىقىپتۇكى، گەۋدىسى ئادەم، نە ئاغزىنىڭ تايىنى يوق، نە يۈزى بىسمىللا دەيلى، بېشىنىڭ تۆپىسىدە ئىمىش كۆزى. . . ئۇلارنىڭ ئەقلى لال، قۇيرۇقى سىڭايان بوپتۇ. بىر قاراپ چۆچۈشۈپتۇ، يەنە بىر قاراپ كالپۇكلىرىنى پۈرۈشۈپتۇ. ھەرقايسىسى بىرنېمە دەپ بېقىپتۇ، لېكىن ھېچقايسىسى بىر يەرگە كېلەلمەپتۇ.

ھەممەيلەننىڭ بېشىنى قاتۇرۇپ تۇرغىنىنى كۆرگەن ئورۇز خوجا شاھ بايىندىرخانغا قاراپ:

— ئەي كەرەملىك شاھىم، نېمە ئۇچۇن ئەقىل سىنىشىپ تۇرماق، ئاللانىڭ ھېكمىتىگە بارمۇ سوئال قويماق. بەگلەر قورقسا، ئۆتۈنۈڭ ماڭا. بەسەت بىلەن بىللە بېقىپ چوڭ قىلاي. ئادەم بولسا ئادەم قىلاي، ھايۋان بولسا ئۇنى كۆرەي، بۆرە-قۇشقا

يەم بولمىغاي! —دەپتۇ. خانلار خانىمۇ بىشىنى لىڭشىتىپ:
—راست ئېيتىسەن، ئورۇز خوجا، توغرا ئېيتىسەن، —دەپتۇ، —ياراتقان ئىگىسى نېمىگە قادىر ئەمەس. . . ئادەم ئەلەيھىسسالامنىمۇ توپىدىن ياراتمىدىمۇ! كۆڭلۈڭدىن كەچكەن بولسا ئال، سېنىڭ بولسۇن. چوڭ بولۇپ بوي تارتسا، تال سېنىڭ بولسۇن.
بۇ سۆز بىلەن ئورۇز خوجا تۆپە كۆزنى ئۆيگە ئېلىپ بېرىپ، ئۆز بالىسىدەك پەپىلەپ بېقىپتۇ. ئېنىگئاننى ئېلىپ كەپتۇ. لېكىن بۇ مەخلۇق بىر شوراپتۇ، ئېنىگئانىنىڭ سۈتىنى قۇرۇتۇپتۇ. ئىككى شوراپتۇ، قېنىنى، ئىلىكىنى قۇرۇتۇپتۇ، ئۈچ شوراپتۇ جېنىنى ئاپتۇ.
”ئۇنىڭ رىزقى شۇنچىلىك بولسا كېرەك“ دەپ يەنە بىر ئېنىگئانا تېپىپ كەپتۇ. بۇ بىچارىنىڭمۇ كۆكسىنى تۇتقان پېتى قويۇپ بەرمەپتۇ. ئۇمۇ ئالدىنقىسى كەتكەن يەرگە كېتىپتۇ.
”تەقدىر شۇنداقتۇر“ دەپ يەنە بىر ئېنىگئانا تېپىپ كەپتۇ. ئۇنىڭمۇ تەقدىرى شۇنداق بوپتۇ. ئەمدى بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن بەرسىمۇ كىم ئۇنى ئىمىتسۇن! ئامالسىز سېغىن سۈت بىلەن باقماقچى بوپتۇ. لېكىن چىنە-چىنىلەپ بەرسىمۇ تويماپتۇ. چاۋۇرلاپ بەرسىمۇ چاق كەلمەپتۇ. دەرۋەقە، قازان-قازانلاپ پىشۇرۇپ ئىچكۈزۈپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىشىگە ئالەمچە قازان سۈت بولسىمۇ توشامدىغان، يەنە تويماپتۇ. بەسەتنىڭ نەسىبىنى قىسقارتسۇنمۇ! ئورۇز خوجا ئارزۇلىغان بۇ ئارزۇلۇقىدىن ئالدىدىغا چىقىرىپ:

”تويساڭ توي، تويمىساڭ كۆزۈڭنى توپا تويدۇرسۇن. بىزنىمۇ يەۋېتىدىغان ئوخشىمامسەن!“ دەپتۇ. لېكىن، ئەلئالەمدىن نومۇس قىلىپ، چىشىنى چىشلەپ، بۇ هالنى هېچكىمگە تىنغۇچى بولماپتۇ.

”ۋاي توۋا، شۇنچە يېگىنى نەگە كېتىدىغاندۇر؟“ دەيدىغانسىز. تۆپە كۆز بىرىنىڭ ئورنىغا بەش هەسسە يوغىناپتۇ. لېكىن يوغىنىغانچە ئورۇز خوجىنىڭ باشلىرىغا تېخىمۇ بالا بوپتۇ. قوينىڭ يېنىغا بارسا، يۆگىلىرىنى يۇلۇپ ئارام بەرمەپتۇ. ئوغلى بىلەن ئوينىسا، ئۇرۇپ چاقمىغان نەرسىسى قالماپتۇ. بۇنى ئاز دەپ چىشلىرىنى هىڭگايتىپ بالىلارنىڭ بىرىنىڭ قۇلىقىنى چىشلەپ ئۈزۈۋالسا، بىرىنىڭ بارمىقىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ. بىرىنىڭ تىلىنى تارتىۋالسا، بىرىنىڭ بۇرنىنى قانىتىپتۇ. . . هاسىلكالام پۈتۈن يۇرتنى زار قاقشىتىپتۇ. شىكايەت ئۈستىگە شىكايەت يېغىپتۇ:

”هە، بەگ، ئەمدى قاغىنى بېقىپ ئۇنىڭ كۆزىنى چوقۇتسۇن! تۆپە كۆزنىڭ ئادەم ئەمەسلىكى كۆزىدىن بەلگىلىك تۇرسا، يەنە نېمىدەپ ئۇنى قانات ئاستىغا ئالىدۇ. . .“

ئورۇز خوجا نېمە دېسۇن، هەممىسى هەق. مەلۇمكى، ئۆيگە يېقىن يولىتىدىغان نەرسە ئەمەس! ئاخىرى ”لەنەت!“ دەپ ئۆيدىن قوغلىۋېتىپتۇ.

تۆپە كۆز قوغلاندى بولغاندىن كېيىن، هەممىدىن قۇرۇق قاپتۇ. قانداقتۇر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەرى ئانىسى پەيدا بولۇپتۇدە، ئۇنىڭ بارمىقىغا بىر سېهىرلىك ئۈزۈك سېلىپ قويۇپ:

— ئوغلۇم، بۇ ئۇزۇك بارمىقىڭدا تۇرسا ساڭا نە ئوق ئۆت-مەس، نە قىلىچ. . . ئەمدى نەگە بارساڭ بار، نېمە قىلساڭ قىل! — دەپ غايىپ بوپتۇ.

بۇنىڭ بىلەن تۆپە كۆز ئوغۇزلار ئىچىدىن چىقىپ، قانلىق قىيا دېگەن بىر تاغقا بېرىپتۇ ۋە قاراقچىلىق يولىغا كىرىپ، يول توسۇپ ئادەم بۇلاپ، مال-ۋارانغا تەگسىغۇ بىر گەپ، تالاي جانغا زامىن بوپتۇ.

بۇ ھال ئوغۇز بەگلىرىنىڭ قېنىنى قىزىتىپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ تېرىسى تۆمۈر، يۈرىكى تاش، بارماقلىرىدا ھېلىقى ئۈ-زۈك-تە. . . ئۇنىڭغا ئوق ئېتىپتۇ، ئۆتمەپتۇ؛ قىلىچ چېپىپتۇ، كەسمەپتۇ؛ نەيزە سانجىپتۇ، تەگمەپتۇ. ھاسىلكالام، ئۇنىڭ مويىنىمۇ تەۋرىتەلمەپتۇ، ئۇ يېمىگەن چوپان-چولۇق قالماپتۇ. ئوغۇزلاردىنمۇ ئادەم يېيىشكە باشلاپتۇ. . .

پۈتۈن ئوغۇز قوزغىلىپ ئۇنى تۇتقىلى بېرىپتۇ. ئاۋۋىلى خۇدا، ئۇنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋەتمەكچى بولۇپتۇ. لېكىن ئۇلارنىڭمۇ ھەپسىلىسى قېچىپتۇ. تۆپە كۆز بۇ ئىسيانكارلارنى كۆرۈپ شۇنداق دەرغەزەپكە كەپتۇكى، چوڭ بىر تۈپ دەرەخنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ ئۇلارنىڭ باشلىرىغا ئېتىپ، ئەللىك-ئات-مىش ئادەمنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئوغۇزلار يەنە چېكىنمەي ئېلىشىپ-تۇ-چېلىشىپتۇ، تاغۇ تاشنى بېشىغا ياغدۇرۇپتۇ. لېكىن تۆپە كۆزنىڭ تەمشۇقىمۇ قانماپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئوغۇزلاردىن نى-نى يىگىتلەر جېنىدىن ئايرىلىپتۇ. پالۋانلار بېشى سالۇر قازاننىڭ بېشىغا كەلگەنلەرنى سورىماي قويۇڭ. ئىنىسى قارا

گۆنە تۇگىشىپ بۇ غوۋغادا مۇرادىغا يەتمەپتۇ. . . قايا سەلچۇقتىن ئايرىلىپ، ئورۇز خوجا قان يىغلاپتۇ. . . تۆمۈر تونلۇق ماماق دەمسىز، پالۋان ئاتالغان رۇستەم دەمسىز، شاپ بۇرۇتلۇق ئە- مىن، ئاق ساقاللىق تاغىلارنى سورامسىز. . . ئۇلارنىڭ بەزىلە- رى شېھىتلىك شارابىنى ئىچىپتۇ. يۇرت-يايلاقنى شۇنداق بىر ماتەم بېسىپتۇكى، ئوغۇزلار ئاللانىڭ بۇ بالاسىدىن قۇتۇلالمايدى- غانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۆي-ماكانلىرىنى تاشلاپ كۆچۈپ كې- تىشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئۇلار قايسى يولغا چۇشسە تۆپە كۆز جىن-شەيتاندەك ئالدىغا چىقىپ تىكىلىپ تۇرغۇدەك. يەتتە قې- تىم ئۇركۈپ يەتتىلىسىدە تۆپە كۆزنىڭ قولىدىن قۇتۇلالماپتۇ. قانداق قىلسۇن؟ ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق، ئەتراپى قاتمۇ قات تاغلىق. . . ئۇلار قۇش ئەمەس قانات قېقىپ ئۇچىدىغان، كۆچ- مەن دېگەن يېرىگە كۆچىدىغان، ئامال-چارىسىز دەدە قورقۇتنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپتۇ:

—بۇگۈنگىچە بىزگە ئاتا بولۇپ كەلدىڭىز، بېشىمىزغا كۈن چۈشسە سىزگە مۇراجىئەت قىلىمىز. ئاۋۋىلى خۇدا يەتتە دۆلەت- نى باش ئەگدۇردۇق. لېكىن بۇ بالادىن قۇتۇلالمىدۇق، كۆچ- مەكچى بولدۇق، كۆچەلمىدۇق. نېمە تەلەپ قىلسا بېرەيلۇق، بۇ يۇرت-ماكانىمىز بىر تىرىكچىلىك يولىغا چۈشسۇن—دەپ يې- لىنىپ-يالۋۇرۇپتۇ. دەدە قوقۇت ئۆزىنى ئايىسۇنمۇ، دەشتلەر كېزىپتۇ، داۋانلار ئېشىپتۇ، بېرىپ ئۇنىڭغا:

—ئوغلۇم تۆپە كۆز، ئوغۇز ئېلى قان يىغلاۋاتىدۇ. ”بىر يۇتۇم سۇنىڭ قىرىق يىل ھەققى بار“ دېگەن گەپ بار. سېنى

باغرىغا بېسىپ، بۆرىگە، قۇشقا يېگۈزمىگەنلەرگە بۇ قىلغانلى-
رىڭ راۋامۇ؟ مەن ئايىغىڭغا يىقىلىپ، توپاڭنى يۈزۈمگە سۈ-
رۈپ، سەن بىلەن كېلىشكىلى كەلدىم. ئەمدى قولۇڭنى كۆك-
سۈڭگە قويغىن-دە، بىزدىن تىلەيدىغىنىڭنى تىلە... — دېگەندە
تۆپە كۆزنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ:

— ئەي قورقۇت ئاتا، تويمايدىغان قانچىلىك جېنىم بار، كۈندە ئاتمىش ئادەم بەرسە ھېچكىمنىڭ بىر تال مويىغىمۇ تەگمەيمەن، — دېمەسمۇ! بۇنى ئاڭلىغان دەدە قورقۇت لەۋلىرىنى چىشلەپ:

— ھەي تۆپە كۆز، ئاغزىڭنى شۇنچىۋالامۇ يوغان ئاچامسەن! "يېگەنگە تاغ توشماس، يانغانغا گۈلخان." ئادەم دېگەن ساڭا ئوخشاش يەردىن چىقمايدۇ... بۇنداق پو ئېتىپ خامان سوردساڭ، بۇ يايلاقتا ئادەم تۈگەپ جىن قالامدۇ! ئۇ چاغدا تاشنى يەمسەن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ئازمۇ دېمە، كۆپمۇ دېمە باش-كۆزۈمنىڭ سەدىقىسى بولسۇن، كۈندە ئىككى ئادەم بىلەن بەش يۈز قوي بېرەيلى. سەنمۇ بۇنىڭدىن كېيىن بىزگە تەككۈچى بولما، ئاكا-ئۇكا بولۇپ ئۆتەيلى بۇندا، ھەممىمىزنىڭ ئاقىۋىتى توپا، — دەپتۇ.

"تاتلىق سۆز يىلاننىمۇ ئۇۋىسىدىن چىقىرار" تۆپە كۆز تىرەجەپ تۇرۇۋېلىپ پايدا ئالالمايدۇ-دە! كۆزنى قورقۇت ئاتىغا تىكىپ:

— سىزنىڭ ھۆرمىتىڭىز ئۈچۈن شۇنداق بولسۇن، لېكىن بۇلارنى پىشۇرۇپ بېرىشكە ئىككى ياردەمچى بېرىڭلار، — دەپتۇ.

ئاللا يامانغا ئامان بەرمىسۇن، ھەر قانداق بولسا قورقۇت ئاتا ئامان-ئېسەن قايتىپ كېلىپ، تۆپە كۆز بىلەن كېلىشكەن كېلىشىمنى بىر-بىرلە بايان قىلىپتۇ. بۇ بالايىئاپەتنىڭ كۆزىدىن ھەر بالا-قازا كۆرۈنۈپ تۇرسا، خانلار قانداق قىلسۇن!

”بارسۇن، پىشۇرۇپ بەرسۇن ئوغا-زەھەر، ئەلۋەتتە بۇ كۈنلەرنىڭمۇ بىر ئايىغى چىقار!“ دەپ يۈگۈلۈق خوجا بىلەن جاۋاغىلىق خوجىنى ئەۋەتىپتۇ. ئالدىنقى تەلىپىگىمۇ بويۇن ئېـ-گىپتۇ. تۆت بالىسى بولغانلار بىرىنى بېرىپتۇ، ئۈچى قاپتۇ. ئۈچ تۇمۇچۇقى بولغانلار بىرىنى بېرىپتۇ، ئىككىسى قاپتۇ. ئىككى قوزىچىقى بولغانلار بىرىنى بېرىپتۇ، بىرى قاپتۇ. يۇرتـ-لارنىڭ بىرىدە قاپاق خان دېگەن بىر خانىمان بار ئىكەن. ئۇنىڭـ-مۇ بىر تىرىكى يېقىلىپ بىرى قاپتىكەن. قانچىلىغان ئۆيلەرنىڭ ئوتى ئۆچۈپ كۈلى كۆچكەندىن كېيىن، نۆۋەت ئايلىنىپ يەنە ئۇنىڭغا كەپتۇ، ئۇنىمۇ تۆپە كۆزگە يېگۈزۈۋەتسە، ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئىشى ئۆز بېشىغا قالامدۇ! بەختى قارا ئانىسى ئاسمان-زېمىنغا ئاھ-پەرياد قىلىشقا باشلاپتۇ.

دەل شۇ كۈنلەردە ئورۇز خوجا ئوغلى بەسەتمۇ قايسى بىر جەڭدىن يېنىپ، ئاخىرقى قونالغۇنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئانىنىڭ يۈرىكىگە بىر سۇ سېپىلىپتۇ: ”ئۇ يىگىتكە بېرىپ ئايىغىغا يىقىلاي، ئەسىرلىرىدىن بىرىنى سوراپ ئېلىپ، ئوغلۇمنىڭ ئورنىغا بېرەي“ دەپتۇ ۋە ئالتۇن كۈنلۈكـ-نى تىكىپ ئولتۇرغان بەسەتنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ھەي خوجا ئورۇز ئوغلى، يىگىتلەرنىڭ يىگىتى بەسەت،

خۇدا ھەققىدە بىزگە بىرىڭ مەدەت! سىز بۇ ئەلدىن كەتكەندىن بىرى بىشىمىزغا كەلمىگەن ئىشلار قالمىدى. . . —دەپتۇ ۋە بولغان-ئۆتكەننى باشتىن-ئاخىر بايان قىلىپ، تۆپە كۆزنىڭ قىلـ-غان-ئەتكەنلىرىنى بىر-بىرلەپ ئۇقتۇرغاندىن كېيىن:

—قاتتىق بىلەك، يۇمشاق يۈرەك رەھىمدىل بەسەت، ئۆ-يۇمنىڭ تىرىكى، كۆزۈمنىڭ گۆھىرى بىر ئوغۇلچىقىم قالدى. پەقەت قۇللىرىڭىزدىن بىرنى بىرىڭ، ئۇنىڭ ئورنىغا تۆپە كۆزگە ئۆتكۈزەي سەپلەپ. سىزگە ئۆلگۈچە قۇل بولاي ئۆزۈم، ئۇ قانلىق كۈننى كۆرمىسۇن كۆزۈم، !—دەپ كۆز ياشلىرىنى تا-راملىتىپتۇ. بۇ ئاھۇ زارغا چىدىمىغان بەسەت ئۇنىڭغا بىر ئە-مەس ئىككى قۇل بىرىپتۇ. . . بۇ بىچارە ئانا خۇشاللىقىدىن تىلى گەپكە كەلمەي كىتىپتۇ ۋە دۇدۇقلاپ گەپ قىلىمەن دەپ بەسەت-نىڭ ئاكىسى سەلچۇقنىڭمۇ نامى قالغانلار ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ئاغزىدىن چىقىرىۋېتىپتۇ. بەسەت خوجىنىڭ يۈرىكىگە بىر مۇشت ئۇرۇلۇپتۇ-دە:

قارشى ياتقان قارا تاغلار، سەلچۇق دەپ يىغلىغاندۇ؟
شارقىراپ ئاققان سۇلار، سەلچۇق دەپ زارلىغاندۇ؟

قېرىنندىشىم كۆزلىرىمدىن ئۇچۇپتۇ.
پانىي دۇنيادىن باقىي ئالەمگە كېتىپتۇ.
قارشى ياتقان قارا تاغنىڭ چوققىسى ئىدىڭ، سەلچۇق!
شارقىراپ ئاققان سۇلارنىڭ تاشقىنى ئىدىڭ، سەلچۇق!

پولاتتەك بىلىكىمنىڭ قۇۋۋىتى ئىدىڭ، سەلچۇق!
قاراڭغۇ كۆزلىرىمنىڭ يورۇقى ئىدىڭ، سەلچۇق!

دەپ شۇنداق بىر مەرسىيە باشلاپتۇكى، قۇش قانىتى قەلەم بولسا، يېزىپ تۈگەتكۈسىز داستان بولۇپتۇ. بۇ كۆز ياشلىرى ئۇنىڭ يىگىتلىكىگە ياراشماس، لېكىن جان-جىگەر قېرىنداش-تە! جىگىرىگە چىدىسۇنمۇ؟ ئۇ تاغۇ-تاشنى ياندۇرۇپ، ئاسمان-زېمىننى يارغۇدەك هازا تۇتۇپتۇ.

بۇ دۇنيا ئۇنۇتقاق ۋە ئۈمىدۋار دۇنيا. ئورۇز خوجا سەل-چۇقنى ئۇنتۇپ قالاي دېسىمۇ، خىيالىدىن چىقىرالماپتۇ. بەسەت بىلەن ئۆزىگە تەسەللى بېرەي دېسە، شۇنچە يىللاردىن بېرى خەۋىرىنى ئالالمىغاچقا، ئۇنىڭدىنمۇ ئۈمىد ئۈزۈلگەندەك بوپتۇ. ئانىسى بولسا، ئىككى كۆزى ئىككى بۇلاق بولۇپ، بىرى سەل-چۇقنىڭ ئوتىدا ئېقىپتۇ، بىرى بەسەتنىڭ يولىغا ئېقىپتۇ...

بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان بەسەت شۇ كېچىسىلا ئات چاپتۇ-رۇپ ئۆيىگە كېلىپ ئىشىكنى ئاچماسمۇ، گويا دۇنيا ئۆلارنىڭ بولغاندەك بوپتۇ. ئاق ساقاللىق ئاتىسى ئۇنى چولاق قولى بىلەن قۇچاقلاپتۇ. ئاق يۈزلۈك ئانىسىمۇ ئۇنى باغرىغا بېسىپتۇ. كۆك-سىنى باسالماي يىغلاپ كۆرۈشۈپتۇ. قېرىنىشماي مۇڭدىشىپتۇ. بەسەت بېقىپ قاتارغا قېتىپ قويغان تۆپە كۆزنىڭ يۇرت-يايلاقلى-رىغا كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنى ئاڭلاپ، قوللىرىنى تىزلىرىغا ئۇرۇپتۇ:

— ئۇ نامەردنىڭ بېرەي ئەدىپىنى! — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ئۇ.

ئاتا-ئانىسى بىر ياندىن، باشقىلار بىر ياندىن:

—ياق ئوغلۇم، جىنىڭدىن تويدۇڭمۇ! تۆپە كۆز سەن بىلى-دىغان تۆپە كۆز ئەمەس. ئۇنىڭ يېنىغا بارغىلى بولماس. ئوتتۇڭ ئۆچمىسۇن، كۆلۈڭ كۆچمىسۇن!—دېيىشىپتۇ، كېتىپ كەل-مىگەنلەرنىڭ ئامانلىقىنى تىلىشىپتۇ. . . قازان بەگنىڭ نەسىھەتىمۇ ئۇنىڭغا كار قىلماپتۇ:

—ئۆلۈمدىن باشقىسى بىكار!—دەپ قىلىچىنى ئاپتۇ، يايى-نى تاقاپتۇ-دە، ئاتىسىنىڭ قولىغا سۆيۈپ، رازىلىقىنى ئېلىپ خوشلىشىپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ساي-جىلغىلاردىن ئۆتۈپتۇ، بارىدىغان يېرىگە يېتىپتۇ، تۆپە كۆزنى كۆرۈپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە بۇرۇن كۆرگەن تۆپە كۆز ئەمەس، ئىنسان قىياپىتى-دىن پۈتۈنلەي چىققان ئاجايىپ بىر مەخلۇق كۆرۈنۈپتۇ. دېۋە دېسە دېۋە ئەمەس، ئەجدىھا دېسە ئەجدىھا ئەمەس، قانداقتۇر بىر قانلىق هاڭ تاشنىڭ تۆپىسىدە قان تېمىپ تۇرغان بىر كۆز بارمىش!

بەسەت بىر ئوق ئېتىپتۇ، مويمۇ تەۋرىمەپتۇ، يەنە بىرنى ئېتىپتۇ، چۈۋىن قونغاندەك بىلىنىپتۇ. ئۈچىنچىسىدە ئوق پار-چە-پارچە بولۇپ ئالدىغا چۈشكەندە تۆپە كۆز شامالنىڭ نەدىن چىققانلىقىنى چۈشىنىپ بېشىنى ئۇ يانغا بۇراپتۇ-دە، ئەجىلىگە تەشنا بولغان بىرىنى كۆرۈپتۇ.

”يەنە بىر سۈت قوزىسى كەلدى بىزگە. . .“ دەپ ئىككى قەدەمدە بەسەتنى تۇتۇۋېلىپ، بوينىدىن ساڭگىلىتىپ ئەكىلىپ ئۆتۈكىنىڭ قونجىغا سېلىپ قويۇپتۇ ۋە يوڭلۇق خوجا بىلەن

جاۋىغىلىق خوجىنى چاقىرىپ:

—ھەي خوجىلار، بۇ قوزا بۇ يەردە جان ئۈزۈپ تۇرسۇن، ئاخشاملىقتا تېرىسىنى سويۇپ ياخشى كاۋاپ قىلىڭلار-دە، چىشىمغا دورا بولسۇن،—دەپ تەكرار تاپىلىغاندىن كېيىن كۆزلۈك ئويقۇسىغا يېتىپتۇ.

بەسەت قورقۇشقا بوي بېرىدىغانلاردىن ئەمەس. ئاۋۋىلى خۇدا، ھەرقانداق تاشنىڭ ئاستىدىن پۇتۇن چىقىدىكەن. بىراق، تۆپە كۆزنىڭ ئايىغى ئاياغ ئەمەس، بەلكى بىر تۇگمەن تېشى-دە، بۇنىڭ ئاياغقا كىيىدىغان ئۆتۈك قانداق بولسۇن. . . بەختىگە يارىشا بەسەتنىڭ يىلان نەشتىرىدەك خەنجىرى يېنىدا ئىكەن، ئۇنى ئېلىپ ئۆتۈكنى كېسىپتۇ ۋە دەرھال ھېلىقى خوجىلارنى تېپىپ تونۇشلۇق بەرگەندىن كېيىن:

—ھەي ئاقساقاللىق خوجىلار، تۆپە كۆز دېگەن بۇ مەخلۇقنى قانداق ئۆلتۈرگىلى بولار؟—دەپ سوراپتۇ. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى كاچاتلاپ:

—ھەي يىگىتلەرنىڭ يىگىتى بەسەت خوجا،—دەپتۇ، بىز بۇ لەنتىنىڭ قان تومۇرىنى بىلسەك ئىدۇق، بۇرۇنلا جېنىنى جەھەننەمگە توغرىلايتتۇق. ئۇنىڭ تېرىسى تۆمۈر، سۆڭىكى پولات، كۆزىدىن باشقا يېرىدە گۆش يوق. . .—دەپ ئەپسۇسلانغاندا، بەسەت:

—ئۇنداقتا بىر زىخنى قىزىتىپ ئېلىپ كېلىڭلار!—دەپتۇ. خوجىلار بۇنى جانلىرىغا مەدەت بىلىپ، يوغان بىر تال زىخنى قىپقىزىل چوغدەك قىزىتىپ ئېلىپ كەپتۇ.

بەسەت تېشلمەس تاغلارنى تەشكۆچى تۆمۈرچىلەردەك تۆپە كۆزنىڭ بېشىغا تىكىلىپ تۇرۇپ:

”ياﺋاللا!“ دەپ ھېلىقى زىخنى شۇنداق بىر پاتۇرۇپتىكەن كۆزنىڭ نۇرى شۇ ھامان ئۆچۈپتۇ-دە، تۆپە كۆزنىڭ پەريادىدىن تاغۇ تاش زىلزىلىگە كەپتۇ...

قولىغا چۈشسە تىرىك يۇتقۇدەك! بارىكاللا، تۆمۈر بىلەك-لىك بەسەت چەبدەسلىك بىلەن چاچراپ تۇرۇپ ئۆزىنى بىر غارغا ئېتىپتۇ. جان قايغۇسىدا تۇرغان قوزىچاقلار بۆرە كەلدى دەپ قالسا كېرەك، ئەنسىز مەرىشىپ كېتىپتۇ. تۆپە كۆز ئۆزىنى كۆزدىن ئايرىغاننىڭ پادىغا كىرگىنىنى سېزىپ، سىلاپ-سىپاپ كېلىپ غارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپتۇ.

بەسەت ئۇنىڭ نىيىتىنى سېزىپتۇ-دە، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇ-چە بىر قوشقارنى سويۇپ تېرىسىگە يۆگىنىۋاپتۇ.

—قوينىڭ بېشى تېكە، قېنى سەن چىق ئاۋۋال، ئەگىشىپ چىقسۇن باشقىلار... دەپتۇ تۆپە كۆز غارنىڭ ئاغزىدا تۇرۇپ. ئۇ تېكە، قوشقار، قويلارنى بىر-بىرلەپ قولىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ قولىدا بىر قوشقارنىڭ تېرىسى قاپتۇ. دېمەك، بەسەتنى قولغا چۈشۈرەلمەپتۇ. بەسەت تۆپە كۆزنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كۈلۈپ تۇرۇپ دەپتۇ:

—كەيپىڭ قانداق تۆپە كۆز؟

—بۆرە ئوغلى بۆرە، قۇتۇلدۇڭمۇ قولۇمدىن؟

—خۇدا ئۆزى ساقلىدى، قۇتۇلدۇم مەن سېنىڭ قولۇڭ-دىن، لېكىن قۇتۇلالمايسەن سەن مېنىڭ قولۇمدىن!

تۆپە كۆز: ”شەيتانغا دەرس بېرىدىغان بۇ ئەبلەخ ئاسانلىقچە قولغا چۈشمىدىغاندەك ئەمەس.“ دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا بىر توزاق قۇرماقچى بوپتۇ.

— ئامان بول. يىگىت، قولۇڭغا چۈشتۇم بىر تال كۆزۈمدىن ئايرىپ، دۇنيانى زىندان ئەيلىدىڭ، ياش جېنىمغا بولمىسالىڭ زامىن، بۇ تىلسىمات ئۈزۈكنى ساڭا بېرەتتىم. ئۇنى تاقىۋالساڭ نە ئوق ئۆتمەس، نە قىلىچ كەسمەس، دەپ ئۈزۈكنى ئۆزىتىپتىكەن بەسەت چاققانلىق بىلەن ئۈزۈكنى يەرگە چۈشۈرۈپ ئالاي دەپ ئېڭىشىشىگە تۆپە كۆز پىچىقىنى چىقىرىپ غەزەپ بىلەن ئېتىپتۇ. قۇش قاناتلىق يىگىت ئۆزىنى قىرىق غۇلاچ نېرىغا ئاتمىغان بولسا، ئاللىماللا پارە-پارە بولۇپ كېتەر ئىكەن.

بەسەت بۇ ئويۇندىن قۇتۇلۇپ، يەنە تۆپە كۆزنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كۈلۈپ قويۇپتۇ:

— كەيپىڭ قانداق، تۆپە كۆز؟

— بۆرە ئوغلى بۆرە، قۇتۇلدۇڭمۇ پىچىقىمدىن.

— خۇدا ساقلىدى، پىچىقىڭ كەسمىدى مېنىڭ بوينۇمنى، ئەمما كەسكۈسى سېنىڭ بوينۇڭنى!

بۇ توزاقمۇ بىكار بولغاندا تۆپە كۆز يەنە بىر پىلان قۇرۇپ كۆزىگە توپا چاچماقچى بوپتۇ.

— ئامان بول يىگىت. گۇناھ مەندە ئەمەس پىچاقتا. ئاللادىن تىلەيمەنكى، ئۇ سانجىلسۇن دۈشمەن بېشىغا، سەن بىر مەردلىك قىلىپ تەقدىم قىلساڭ قېنىمنى، مەنمۇ ساڭا تەقدىم قىلاي مۇشۇ قۇببە ئىچىدىكى خەزىنەمنى! — دەپتۇ.

بەسەت ئۇنىڭ قىلتىقىنىمۇ بىلىپ تۇرۇپ قۇببىگە كىرىپ قارىسا، كۆز كۆرۈپ قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان، ئىنسانىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بىر خەزىنە ئىكەن. كۈمۈش تەڭگە دېگەن نېمە قىلسۇن، پۇتۇنلەي ئالتۇن، پىل چىشى، ھىندىستان ۋە چىن ماللىرىغا كۆمۈلۈپ كېتىپتۇ... تۆپە كۆز قانچىلىغان كارۋانلارنى قىرىپ، قانچىلىغان سودىگەرلەرنى تالان-تاراج قىلغانلىقىنى كىم بىلسۇن!

بەسەت خەزىنىنىڭ ئاغزىنى پېچەتلەپ چىقمىدىغان ۋاقتىدا تۆپە كۆز بىر مۇشت ئۇرۇپ قۇببىنى ئۇنىڭ بېشىغا دۈم كۆمتۈرۈپتۇ. قەلبىنى ئاللاغا بېغىشلىغان يىگىت ”لا ئىلاھە ئىللەللا، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا“ دېيىشى بىلەن قۇببە يېرىلىپ يەتتە يېرىدىن يەتتە ئىشىك ئېچىلىپتۇ.

بەسەتنىڭ بىر تال مويىمۇ زەخىملەنمەي قۇتۇلۇپ چىقىپ يەنە تۆپە كۆزنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپتۇ:

— كەيپىڭ قانداق، ئاغىنە؟

— بۆرە ئوغلى بۆرە، قۇتۇلدۇڭمۇ قۇببىدىن؟

— ئاللا ئۆلتۈرمەيمەن دېسە ئۆلتۈرمەيدۇ ئىنساننى. سەن قۇببىنى كۆمتۈرەلمىدىڭ مېنىڭ بېشىمغا، لېكىن مەن دۇنيانى كۆمتۈرىمەن سېنىڭ بېشىڭغا!

بۇ پىلانىمۇ بۇزۇلغاندا تۆپە كۆز يەنە بىر شەيتانلىقنى ئويلاپتۇ:

— ھەي يىگىت، ساڭا يەنە بىرنەرسە دېيىشكە بارمايدۇ تىلىم، ئۆلتۈرسەڭمۇ ئۆلتۈرگىن، بىر چېپىشتا ئۆلتۈرگىن،

ھەرقانداق قىلىچ ئۆتمەس ماڭا، ئىسقىلىق ئىككى قىلىچ بار،
بۇ ھالق تاشنىڭ ئارقىسىدا. بىرى قىنسىز، بىرى قىنىدا.
ئۆتسە شۇ قىنسىزى ئۆتەر ماڭا، — دەپتۇ.

بەسەت يەنە بىر قاپقانغا چۈشۈشنى سەزمەي قالسۇنمۇ،
سېزىپتۇ-يۇ، ”بۇ ئويۇننىڭ ئاخىرى نەگە بارىدىكىن“ دەپ بې-
رىپ قارىسا، راست ئۇ دېگەن ئىككى قىلىچ تۇرۇپتۇ. بىرسى
قىنىدا ئۇخلاپ يېتىپتۇ، قىنسىز قىلىچ ئىسىلغان ئورنىدا پۇ-
لاڭلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇ شۇنداق ئۆتكۈر قىلىچ ئىكەنكى، يېنىغا
بارغىلى بولماسمىش. بەسەت ئېھتىيات بىلەن ئۆز قىلىچىنى
ھېلىقى قىلىچقا تەككۈزۈپ بېقىپتىكەن، قىلىچى ئىككىگە بۆلۈ-
نۈپ كېتىپتۇ.

”دۇرۇس، تۆپە كۆزنىڭ بېشىنى بۇ قىلىچ كېسەر، لېكىن
ھۇنەر ئۇنى ئۇ يەردىن قانداق چۈشۈرۈشتە...“ بەسەت ئويلاپ
باقسا ھېچ قاملاشماپتۇ. ئىسىلغان يەرگە بىر ئوق ئېتىپتىكەن،
قىلىچ چۈشۈپتۇ-يۇ، قاپ بېلىگىچە يەرگە پېتىپ كېتىپتۇ.
تۆمۈر بىلەكلىك يىگىت ”يائاللا!“ دەپ ئۇنى سېپىدىن تۇتۇپ
سۇغۇرۇپ ئاپتۇ-دە، تۆپە كۆزنىڭ ئالدىغا بېرىپ تىكىلىپتۇ:

— كەيپىڭ قانداق بۇرادەر؟

— بۆرە ئوغلى بۆرە، قۇتۇلدۇڭمۇ قىلىچىمدىن؟

— خۇدا ئۆزى قۇتقۇزدى. مەن قۇتۇلدۇم، لېكىن سەن
قۇتۇلالمايسەن مېنىڭدىن. ئەمدى ئويۇن تامام، ھازىر بول ئە-
جىلىڭگە ھامان!

تۆپە كۆز بېشىنى ئېگىپتۇ.

— چاپ، يىگىتىم چاپ، قىلىچىمنىڭ يۈزى بىلەن چاپ. بويالسۇن قانغا تاغلار، نە قۇش يىغلىسۇن ماڭا، مەن ئۆرتىمە-گەن جان قالمىدى، ئۆچۈرمىگەن ئوچاق. دۇنيانى زىندان ئەي-لىدىڭ ماڭا، ئۆز قىلىچىمنى بوينۇمغا تاقاپ. ئىچەي دېۋىدىم بىر قوشۇق قېنىڭنى، نە ئەيلەيكى، تەدبىرگە تەقدىر قويمىدى. يەڭدى پۈتۈن ئويۇنلىرىمنى، سەن يىگىتنىڭ ھىيلىسى. ئېھ، ۋاپاسىز دۇنيا! يەتمىش ئىككى ئىرق بىر يەرگە توپلانسا، تېگەل-مەس دەپ ئويلايتتىم بىر تال مويۇمغا. ھالبۇكى، قانداق ئانا تۇغقاندۇر سېنى. ”يىگىت نامىنى يوشۇرۇماس“ ئېيتقىن نامىڭ-نى، ئاخىرقى نەپىسىمدە بىلىپ قالاي قانداق بىر يىگىتنىڭ قولىدا ئۆلگىنىمنى! — دەپتۇ ئۇ. بەسەت بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— دېمەك قايىل بوپسەن-دە! ئەل-ئەلدىن قېلىشمايدۇ، گەرچە ئۇ ئەرشىئەلاغا چىقىپ كەتسىمۇ. مەن ئوغۇز ئېلىدىن، قىساس يولىدىن كەلدىم، يەتتە دۇنياغا ھاكىم خانىمىزنى سورد-ساڭ، خانلار خانى بايىندىرخان. بايراقدارىمىزنى سورىساڭ، سالۇر قازان، خان قازان. ئاتا-بوۋامنى سورىساڭ قارا ياغاچ، ئانامنى سورىساڭ بىر ئارسلان. نامىمنى سورىساڭ ئورۇز ئوغلى بەسەت. بىلدىڭمۇ ئەمدى، ئەجىلىڭ كىمنىڭ قولىدا ئەي بىد-ئەت؟ — دېگەندە تۆپەكۆز ھاڭ-تاڭ بولۇپ:

— ئۇنداق بولسا قېرىنداش ئىكەنمىز. مەن سىلەرنىڭ ئۆيدە چوڭ بولدۇم. زامىن بولما جېنىمغا، — دەپ يېڭىۋاشتىن يالۋۇ-رۇپتۇ. بەسەت دەرغەزەپكە كەپتۇ:

— يۇم ئاغزىڭنى تۇزكور، يۇم ئاغزىڭنى. ئاغزىڭغا ئالما

قىرىنداش دېگەن سۆزنى. قىرىنداش ئەمەس سەن، زەھەرلىك يىلان، شۇنچە ئادەمنىڭ بېشىغا چىقارمىدىڭ، بولساڭ ئىنسان!

يىگىتلەرنىڭ يىگىتى سەلچۇقـقا زامىـن بولـغان سـەن ئەمەسمۇ؟

ئاي يۈزلۈك يەڭگەمنى تۇل قويغان سەن ئەمەسمۇ؟
قارا كۆزلۈك بوۋىقىمنى سەل ئەيلىگەن سەن ئەمەسمۇ؟
ئۆيۈم-ئوچىقىمنى كۇل ئەيلىگەن سەن ئەمەسمۇ؟

زەھەرلىك يىلان دېسە بولماسمۇ سېنى، قايسى يۈزۈڭ بىلەن قىرىنداش دەيسەن مېنى؟

تۆپە كۆزىنىڭ قارا يۈزلۈكى يۈزىگە ئۇرۇلغاندا، گۇناھىنى ئۆزىگە ئېلىپ ئۆز-ئۆزىگە دەپتۇ:

"كۆزۈم-كۆزۈم، دۇنيانى يەپ تويمىغان كۆزۈم. نى-نى يىگىتلەرنىڭ بېشىغا چىققان كۆزۈم. كىم بىلسۇن، كىملەرنىڭ ئاھى تۇتتى سېنى، ئەمدى تۇپراق تويدۇرسۇن سېنى كۆزۈم!"

باھادىر بەسەت:

كېيىنكى پۇشايمان ئۆزىگە دۇشمەن؛ ئۆز پۇتىنى چاپقاي، كىشىگە پالتا كۆتۈرگەن! — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ۋە دېۋىدەك تۆپە كۆزنى ئالدىغا تىزلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۆز قىلىچى بىلەن چېپىپتۇ بوينىنى ۋە يايىنىڭ كىرىچىنى تاقاپ ئىتتىرگىنىچە، غارنىڭ ئاغزىغا كەپلەپتۇ بېشىنى...

يۈگلۈق خوجا بىلەن جاۋغىلىق خوجا كېلىپ بەسەتنىڭ پېشانىسىگە سۆيگەندىن كېيىن، ئاتا-ئانىسىغا خۇش خەۋەرلەر

يەتكۈزۈپتۇ. ئۇلارمۇ ئوق قانىتى بىلەن تەرەپ-تەرەپكە خەۋەر ئۇستىگە خەۋەرلەر ئۇچۇرۇپتۇ. ئېتىغا ئاتلانغانلار قانلىق قىيا-نىڭ يولىغا چۇشۇپتۇ... يەتتە ياشتىن-يەتمىش ياشقىچە ئوغۇز ئېلىپ بىر يەرگە جەم بولۇپتۇ... جاھانغا سىغمىغان تۆپە كۆز-نىڭ بېشىنى بەسەتنىڭ ئايغى ئاستىدا كۆرگەندە يېگىدىن دۇنيا-غا كەلگەندەك بولۇشۇپ، ئالەمگە سىغماي كېتىپتۇ. ئەمدى ئۇلار شۇنداق بىر شادلىق-شادىمانلىقتا چۆمۈپتۇكى، قويۇۋېرىڭ!

دەدە قورقۇتمۇ كېلىپ قوشاق قوشۇپ بېيىت ئېيتىپتۇ. غازى قالغانلارنىڭ بېشىدىن كەچكەنلەرنى تىزىپ داستان تۈزۈپتۇ ۋە:

”بۇ ئوغۇزنامە بەسەتنىڭ بولسۇن، بۇ دۇنيادا ئەبەدتىن-ئە-بەدكە چېلىنسۇن سازلاردا، داستان بولسۇن تىللاردا—دەپ بەش كەلىمە دۇئا قىلىپتۇ:

ھەي يىگىت، ئالدىڭدىكى قارا تاغلىرىڭ يىقىلمىسۇن... بۇك-باراقسان ئورمانلىرىڭ كېسىلمىسۇن... قارلىق-مۇزلۇق سۇلىرىڭ قۇرۇمىسۇن... سەن بىزنىڭ يۈزىمىزنى ئاق قىل-دىڭ، دۇنيا-ئاخىرەت سېنىڭ يۈزۈڭمۇ ئاق بولسۇن، ئاللا يەنە مۇراد-مەقسىتىڭگە يەتكۈزسۇن. سېنى يۇرتىمىزغا—يايلىقىمىزغا ئاتا قىلسۇن.“



# تەلۋە تۇمرۇل

بۇرۇنقى زاماندا، ئوغۇزلارنىڭ يۇرتىدا دۇخا خوجا ئوغلى تەلۋە تۇمرۇل دېگەن بىر ئەر ئۆتۈپتىكەن. بوي-تۇرقى قانداق-كىنتاك، بۇرنى قاپ تېغىدەك ئىكەن. ئۇ قىلغىلى ئىش تاپالمى-غاندەك، شۇنچە دەريالارنى كۆزى كۆرمەي، ئىزدەپ-سوراپ سۇ-يى تارتىلىپ كەتكەن بىر سايىنى تېپىپ، ئۇنىڭغا بىر كۆۋرۈك سالدۇرۇپ، كۆۋرۈكتىن ئۆتكەنلەردىن ئوتتۇز ئاقچا، ئۆتمىگەن-لەردىن قىرىق ئاقچا ئالىدىغان بوپتۇ، ۋە: ”ماڭا تەڭ كېلىدىغان

باتۇر بولسا چىقسۇن مەيدانغا، باتۇرلۇقۇمنى كۆرستىپ قويااي ئۇنىڭغا. چىقسۇن نامىم، داستان بولسۇن تىللاردا. . .“ دەپ پۈتۈن ئالەمگە جار ساپتۇ. ”تەلۋە تەلۋىنى كۆرسە تايىقىنى يوشۇرۇپتۇ“ دېگەندەك، ئەقلى بارلار بۇ بالايىئاپەتكە يېقىن يولۇسۇنمۇ!

شۇ جايغا يېقىن بولغان بىر يۇرتتا بىر ياخشى يىگىت بار ئىكەن. ئۆلۈم ياشقا-باشقا باقسۇنمۇ. . . كۆڭلەرنىڭ بىرىدە بۇ يىگىت ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. پۈتۈن يۇرت ماتەم تۇتۇپ قان يىغلىشىپتۇ.

قاياقتىندۇر تەلۋە تۇمرۇل يېتىپ كېلىپ:

—ھەي خالايىق، نېمىدېگەن ئاھۇ-زار بۇ؟ ئۇ ئەرشكە يەتتى. كۆۋرۈكۈمنى سەلگە ئاققۇزامسىلەر! —دەپ دېۋەيلەپتۇ.

—ئۆپكەڭنى باس، خان بېگىم، ئۆپكەڭنى باس! بىز يىغلىماي كىم يىغلىسۇن. ئۇن گۈلنىڭ بىرى ئېچىلمىغان بىر يىگىتىمىز ئۆلدى بۈگۈن! —دەپ بويۇنلىرىنى قىسىشىپتۇ كۆپچىلىك.

ئۆلارنىڭ بۇ ھالى تەلۋە تۇمرۇلنىڭ قېنىنى قىزىتىپتۇ.

—بۇ باتۇر يىگىتنى كىم ئۆلتۈردى؟ —دەپ سوراپتۇ ئۇ:

—يائاللا بېگىم، —دەپتۇ بۇلار، —بۇنداق يىگىتنىڭ جېنىغا كىم زامىن بولالىسۇن، پېشانىسىگە شۇنداق پۈتۈلگەن ئىكەن، تۈن يېرىمىدە قىزىل قاناتلىق ئەزرائىل كېلىپ ئالدى جېنىنى. . .

تەلۋە تۇمرۇل ئەزرائىلنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدە-

كەن. بۇ يىگىتكە ئېچىنغانمۇ ياكى ئەتەي ئۇلارنىڭ چىشىغا تەگكەنمۇ:

—ئادەمنىڭ جېنىنى ئالىدىغان ئەزرائىل دېگىنىڭلار كىم؟ ئۇنى ماڭا بىر كۆرسىتىڭلارچۇ، قادىر ئاللانىڭ بارلىقى، بىرلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىر ئېلىشىپ، ئوتىدا كۆيۈپ ئۆچۈۋاتقان يىگىتىڭلارنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپ كېلەي، دېمەسمۇ!

بۇ گەپ ئاسمان-زېمىننى ياراتقان ئاللاغا يەتمەي قالسۇنمۇ... ئۆزىنى چاغلىماي لاپ ئۇرغان تەلۋە تومۇرۇلنىڭ ئاتقان پورىنى ئاللا خوپ كۆرمەپتۇ: "هەي ئەزرائىل، تەلۋە تومۇرۇل دېگەن شۇ مەلئۇن ئۆزىنى شۇ قەدەر ئۇنۇتتىكى، ئۇلۇغ دەرگاھىمغا تىل تەگكۈزۈپ، هالىغا شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا مەنمەنلىك دەۋاسى قىلغىلى تۇردى. بار، ئۇ ئەخمەقنىڭ كۆزىگە بىر كۆرۈنۈپ قوي..." دەپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە تەلۋە تومۇرۇل قىرىق يىگىتى بىلەن يېيىشىپ-ئىچىشىپ، كۆڭۈللىرىنى ئېچىشىپ ئولتۇرغىنىدا، قاياقتىندۇر، تۇيۇقسىز ئەزرائىل كېلىپ كۆزلىرىگە بىر كۆرۈنۈپتىكەن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى كۆرمەس بوپتۇ. يەنە بىر كۆرۈنۈپتىكەن، قوللىرى تۇتماس بوپتۇ. تەلۋە تومۇرۇل نېمە بولغىنىنى بىلمەي قاپتۇ.

—هەي خۇدانىڭ بالاسى، كىم سەن، نېمە سەن؟—دەپتۇ تەلۋە تومۇرۇل،—نەدىن كېلىپ بېشىمىزغا تىكىلدىڭ، دەرۋازىۋەنلەرمۇ كۆرمەپتۇ سېنى؟ بىر كۆرۈندۈڭ قېنىم قىزىپ جېنىم سىقىلدى، پەرق ئېتەلمىدىم ئاق-قارىنى... يەنە بىر كۆرۈنۈ-

دۇڭ قول-ئايىغىم تىترىدى، ئىچەلمىدىم قىزىل شارابنى! ھەي چىرايىنىڭ خۇنى كەتكەن، كۆزلىرىنىڭ نۇرى ئۆچكەن ئاقساقال خوجا، سەن مېنىڭ قەھرى-غەزىپىمنى بىلمىسەڭ كېرەك. كەشكنى توغرىلا جەھەننەمگە، قولۇمدىن بىر ھادىسە چىقماستا.

—ھەي بىھايا ئەخمەق، —دەپتۇ ئەزرائىل كۇلۇپ قويۇپ، —سەن مېنىڭ چىچىمىنىڭ، بېشىمنىڭ، كۆزۈمنىڭ، قېشىمنىڭ كېپىنى قىلىسەنغۇ، تېخى! ئاھۇ كۆزلۈك گۈزەللەردىن تارتىپ ئاقساقاللىق خوجىلارمۇ مېنىڭ كۆزۈمدىن قېچىپ قۇتۇلماس.

نۆۋىتى كەلگەندە ھېچبىرى جېنىنى قولۇمدىن قېچىپ قۇتۇلدۇرالماس.

چاچلىرىم ئاقارسا، سەۋەبى شۇدۇر.
كۆزلىرىمنىڭ نۇرى ئۆچسە، سەۋەبى شۇدۇر.
ئۆلۈم چاچقان نەپسىمدىن چىراغ تۇرماق قۇياش ئۆچەر،
كۆلەڭگەم چۈشسە كۆككە، جىمى ئالەم بولۇر مەھشەر.
كەلسەم ئەگەر ھەيۋەت بىلەن، زېمىن ئۈركۈپ يانار كۆكلەر،
قۇدرەت كۆرسىتىپ قەھرى ئالەمنى خاراب ئەيلەر.
ھازىر بول ئەجىلىڭگە، سېنىڭ جېنىڭنىمۇ ئالغىلى كەلدىم.

بىر نەپەستە بۇ ئامانەتنى تاپشۇرامسەن ياكى مەن بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرامسەن؟—دېگەندە تەلۋە تۇمرۇل قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قاپتۇ.

— قىزىل قاناتلىق ئەزرائىل دېگەن سەنمۇ؟
— ھەئە مەن، تەلۋە تۇمرۇل!
— باتۇر يىگىتنىڭ جېنىغا زامىن بولغان سەنمۇ؟
— شۇنداقتۇ، تەلۋە تۇمرۇل!
— ئەمدىغۇ قولغا چۈشكەنسەن!

دېمەك، ئۆلۈمۈڭگە تەشنا بولۇپ بۇ يەرگە ئىزىپ-تېزىپ كېلىپ قالغان ئوخشايسەن. . . ئەمدى سېنى ئۆلتۈرۈپ ئۇ يىگىتنىڭ جېنىنى ئازاد قىلىمسام! . . . — تەلۋە تۇمرۇل شۇنداق دەپ قىلىچىنى سىيرىپتىكەن، قىزىل قاناتلىق ئەزرائىل شۇئان بىر كەپتەر بولۇپ توڭلۇكتىن ئۇچۇپ كېتىپتۇ. . .

تەلۋە تۇمرۇلنىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلاقلىرىغا يېتىپتۇ. ئۇ يىگىتلەرگە قاراپ:

— ھەي قىرىق باتۇرۇم، ئەزرائىل دېگەن نەرسە ماڭا كۆرۈنمەكچى بولغان ئىدى، بىر پوپوزا قىلىۋىدىم، ئىشىكنى تاقاپ توڭلۇكتىن قېچىپ كەتتى. بۇ قىزىل قاناتلىقنى تۇتۇپ ئەدىپىنى بەرمەي قويمايمەن، — دەپ قۇرغۇيىنى قولىغا قوندۇرۇپ ئېتىغا مىنىپتۇ. . . تاغۇ تاشنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ، ئەزرائىلنىڭ جېنىغا تەگدىم دەپ، تالاي كۆك كەپتەرنىڭ جېنىغا زامىن بوپتۇ. ئۇ قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا قىزىل تونلۇق، قىزىل قاناتلىق پەرىشتە تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئېتىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەسمۇ! ئات ئۈركۈپ، ئۇنى يەرگە ئۇرۇپتۇ. تەلۋە تۇمرۇلنىڭ بېشى يېرىلىپتۇ. ئەزرائىل ئۇنىڭ كۆكسىگە قونۇپتۇ.

— ئەزرائىل ئاتا ئامان، تەڭرىنىڭ بىرلىكىگە يوقتۇر گۇ-

مان. قىزىل شاراب ئىچىپتىمەن، ئەقلىمدىن ئېزىپتىمەن، دەۋ-رانىمنى سۈرۈپتىمەن، يىگىتلىكىمگە ئېلىپتىمەن. سىزنى بۇن-داق قىلار دەپ ئويلىماپتىمەن، ئۆزۈمنى چاغلىماي لاپ ئېتىپ-تىمەن. تۆۋە قىلدىم، ئىككىنچى سىزگە تىل تەگكۈزگۈچى بولمايمەن، تاتلىق جېنىمغا زامىن بولماڭ!—دەپ بىر قوشۇق قېنىنى تىلىگەندە ئەزرائىل:

—ئەي ئەخمەق، مەنمۇ بىر ئەمىر قۇلىمەن، نېمىدەپ ماڭا يېلىنىسەن. يېلىنساڭ ئاللاغا يېلىن!—دېگەندە، تەلۋە تومرۇل يېگىۋاشتىن توقۇمنى قارىنىغا ئاپتۇ:

—ھە، دېمەك بىزگە جان بەرگەنمۇ ئۇ، ئالىدىغانمۇ ئۇ ئىكەن-دە! ئۇنداق بولسا سەن نېمىدەپ ئاللا بىلەن قۇلىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇلىسەن! يوقال كۆزۈمدىن، ئاللا بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىمەن،—دەپ، ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى، شېرىكى يوق ئال-لاغا ئىمان كەلتۈرۈپ، مەنمەنلىكنى تاشلاشقا ۋەدە قىلىپ، يېلىنىپ يالۋۇرغاندىن كېيىن:—ھەي ئاسمان-زېمىننى ياراتقان ئاللا، تېخى قانمىدىم بۇ دۇنياغا. جېنىمنى ئالساڭ ئۆزۈڭ ئال، شۇ ئەزرائىلغا قويۇپ بەرمە خەلقى ئالەم ئالدىدا!—دەپ زارلىن-غاندا، تەڭرىنىڭ رەھمى كېلىپ، قىزىل تونلۇق پەرىشتىگە ۋەھىي چۈشۈرۈپتۇ: ”يا ئەزرائىل! تەلۋە تومرۇل تەلۋىلىكىنى تاشلىدى. بىرلىكىمگە ئىشىنىپ، بارلىقىمغا ئىمان كەلتۈردى. يا ئەزرائىل، تەلۋە تومرۇل ئۆزىنىڭ ئورنىغا جېنىنى بېرىدىغان بىرىنى تاپسا، ئۇنىڭ جېنىنى ئازاد ئەيلە...“

ئەزرائىل ئاللانىڭ ئەمرىنى يەتكۈزگەندە تەلۋە تومرۇل بىر

ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ:

— خۇداغا مىڭ شۈكۈر، ئەمىر قىلىپتۇ مېنى ئۆلتۈرمەسلىككە، لېكىن مېنىڭ ئۈچۈن جېنىنى بېرىدىغان كىم بار بۇ ئالەمدە! بەرسە ئاتام بىلەن ئانام بېرەر، دەرۋەقە ھەر ئىككىسىنىڭ بىر ئايىغى ئۇ دۇنيادا. . . خوپ، بېرىپ بوينۇمنى قىساي ئۇلارغا! — دەپتۇ ۋە ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈپ دۇئاسىنى ئالغاندىن كېيىن:

— ھەي ئىززەتلىك ئاتا، بىلدىڭىزمۇ بېشىمغا كەلگەنلەرنى؟ — دەپ، بولغان-ئەتكەننى بايان قىلىپ، — سىز بولسىڭىز كۆردىغىنىڭىزنى كۆردىڭىز، دەۋرانىڭىزنى سۈردىڭىز. مەن تېخى يىگىتلىكىمگە قانمىدىم. ئەمدى مېنىڭ بەختىم ئۈچۈن جېنىڭىزنى بېرەمسىز ياكى ئوغلۇم-ئوغلۇم دەپ كەينىمدىن قان يىغلاپ قالامسىز؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئاتىسىنىڭ تۈكلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپتۇ:

— جان ئوغلۇم، جېنىم ئوغلۇم، تۇغۇلغان كۈنۈڭدە توققۇز تۆگە قۇربان قىلغان ئوغلۇم. خوجا ئۆيۈمنىڭ تىرىكى، كېلىن قىزىمنىڭ چېچىكى ئوغلۇم! يېشىل سۈمبۈللۈق تاغلىرىم بار، بەر ئۇنىڭغا يايلاق بولسۇن! مۇزدەك سوغۇق بۇلىقىم بار، بەر ئۇنىڭغا ئىچەر بولسۇن! قوتان-قوتان ئاتلىرىم بار، بەر ئۇنىڭغا مىنەر بولسۇن! قاتار-قاتار تۆگىلىرىم بار، بەر ئۇنىڭغا كارۋان بولسۇن! مىلىم-مۈلكۈم، بارى-يوقۇم پىدا بولسۇن يولۇڭغا، نېمە بەرسەڭ بەر ئەزرائىلغا، ئەمما دۇنيا شېرىن، جان تاتلىق، راستىنى ئېيتسام جېنىمنى بېرەلمەيمەن ئاڭا. مەندىن ئەزىز

ئاناڭ بار بەرسە بەلكىم ئۇ بېرەر ساڭا. . . دەپ بېشىنى بۇراپتۇ.

تەلۋە تۇمرۇل ئاتىسىنى كۇندۇرەلمەي ئانىسىنىڭ يېنىغا كەپتۇ.

— ھەي ئاقباش ئانا، جان ئانا، كەلدىم دۇنياغا نە كۆردۈم مانا! تېخى تۇزۇككىنە كۈن كۆرمەي تۇرۇپ، قىزىل قاناتلىق ئەزرائىل قوندى تېنىمغا، بىر جان قەرزىم بار ئاللاغا، مېنىڭ بەختىم ئۈچۈن جېنىڭىزنى بېرەمسىز ياكى ئوغلۇم-ئوغلۇم دەپ كەينىمدىن قان يىغلاپ قالامسىز؟ —دېگەندە، ئانىسى نېمە بولـ-غىنىنى بىلەلمەي: قېنىمدا قېنىم بار ئوغلۇم، جېنىمدا جېنىم بار ئوغلۇم. ئاق سۈتۈمنى ئەمگەن ئوغلۇم، بۆشۈكۈمدە ياتقان ئوغلۇم، قەلئەلەردە تۇتۇلساڭ، چاچلىرىمنى ياقىلار ئىدىم. هارامى* لەرگە ئەسىر چۈشسەڭ، ئالتۇن بېرىپ قۇتقۇزار ئىـ-دىم. مال دېسەڭ مال، مۈلۈك دېسەڭ مۈلۈك بېرەي، ئەمما دۇنيا شېرىن تاتلىق، راستىنى ئېيتسام مەنمۇ جېنىمغا قىيالماي-مەن ئوغلۇم! —دېگەندە تەلۋە تۇمرۇلنىڭ يەتمىش ئىككى مىڭ تۈكى تەتۈر ئۆرۈلۈپتۇ: دەرۋەقە ئەزرائىل كېلىپ ئۇنىڭ كۆكسـ-گە قونۇپتۇ:

— ھەي ئەخمەق، كۆردۈڭمۇ، ئاتاڭمۇ، ئاناڭمۇ قىيمىدى جېنىنى، يولدىن تېپىۋالىدىغان نەرسە ئەمەس جان دېگەننى. تولا يورغىلىماي ئۆز قەرزىڭنى ئۆزۈڭ ئادا قىل ئەمدى، —دەپ

---

* هارامى—قاراقچى.

ئۆنىڭ جىنىنى ئالماقچى بولغاندا، تەلۋە تۆمرۆل بىردىن ھۆرپىيىپ:

— توغرا ئېيتىسىز، ئەزرائىل ئاتا، جىگەردۇر ئاتا-ئانا. لېكىن بۇ دۇنيادا ئۆلۈك كۆزدىن سول كۆزگە يوقتۇر ۋاپا. يەنە كىمگە نېمە دېيىشكە بارسۇن تىلىم، ئەمدى ئالىدىغىنىڭىزنى ئېلىڭ. لېكىن پانى دۇنيادا بار بىر ھالىلىم، ئۆنىڭدىن بار ئىككى ئوغۇلچىقىم. . . ھەسرەت كەتمىسۇن ئۇ دۇنياغا، بىر دەقىقە سۇرۇك بېرىڭ ماڭا. ئامانەت قىلاي پەرزەنتلەر ھالال سۈت ئەمگەن ئۇ خوتۇنغا! — دەپ ئۇ بەختى قارا خوتۇنىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ:

— ھەققىڭگە رازى بول ھالىلىم، ئەزرائىل ئاتا دەرگاھىدا كۇتۇپ قالدى مېنى، تېپىلمىدى مەن ئۈچۈن جېنىنى بېرىدىغان بىرى. تاپسام ئىدىم، ئاتا قىلغان بولاتتى ساڭا ئاللا مېنى. ئاتامدىن سورىدىم، ئاتام بەرمىدى، ئانامدىن سورىدىم، ئانام بەرمىدى. كېتەر بولدۇم مەن ئۇ دۇنياغا، قوزىلىرىمنى ئاۋۋال ئاللاغا، ئاندىن قالسا، ئامانەت قىلدىم ساڭا. ئۇلارنى ئېلىپ قانات ئاستىڭغا، يېتىم قىلمىساڭ، قالمايدۇ كۆزۈم ئارقامدا. بۇ ۋەسىيىتىمگە ئەمەل قىلساڭ، بار-يوقۇم ھالال بولسۇن ساڭا: ئات دېسەڭ قوتان-قوتان. . . تۆگە دېسەڭ قاتار-قاتار. . . تاۋار-دۇردۇن توپ-توپى بىلەن. . . باھار-ياز يايلاقلىرىمغا كۆچ، مۇز-دەك سوغۇق سۇلىرىمنى ئىچ. ئەگەر كۆڭلۈڭ بىرىنى تارتسا كۆنۈڭ كۆنۈمدىن، تويۇڭ تويۇمدىن بولسۇن ئەلا. مەن يېتەلمى-گەن شۇ يالغان دۇنيادا، يەتكىن سەن مۇرادىڭغا. . . — دېگەندە،

خوتۇننىڭ ئۆچيۈز ئاتمىش ئالتە تومۇرىغا بىر ئوت چۈشۈپ شۇنداق دەپتۇ:

كۆزۈم ئېچىپ كۆرگىنىم نېمە دېدىڭ،
كۆڭۈل بېرىپ سۆيگىنىم نېمە دېدىڭ.
سەندىن كېيىن قالار بولسام،
بۇ يالغان دۇنيا نە ئەيلەيىن.
يايلاقلاردا يايلار بولسام،
ئۇ ماڭا مازار بولسۇن...
بۇلاقلاردىن ئىچەر بولسام،
سۇلار ئۆز قېنىم بولسۇن...
بىر ئاقچىنى خەجلەر بولسام،
ئۇ ماڭا كېپەن بولسۇن...
بىر شەھبازغا مىنەر بولسام،
ئۇ ماڭا تاۋۇت بولسۇن...
ئۆزگە يار سۆيەر بولسام،
سۆيگىنىم ئىلان بولسۇن...
ئامان يىگىتىم ئامان،
نە نامەردمىش ئاتا-ئاناڭ.
ئاسمان-زېمىن ئاڭلىسۇن،
شاھىت بولسۇن يارانلار.
جېنىم ساڭا پىدا بولسۇن،
بېشىم يولۇڭغا قۇربان.

خوتۇنى جان بېرىشكە رازى بولغاندا، ئەزرائىل كېلىپ خوتۇنىنىڭ بېشىغا تىكىلىپتۇ. تەلۋە تۇمىرۇل ھەقتائالاغا شۇنداق يالۋۇرۇپتۇ: ”ھەي ئەرش-زېمىننى ياراتقان، شەنىڭگە ياراشقايمۇ مېنىڭ ئورنۇمغا شۇ ئاق كۆڭۈلنى ئالماق! ئالساڭ ئىككىلىمىز-نى ئال، ئالمىساڭ ئىككىلىمىزنى ئالما. بىزنى بىر-بىرىمىزدىن ئايرىما. ئۆمرىمىزگە ئۆمۈر قوشساڭ ئىلتىپاتىڭدىن نەكەم بول-غاي! بۇ مۇرادىمىزغا يەتكۈزگىنىكى، مەنمۇ ئۆزۈمگە چۈشكەن قۇللۇقنى ئادا قىلاي، ھەر يول ئاغزىغا بىر ئىمارەت سالاي. يېتىم كۆرسەم يېگۈزۈپ، يوقسۇل كۆرسەم تويغۇزاي!

تەلۋە تۇمىرۇلنىڭ چىن دىلىدىن ئېتقاد باغلاپ، ئۆز ئاغزى بىلەن توۋا قىلغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى خوتۇنىنىڭ نىيىتى ئۈچۈن-مۇ، ئۇلۇغلار ئۇلۇغى ئىلتىپاتىدىن ئىككى قەترە ئېھسان ياغدۇ-رۇپ ئۇلارنى بىر-بىرىگە باغلاپتۇ ۋە ئەزرائىلغا پەرمان ئەيلەپتۇ: ”ھەي مېنىڭ قىزىل تونلۇق، قىزىل قاناتلىقىم، مەنمەنلىكلە-رىدىن خالاس بولۇپ، ئىنساندەك ياشاشقا ئەمدۇ پەيمان ئەيلە-گەن بۇ قۇللىرىمغا يۈز قىرىق يىل ئۆمۈر بەردىم، بۇلارنىڭ ئورنىغا دەرھال بېرىپ ئاتىسى بىلەن ئانىسىنى ئالغايسەن، — دەپتۇ.

ھەي ئاللا، نېمىگە قادىر ئەمەسسەن! ئۇلار ئۆز جىگەر پارىلىرىدىن ئايىغان جاننى بىر نەپەستە ئەزرائىلغا تاپشۇرۇپتۇ. تەلۋە تۇمىرۇلمۇ جان قەدىنىسى بىلەن يۈز قىرىق يىل ئۆمۈر سۈرۈپتۇ: ئۇلار نە بىرسىنىڭ بىر تال مويىغا تەگمەپتۇ، نە بىر

چۈمۈلىگە ئازار بەرمەپتۇ.
دەدە قورقۇت كېلىپ قوشاق قوشۇپ بېيىت ئېيتىپتۇ: ”بۇ داستان تەلۋە تۇمرۇلنىڭ بولسۇن، مەندىن كېيىن سازلارغا ئېلىنىپ تىللاردا داستان بولسۇن!“ —دەپ خانلار خانىغا بەش كەلىمە دۇئا قىلىپتۇ:
”ئالدىڭدىكى قارا تاغلىرىڭ يىقىلمىسۇن، بۈك-باراقسان ئورمانلىرىڭ كېسىلمىسۇن، مۇزدەك سوغۇق سۇلىرىڭ قۇرۇ-مىسۇن، ئاللا ھېچكىمنى نامەردكە موھتاج قىلىپ، ئاتا ئالقان ئاچتۇرمىسۇن. ئاق پېشانەڭگە بەش كەلىمە دۇئا قىلدۇق، قو-بۇل بولسۇن. گۇناھلىرىمىز ئىسمى گۈزەل مۇھەممەت ھۆرمە-تىگە مەغپىرەت قىلسۇن. بىزمۇ ئامىن دەيلى، ئامىن دېگەنلەر-نى ئاللا ئىماندىن ئايرىمىسۇن...“

# بېگىل ئوغلى ئەمرەن .

قامغان ئوغلى خان بايىندىر كۆنلەرنىڭ بىرىدە قارا يەرنىڭ ئۈستىگە كەڭ-كۆشادە ئاق ئۆيلەرنى قۇردۇرۇپ، ئالا سايىۋەن-لەرنى ئاسمان-پەلەك تىكتۈرۈپتۇ. مىڭ يەرگە يىپەك زىلچىلەر-نى سالدۇرۇپ، ئىچ ئوغۇز، سىرت ئوغۇز بەگلىرىنى بىر يەرگە جەم قىلىپتۇ.

توققۇز تۈمەن ئادىمى بار گۆرجىستان* دىن ئۆتەشكە تېگى-شلىك باج كەپتۇ. بۇ يىل ئۇلار بىر ئات، بىر قىلىچ، بىر چوماق كەلتۈرۈپتۇ.

بايىندىرخان بۇنىڭغا ناھايىتى خاپا بوپتۇ. شۇ ئەسنادا قور-قۇت ئاتا مۇبارەكلەپ كېلىپ:

—شاھىم، ئۆزلىرى خاپىغۇ؟ —دەپتۇ.

—نېمىشقا خاپا بولماي، ھەر يىلى ئالتۇن ئاقچا كېلەتتى، يىگىت، بەگلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنى خۇش قىلات-تۇق. ئەمدى ئۇنى كىمگە بېرىپ، كىمنىڭ كۆڭلىنى ئالىمىز! —دەپتۇ بايىندىرخان.

---

* گۆرجىستان—كاپكازىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بىر رايون، ئۇ گۆرجۇ دەپ ئاتىلىدىغان ۋە شۇ تىلدا سۆزلىنىدىغان مىللەتنىڭ يۇرتى—ت.

— شاھىم، بۇنىڭ ئۇچىلىسىنى بىر يىگىتكە بېرەيلى. ئۇ بېرىپ ئوغۇز ئېلىگە قاراۋۇل بولسۇن. — دەپتۇ دەدە قورقۇت.

— كىمگە بېرەيلى؟

دەدە قورقۇت ئوڭ-سولىغا قاراپتۇ، ھېچكىم چىقماپتۇ. ئۇ بېگىل ئىسىملىك بىر يىگىتكە قاراپ:

— سەن نېمە دەيسەن؟ — دەپتۇ.

ئۇ يىگىت خوپ دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ يەرنى سۆيۈپتۇ.

قورقۇت ئاتا ھەممەت قىلچىنى ئۇنىڭ يېنىغا ئېسىپ، چوماقنى مۈرىسىگە قويۇپ، ئوقيانى بېلىگە قىستۇرۇپتۇ.

بېگىل شاھۋاز ئارغىماققا مىنىپ، ئورۇق-جەمەتىنى ئې-لىپ، چېدىر-ئۆيلىرىنى چۇۋۇپ، ئوغۇز ئىچىدىن كۆچۈپتۇ. بەردى، كەنجى دېگەن جايلارغا بېرىپ، ئۆي-ئوتاق تىكىپ، يۇرت قۇرۇپ، توققۇز تۇمەن نوپۇسلۇق گۆرجىستان ئاغزىدا قاراۋۇللۇق قىلىپتۇ. ياقا يۇرتتىن كۈپپار كەلسە كاللىسىنى ئېلىپ ئوغۇزغا سوۋغا قىلىپتۇ.

بېگىل بايىندىرخاننىڭ ھۇزۇرىغا يىلدا بىر قېتىم كېلىپ كېتىدىكەن. بۇ قېتىم يەنە بايىندىرخان ئۇنى تەكلىپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ. بېگىل جاۋابەن ئوردىغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ، تەكەللۇپ بىلەن باياندىرخاننىڭ قولىنى سۆيۈپتۇ. خانمۇ ئۇنى ياخشى كۈتۈپ ئېلىپ، ياخشى ئات مىندۈرۈپ، ئېسىل تون كىيدۈرۈپ، ئالدىغا نۇرغۇن پۇل قويۇپتۇ. خان بەگلىرىگە بې-گىلنى ئۈچ كۈن ئوۋ گۆشى بىلەن مېھمان قىلىشقا ئەمىر بەرگەن ئىكەن، ئۇلار بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شىكارغا چىقماقچى

بولۇشۇپتۇ.

ئۇۋ ھازىرلىقى باشلىنىپتۇ. بەزىلەر ئېتىنى ماختىسا، بەزىلەر ئوق ئېتىشى بىلەن ماختىنىپتۇ. سالۇر قازان نە ئېتىنى ماختىماي، نە ئۆزىنى ماختىماي، بېگىلنىڭ ھۈنىرىنى ماختاپتۇ.

ئۇچيۈز ئاتمىش پالۋان ئاتلىنىپ بۇغا-مارالغا يۈرۈش قىلىپتۇ، بېگىل ئالدىغا كەلگەن بۇغا بىلەن مارالنىڭ بېشىنىڭ ئۈستىدىن بىر ئوق ئېتىپلا توختىتۇۋالىدىكەن. ئەگەر مارال ئوزۇق بولسا، ئۇنىڭ قۇلىقىنى تىلىپ ئەن سېلىپ قويۇۋېتىدىكەن، سېمىز بولسا بوغۇزلايدىكەن. بەگلەر كېيىك ئوۋلاپ يۈرۈپ ئەگەر قۇلىقى تىلىنغان كېيىكنى تۇتۇۋالسا، بېگىلنىڭ ئىزدىگىنى شۇ دەپ ئۇنىڭغا ئېلىپ كېلىدىكەن.

—بۇ ھۈنەر ئېتىنىڭمىدۇ، بېگىل ئۆزىنىڭمىدۇ؟—دەپ سوراپتۇ قازان بەگ.

—ئۆزىنىڭدۇ، خانىم،—دېيىشىپتۇ كۆپچىلىك.

—ياق، ئات كىشىنىمىسە، ئەر ماختانماس. ھۈنەر ئاتنىڭدۇ،—دەپتۇ خان. بۇ سۆزنى بېگىل خوپ كۆرمەپتۇ.

—پالۋانلار ئىچىدە پېقىرنى قارىمىغىدەك پاتىقاقىقا پاتۇردىڭىز،—دەپتۇ ئۇ ۋە بايىندىرخاننىڭ سوۋغاتلىرىنى ئالدىغا تاشلاپ بېرىپ، ئاچچىقلاپ ئوردىدىن چىقىپتۇ-دە، خۇمار كۆزلۈك يىگىتلىرىنى باشلاپ، ئېتىنى قامچىلاپ ئۆيىگە كەپتۇ.

ئوغۇللىرى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ، ئەمما ئۇ ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلىماپتۇ؛ ساھىبجامال خوتۇنى چىقىپتۇ، بېگىل چىد-

رايىنى ئاچماپتۇ.

خوتۇنى ھەيران بولۇپ ئۇنىڭ ھالىنى سوراپتۇ...

بېگىل شۇنداق دەپتۇ:

خاندىن تەكلىپ بولغاچ ئورنۇمدىن تۇردۇم،
سۆسۈن قارا غاز بويۇن تۇلپارغا مىندىم،
ئەگرى بەگلىك قارا تاغدىن كېچىلەپ ئۆتتۇم،
بايىندىرخاننىڭ ھوزۇرىغا ۋاقتىدا باردىم.
خۇمار كۆزلۈك بەگلىرى بىلەن مېھمان بولدۇم.
خان جەمەتى بىلەن ھەيۋەتلىك شىكاردا بولدۇم،
خان نەزىرىدىن چۈشكىنىمنى شۇندا كۆردۈم،
ئەل-يۇرتنى كۆچۈرۈپ كېتەيلى مۇندىن؛
كېتەيلى توققۇز تۈمەن گۆرجىستانغا،
قارارىم شۇ بىلىپ قويغىن—
باش كۆتۈردۈم ئوغۇزخانىغا!

—ھەي يىگىتىم، بەگ يىگىتىم، پادىشاھلار تەخىرىنىڭ كۆلەڭگىسىدۇر. پادىشاھىغا باش كۆتۈرگەننىڭ ئىشى تەستۇر. كۆڭۈلدە كىر بولسا شاراب ئاچىدۇ، سىز بۇندىن كەتكەندىن بېرى تاغلىرىڭىز ئۇۋۇلانمىدى. شىكارغا چىقمىڭ، ئېچىلسۇن كۆڭلىڭىز كىرى،—دەپتۇ خوتۇنى.

بېگىل خوتۇن كىشىنىڭ ئەقلىمۇ ئەقىل دەپ قاراپ، غاز بويۇن تۇلپارىغا مىنىپ شىكارغا چىقىپتۇ.

ئۇ ئۇۋ ئۇۋلاپ يۈرسە ئالدىغا بىر ئاقساق كېيىك ئۇچراپتۇ. بېگىل ئۇنىڭ كەينىدىن ئات سېلىپ يېتىشىپ، يايىنىڭ كىرىچىنى كېيىكنىڭ گەجگىسىگە توغرىلاپ ئېتىپتىكەن، ئۇچقاندەك قېچىپ كېتىۋاتقان كېيىك ئېگىز تۆپىدىن دومىلاپ كېتىپتۇ. بېگىلمۇ ئاتنىڭ تىزگىنىگە ئىگە بولالماي ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇچۇپ كېتىپ، ئوڭ يانپېشى تاشقا ئۇرۇلۇپ سۇنۇپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

”ئەر يەتكەن ئوغلۇم، ياكى قېرىندىشىم بولسىچۇ كاشكى!“ دەپ ۋايساپتۇ ۋە دەرھال ئوقنىڭ گېزىنى چىقىرىپ، ئېگەرنىڭ غانجۇغا تاسمىلىرىنى يېشىپ سۇنغان پۇتىنى تونىغا ئوراپ چىڭ تېڭىپ، بار كۈچى بىلەن ئېتىنىڭ يالىسىغا يېپىشىپ، يۈزىدىكى نىقابلىرى بويىنىغا چۈشۈپ قالغان ھالدا ئوردىسىغا يېتىپ كەپتۇ.

ئوغۇلچىقى ئەمرەن باتۇر ئاتىسىنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. ئۇ ئاتىسىنىڭ پەرىشان ھالىنى كۆرۈپ، قارا تونلۇق كۈپپارلارغا ئۇچراپ، يىگىتلىرى قىرىلىپ تۈگىگەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ يولداشلىرىنى سوراپتۇ.

بېگىل يىگىتلىرىنىڭ ئامان-ئېسەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن:

—قايغۇرما ئوغلۇم، ئۈچ كۈندىن بېرى ئاتاڭنىڭ مىجەزى يوق، ئاتتىن چۈشۈرۈپ ئورنۇمغا ياتقۇز،—دەپتۇ.

ئارسلاننىڭ كۈچۈكىمۇ ئارسلان-دە! ئەمرەن ئاتىسىنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ، كۆتۈرۈپ ئېلىپ ئورنىغا ياتقۇزۇپ، تونىنى

ئۈستىگە يېپىپ، بېشىنى چۈمكەپ قويۇپتۇ.

شىكارغا چىققان بەگلەرمۇ ئوتاقلىرىغا قايتىشىپتۇ.

بېگىل بەش كۈن تالا-تۈزگە چىقماپتۇ. ئايغىنىڭ سۈنغىنىنىمۇ ھېچكىمگە ئېيتماپتۇ. كېچىچە ئىنجىقلاپ چىقىپتىكەن، خوتۇنى:

—بەگ يىگىتىم، ئۈستىڭىزدىن يېغى كەلسە قايتمايتىڭىز، ئايغىڭىزغا ئوق تەگسە داتلىمايتتىڭىز، قويىنىڭىزدىكى ھالىڭىزغىمۇ سىر بەرمەمسىز؟ ئېيتىسىڭىزچۇ نېمە بولدىڭىز؟—دەپتۇ.

—ئاتتىن يىقىلىپ پۇتۇم سۇندى گۇزىلىم،—دەپتۇ بېگىل.

خوتۇنى داۋراڭ سېلىپ بۇنى خىزمەتكارىغا مەلۇم قىلىپ قويۇپتۇ، خىزمەتكار چىقىپ دەرۋازىۋەنگە دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ خەۋەر پۈتۈن ئوردىغا يېيىلىپتۇ.

بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان كۆپپارنىڭ جاسۇسى بۇ خەۋەرنى تەكۈرگە يەتكۈزۈپتۇ. تەكۈر:

—دەرھال بېرىپ بېگىل بەگنى ياتقان يېرىدىن تۇتۇڭلار، قوللىرىنى كەينىدىن باغلاپ كالىلىسىنى ئېلىڭلار، قىزىل قېنىنى قارا يەرگە سېپىڭلار! ئەل-يۇرتنى بېسىپ، قىز-كېلىننى تۇتقۇن قىلىڭلار،—دەپ بۇيرۇق قىلىپتۇ.

بېگىلنىڭ پايلاقچىسىمۇ ئۇنىڭغا خەۋەر يەتكۈزۈپ:

—بېشىڭىزغا يېغا كېلىۋاتىدۇ، چارىسىنى قىلىڭ،—دەپتۇ.

بېگىلگە ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق كەپتۇ، ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ: ئۆزىنىڭ شىكاردا بېشىغا كەلگەنلەرنى بىر-بىرلەپ بايان قىلغاندىن كېيىن:

قارا تاغلاردىن خەۋەر ئېشىپتۇ.
قانلىق سۇلاردىن خەۋەر تېشىپتۇ،
تۆمۈر دەرۋازىلىق ئۆتەڭدىن خەۋەر كەپتۇ:
ئالا ئاتلىق شۆكلى خاقان قوراللىنىپتۇ:
ھەيۋىسىدىن قارا تاغلارنى تۇمان بېسىپتۇ.
بەگ بېگىلنى ياتقان يېرىدىن تۇتۇڭلار دەپتۇ،
قوللىرىنى ئارقىسىدىن باغلاڭلار دەپتۇ،
يۇرتىنى بېسىپ ئوردىسىنى ئېلىڭلار دەپتۇ،
ساھىبجامال قىز-كېلىنىنى تۇتۇڭلار دەپتۇ!
ئوغلۇم دەرھال ئورنۇڭدىن تۇرغىن،
يالى قارا غاز بويۇن تۇلپارغا مىنگىن،
ئەگرى بەگلىك قارا تاغنى كېچىلەپ ئاشقىن،
بايىندىرخان ھۇزۇرىغا ۋاقتىدا بارغىن،
خانىمىزغا مەندىن كۆپ-كۆپ سالام ئېيتقىن،
بەگلەر بېگى قازاننىڭ قولىنى سۆيگىن،
ئاقساقاللىق ئاتام قىيىن ئەھۋالدا دېگىن،
قازان بەگنى ئامال قىلىپ بىر كەلسۇن دېگىن!
كەلمىسە ئەل ۋەيران بولۇپ،
قىز كېلىنىم تۇتقۇن بولىدۇ، بۇنى بىلگىن! دەپتۇ.

ئوغلى ئاتىسىنىڭ بۇ تەلىپىنى رەت قىلغاندىن كېيىن:

ئاستىڭدىكى تورۇق ئايغىرنى ماڭا بەرگىن،
قارا تەرگە چۆمدۈرۈپ چاپاي سېنىڭ ئۈچۈن،
قاتتىق پولات ساۋۇتۇڭنى بەرگىن ماڭا،
يەڭ، ياقا ئورنىتاي سېنىڭ ئۈچۈن.
قارا پولات قىلىچىڭنى بەرگىن ماڭا،
بىر چېپىشتا كاللا ئالاي سېنىڭ ئۈچۈن.
ئاتمىش تۇتام نەيزەڭنى بەرگىن ماڭا،
ياۋ كۆكسىگە سانجاي ئۇنى سېنىڭ ئۈچۈن.
ئاق پەيلىك ئوقلىرىڭنى بەرگىن ماڭا،
ياۋدىن-ياۋغا ئۆتكۈزەي سېنىڭ ئۈچۈن.
خۇمار كۆزلۈك ئۈچيۈز يىگىت بەرگىن ماڭا،
ئىسلام يولىدا ئېلىشاي سېنىڭ ئۈچۈن!

دەپتۇ.

—ئاغزىڭغا ياغ ئوغلۇم، مېنىڭ كۆرگەن كۈنۈمنى مەلۇم قىلمىساڭلا بولغىنى، —بىگىل شۇنداق دېگەندىن كېيىن، —قېنى، ساۋۇتلىرىمنى كەلتۈرۈڭلار ئوغلۇم كىيسۇن! تورۇق ئايغىرىمنى كەلتۈرۈڭلار، ئوغلۇم مىنسۇن! ئەل تۇيماستىن ئوغلۇم جەڭگە ئاتلانسۇن، —دەپتۇ.

ئەمرەن جەڭ كىيىملىرىنى كىيىپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ قولد-

نى سۆيۈپ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇچيۈز يىگىتنى يېنىغا ئېلىپ جەڭگە ئاتلىنىپتۇ.

تورۇق ئايغىر يېغا پۇرىقىنى ئالسا تۇرالمايدىكەن. شۇ تاپتا ئۇ توپىنى تۇمانغا قوشۇپ گويا كۆكلەردە ئۇچۇپتۇ. "بۇ ئاتلىقلار بېگىلىنىڭ ئادەملىرى بولسا كېرەك، تېز قاچايلى" دېيىشىپتۇ كۇپپارلار.

—ياخشى قاراڭلارچۇ، ئۇ راست بېگىل بولسا، سىلەردىن بۇرۇن مەن قاچىمەن،—دەپتۇ تەكۇر.

كۆزەتچى كۆزىتىپ قارىسا، راست بېگىلىنىڭ ئادەملىرى، لېكىن توپىنىڭ ئالدىدىكى بېگىل بولماستىن، باشقا بىر بۇركۇت-تەك ئوغلان قىباس قىلىپ كېلىۋاتقۇدەك، ئۇ دەرھال تەكۇرگە خەۋەر بېرىپتۇ.

—ئات، ساۋۇت ۋە تۇلغىلار* بېگىلىنىڭ، بىراق ئۇنى كىي-گەن بېگىل ئەمەس.

—ئۇ بېگىلىنىڭ ئوغلى بولسا كېرەك، يۈز ئادەم بېرىپ ھەيۋە كۆرسىتىڭلار. ئۇنىڭ ئوغلى توخۇ يۈرەك، جەزمەن قور-قۇپ ئالدى-كەينىگە قارىماي قاچىدۇ،—دەپتۇ تەكۇر.

يۈز كۇپپار تاللىنىپ ئەمرەننىڭ ئالدىغا كەپتۇ:

ئوغۇل، ئوغۇل ئەي ئوغۇل، شەيتان ئوغۇل!
ئاستىدىكى تورۇق ئېتى ئورۇق ئوغۇل،

* تۇلغا—تۆمۈر قالپاق.

قارا پولات قىلىچى پۇچۇق ئوغۇل،
قولىدىكى نەيزىسى سۇنۇق ئوغۇل،
قاتتىق كىرىچلىك يايى قىسقا ئوغۇل،
ئوقدىنىدا ئوقلىرى شالاڭ ئوغۇل،
يېنىدىكى يولداشلىرى يالاڭ ئوغۇل.
شۆكلى خاقان ساڭا بەكمۇ چېچىلدى،
جەڭگە چىققان شۇ خۇمپەرنى تۇتۇڭلار،
قوللىرىنى كەينىدىن باغلاڭلار،
بىر چېپىشتا كاللىسىنى ئېلىڭلار دېدى.
قىزىل قېنىنى قارا يەرگە سېپىڭلار دېدى.
ئاقساقاللىق ئاتاڭنى يىغلاتمىغىن،
ئاق چاچلىق ئاناڭنى ئىڭراتمىغىن،
يۇلغۇن تۇۋى مەھكەم بولماس،
يالغۇز يىگىت پالۋان بولماس،
بالا تېرىما زامىن بولۇپ بېشىڭغا،
يان پەيلىڭدىن، قايت ئارقاڭغا!
دېيىشىپتۇ ئۇلار.

قالايمىقان سۆزلىمە ئەي ئىت كۇپپار،
ئاستىمدىكى تورۇق ئايغىر جەڭ كۆرسە ئوينار،
ئۇچامدىكى ساۋۇتۇم مۇرەمنى قىسار،
قارا پولات قىلىچىم قىنىنى كېسەر،
ئاتمىش تۇتام ئۇزۇن نەيزەم كۆكسۇڭنى تېشەر،

قاتتىق كىرىچلىك يايىم سېنى ئىنجىقلىتار،
ساداقتىكى ئوقلىرىم ئوقدان تېشەر،
يېنىمدىكى يولداشلىرىم جەڭگە خۇمار،
پالۋان ئەرنى قورقۇتماق ئەيىب گۇناھ،
كەل بۇ ياققا، تۇتۇشايلى ئەي كۆپپار.
دەپتۇ ئەمرەن.

—ئوغۇزنىڭ نومۇسسىزى، تۈركمەننىڭ تەلۋىسىگە ئوخشار، قاراڭلار بۇنى! —دەپتۇ كۆپپارلار.
تەكۇر:
—سوراپ بېقىڭلار، بۇ ئوغۇل بېگىلىنىڭ نېمىسىكەن، —دەپتۇ.
كۆپپارلاردىن بىرى كېلىپ ئەمرەنگە:
ئاستىڭدىكى تورۇق ئايغىر، بېگىلىنىڭدۇر ئۆزى قېنى؟
قولۇڭدىكى پولات قىلىچ، بېگىلىنىڭدۇر ئۆزى قېنى؟
ئۇچاڭدىكى پولات ساۋۇت، بېگىلىنىڭدۇر ئۆزى قېنى؟
يېنىڭدىكى يىگىتلەر بېگىلىنىڭدۇر ئۆزى قېنى؟ . . .
ئەگەر بېگىل ئۆزى بولسا مەيداندا،
ئېلىشاتتۇق چىقىرىپ خۇمارنى،
سىنىشاتتۇق قاتتىق كىرىچلىك يالارنى،
ئېتىشاتتۇق ئاق پەيلىك ئۆتكۈر ئوقلارنى،
ئېيتساڭچۇ سەن بېگىلىنىڭ زادى نېمىسى؟
دەپتۇ.

—بېگىل ئوغلى ئەمرەن شۇنداق جاۋاب قايتۇرۇپتۇ.
—ھەي كۇپپار، سەن مېنى بىلمەمسەن تېخى؟ بايىندىرخان-
نىڭ بەگلەر بېگى سالۇر قازاننىڭ قېرىندىشى قارا گۇنە، قايت-
ماس دۆلەك ئەۋرەن، دۇزەن ئوغلى پالۋان رۇستەم بوز ئاتلىق
بۆرەكلەر بېگىلنىڭ ئۆيىدە شاراب ئىچىشىپ كەيىپ سۇرۇۋاتات-
تى، سەندىن خەۋەر كېلىپ قالدى. بېگىل مېنى تورۇق ئايغىر-
غا مىنگىن دېدى، قارا پولات قىلىچى غەيرەت بەردى، ئاتمىش
تۇتام نەيزىسى ھىممەت بەردى، ئۇچيۈز يىگىتنى يولداش قىل-
دى. بېگىل ئوغلى ئەمرەن دېگەن مەن بولىمەن. بېرى كەل-
گىن، ھەي كۇپپار ئېلىشايلى.
تەكۇر:
—ھەي خۇمپەر، خەپ سېنىڭ ئەدىپىڭنى بەرمىگىنىمنى
كۆرۈپ تۇر،—دەپتۇ-دە، ئالتە قاناتلىق چومىقىنى قولىغا ئې-
لىپ، ئەمرانغا قاراپ ئېتىلىپتۇ. ئەمران قالقىنىنى چوماققا
قارشى تۇتۇپتۇ.
كۇپپارلار ئەمرەنغا قارا قارغىدەك يېپىلىپ كېلىپ قالقاننى
سۇندۇرۇپ تۆلغىسىنى دەسسەپ-چەيلەپ، يۈز-كۆزىنى قانغا مە-
لاپتۇ، لېكىن ئۇنى تۇتالماپتۇ.
توقماق بىلەن ئۇرۇشۇپتۇ، قىلىچ بىلەن چېپىشىپتۇ، مۇ-
رىلىرى توغرىلىنىپتۇ، قىلىچلىرى پارە-پارە بولۇپتۇ. بىر-بى-
رىنى يېڭەلمەپتۇ. پۈپۈكلۈك نەيزە بىلەن ئېلىشىپتۇ، مەيدان
ئارا بۇقىلاردەك ئۇسۇشۇپتۇ، كۆكسىلىرى تىلىنىپتۇ، نەيزىلى-
رى سۇنۇپتۇ، يەنىلا بىر-بىرىنى يېڭەلمەپتۇ. ئات ئۇستىدە تۇتۇ-

شۇپتۇ، پومداقلىشىپ يەرگە يىقىلىپتۇ.

كۆپپار كۈچلۈك كېلىپ، ئەمرەن كۈچ ئىشلىتالماپتۇ. ئۇ خۇدانىڭ بىرلىكىگە سېغىنىپ، ئۇنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى، ئۇلۇغلاردىن ئۇلۇغلۇقىنى مەدھىيىلەپ يېلىنىپ مەدەت تىلەپتۇ.

—ھە، پالۋان، قولغا چۈشتۈڭمۇ ئەمدى! خۇدايىڭغا يالۋۇرۇۋاتامسەن؟ سېنىڭ بىر خۇدايىڭ بولسا، مېنىڭ يەتمىش ئىككى بۇتۇم بار، —دەپتۇ كۆپپار.

—ھەي خۇداغا تىل تەگكۈزگەن لەنتى! —دەپتۇ ئەمرەن، —سەن بۇتلىرىڭغا يالۋۇرساڭ، مەن ئالەمنى يوقتىن بار قىلغان خۇدايىمغا سېغىنىدىم.

ھەقتائالا جەبرائىلغا:

”يا جەبرائىل، بېرىپ يەتكۈز، شۇ قولۇمغا قىرىق باتۇرنىڭ كۈچىنى بەردىم“ —دەپ ۋەھيي قىلىپتۇ.

بۇنىڭ بىلەن ئەمرەن كۆپپارنى سۆرۈپ يەرگە ئۇرۇپتۇ. ئاغزى-بۇرنىنى قان قىلىپتۇ. بوركۆتتەك ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ كارنىيىدىن ئاپتۇ.

—ئامان يىگىت، دىنىڭغا كىردىم، —دەپتۇ كۆپپار ۋە كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى كۆتۈرۈپ، شاھادەت[1] ئېيتىپ مۇسۇلمان بوپتۇ. قالغان كۆپپارلار ئەرۋاھى ئۇچۇپ ئالدى-كەينىگە قارىماي

---

① شاھادەت ئېيتىش—ئىسلامدا ئىماننىڭ بەش ئاساسىي شەرتلىرىدىن بىرىنچىسى بولۇپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: ”ئاللادىن باشقا تەڭرى يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەتنىڭ ئاللانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈردۇم“ دەيدۇ.

قېچىپتۇ. ئىسيانچىلار كۇپپارلارنىڭ تازا ئەدىپىنى بېرىپ، قىز-كېلىنلىرىنى تۇتقۇن قىلىپتۇ.

ئەمرەن ئاتىسىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. ئاقساقاللىق ئاتىسى ئالدىغا چىقىپ، ئوغلىنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. ئوغلىغا كۆز ئالدىدىكى قارا تاغلارنى يايلاق قىلىپ بېرىپتۇ. يۈگۈرۈك ئاتلارنى سوۋغات قىلىپتۇ، ئاق قوي-لارنى سويۇپ زىياپەت بېرىپتۇ. خۇمار كۆزلۈك ئوغلىغا قىزىل ياشماقلىق كېلىن[1] ئاپتۇ. ئاق پېشانىلىك بايىندىرخانغا سوۋ-غا-سالاملارنى ئېلىپ، ئوغلىنى سالامغا ئاپىرىپتۇ. ئوغلى خان قولىنى سۆيۈپ سالام بېرىپتۇ.

خان قازان ئۇنى ئوغلى ئورۇزنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ تون كىيدۈرۈپ مۇبارەكلەپتۇ.

قۇرقۇت ئاتا مۇبارەكلەپ كېلىپ، بۇ ئوغۇزنامىنى تۈزۈپ، بۇ داستان بېگىل ئوغلى ئەمرەننىڭ بولسۇن، دەپ غازىلارنىڭ بېشىغا كەلگەنلەرنى بايان قىلىپ ئۇلارغا بەش كەلىمە دۇئا قىلىپتۇ.

”ئەي خانىم، ئالدىڭدىكى قارا تاغلىرىڭ يىقىلمىسۇن! بۈك-باراقسان ئورمانلىرىڭ كېسىلمىسۇن! ئاللا مۇرادىڭنى ها-سىل قىلسۇن! ھەممە گۇناھلىرىمىزنى ئىسمى مۇبارەك مۇھەم-مەت ھۆرمىتىگە مەغپىرەت قىلسۇن!“

---

[1] ياشماق—ئىككى كۆزنىڭ ئۆدۈلى ئوچۇق چۈمپەردە—ت.

# غازلىق خوجا ئوغلى يەگىنەك

كۆنلەرنىڭ بىرىدە قامغان ئوغلى خان بايىندىر قارا يەرنىڭ ئۈستىگە كەڭ-كۆشادە ئاق ئۆيلەرنى قۇردۇرۇپ، ئالا سايىۋەن-لەرنى ئاسمان-پەلەك تىكتۈرۈپتۇ. مىڭ يەرگە يىپەك زىلچىلارنى سالدۇرۇپ، ئىچ ئوغۇز، سىرت ئوغۇز بەگلىرىنى زىياپەتكە چاقىرىپتۇ.

سۆھبەت راسا قىزىغاندا بايىندىرخاننىڭ غازلىق خوجا دې-گەن ۋەزىرى كەيپ هالدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، خاندىن ئۆزىنى جەڭگە ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىپتۇ.

غازلىق خوجا كۆپنى كۆرگەن. قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم ئىكەن. ئۇ يارامىلىق يىگىتلىرىنى يېنىغا ئېلىپ، هازىر-لىنىپ يولغا چىقىپتۇ. تاغ-داۋانلار ئېشىپ، ساي-جىلغىلار-دىن ئۆتۈپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە قارا دېڭىز بويىدىكى تۇزمۇرد قەلئەسىگە يېقىنلىشىپتۇ.

غازلىق خوجا قەلئەگە بارا-بارمايلا، قەلئە بېگى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ جەڭ ئېلان قىلىپتۇ.

غازلىق خوجا شۇ ئان قوشقار باشلىق قارا ئارغىمىقىنى قامچىلاپ، قارا نىيەت كۈپپارغا قۇيۇندەك ئېتىلىپ بېرىپ گەج-

گىسىگە بىر قىلىچ ئۇرۇپتىكەن تەگمەپتۇ.

نۆۋەت كۇپپارغا كەپتۇ. ئۇ ئاتمىش پاتمان توقمىقىنى* قولىغا ئېلىپ، غازلىق خوجىنىڭ بېشىغا بىرنى ئۇرۇپتىكەن، ئاغزى-بۇرنىدىن ئوقتەك قان كېتىپ ئۆزىنى نەگە قويۇشنى بىلمەي قاپتۇ.

كۇپپارلار غازلىق خوجىنى تۇتۇپ، قەلئەگە ئەكىرىپ كېتىپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن يىگىتلىرى پەرىشان بولۇپ ئالدى-كەينىگە قارىماي قېچىپتۇ.

غازلىق خوجا تۇتقۇن بولۇپ قەلئەدە ئون ئالتە يىل يېتىپ-تۇ. ئۇنىڭ ئاتىسى—پالۋانلار بېشى ئەمىن يەتتە قېتىم بېرىپ ئۇنى قۇتقۇزالماپتۇ.

غازلىق خوجا بايىندىرخاننىڭ قولىنى سۆيۈپ خوشلىشىپ كەتكىنىدە ئۇنىڭ يېشىغا توشمىغان بىر ئوغلى قالغان ئىكەن، بۇ ئوغلاننىڭ ئىسمى يەگىنەك ئىكەن. مانا ئەمدى ئۇ ئون ئالتە يېشىغا كىرىپ يىگىت بوپتۇ. ئۇ ئاتىسىنى ئۆلدى دەپ ئويلايدى-كەن. چۈنكى ئۇنىڭ تۇتقۇن بولغىنىنى ھېچكىم ئۇنىڭغا ئۇقتۇرماپتىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى يەگىنەك بەگلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ، قارا گۈنە ئوغلى قارا پۈتاق بىلەن گەپ تەگىشىپ قاپتۇ. پۈتاق ئوشتۇمتۇتلا:

—بۇ يەردە يوغان سۆزلەپ پو ئاتقىچە، سوقۇشقۇك كەلگەن

* ئاتمىش پاتمان توقماق—ئۈچى زەنجىرلىك توقماق—ت.

بولسا، بېرىپ كۈپپار قولىدىن تۇتقۇن بولغىنىغا ئون ئالتە يىل بولغان ئاتاڭنى قۇتقۇزمامسەن!—دەۋېتىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان يەگىنەكنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ، يۈرەك—باغرى ئۆرتىنىپتۇ. ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ بايىندىرخاننىڭ ئالدىغا بېرىپ، يۈزىنى يەرگە قويۇپ ئۈنى بىر قۇر مەدھىيىلىگەندىن كېيىن:

—مەن ئاتامنى ئۆلگەن دەپ يۈرۈپتىكەنمەن، ئەمدى بىلدىمكى، كۈپپارغا تۇتقۇن ئىكەن. دۆلەتمەن بېشىڭىزنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن، ماڭا لەشكەر قوشۇپ، ئاتام تۇتقۇن بولغان قەلئەگە بېرىشىمغا ئىجازەت بەرگەيسىز،—دەپتۇ.

—يىگىرمە تۆت نەپەر سەركەردە كەلسۇن،—دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ بايىندىرخان.

بۇرۇن تۆمۈر دەرۋازىلىق ئۆتەڭگە بەگ بولغان، پۆپۈكلۈك نەيزە بىلەن مەندۇر مەن دېگەن باتۇرلارنىڭ ئەدىپىنى بەرگەن، رەقىبىگە دۈچ كەلگىنىدە كىملىكىنى سورىمايدىغان قايا سەلچۇق ئوغلى دۈندارنى بىللە بارسۇن دەپتۇ.

ئايغىر كۆزلەر دەرياسىدا ئات ئۈزدۈرگەن، ئەللىك يەتتە قەلئەنىڭ ئاچقۇچىنى ئالغان ئەڭلىك خوجا ئوغلى قايتماس دۆلەك ئەۋرەننى بىللە بارسۇن دەپتۇ.

نامى ئەلگە مەشھۇر ياغرىنجى، ئوغلى ئەلئالمىشنى بىللە بارسۇن دەپتۇ.

ھەر جەڭدە ئۈچ مەرتەم ھۇجۇمغا ئۆتمىسە تۇرالمايدىغان توخسۇن ئوغلى رۇستەمنى بىللە بارسۇن دەپتۇ.

يەر يۈزىنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغا بارىمەن دېگەن سوغان سېرىقنى بىللە بارسۇن دەپتۇ. . .

ئەلھاسىل بايىندىرخان يەگىنەككە يىگىرمە تۆت نەپەر باتۇر سەركەردىنى قوشۇپتۇ.

بەگلەر ھازىرلىقلىرىنى قىلىپ يولغا چىقىپتۇ.

ئۇ كېچە يەگىنەك بىر چۈش كۆرۈپ، ئۇنى يولداشلىرىغا ئۆرۈپ بېرىپتۇ:

”بەگلىرىم، يولداشلىرىم، غەپلەت ئۇيقۇسىغا كېتىپتىكەن-مەن، بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە ئاق بوز ئارغىماقلىق يىگىتلەرنى كۆرۈپتىمەن. ئاق تولغىلىق①پالۋانلارنى يېنىمغا ئې-لىپتىمەن. ئاقساقاللىق قورقۇت ئاتىدىن تەلىم ئېلىپ، قارا تاغلاردىن ئېشىپتىمەن، ياغاچتىن كېمە چېپىپ قارا دېڭىزغا چۈشۈپتىمەن. ئاق كۆڭلىكىمنى يەلكەن قىلىپ، دېڭىزنى يې-رىپ ئۆتۈپتىمەن. قارا تاغنىڭ ئالدىدا كەڭ پېشانىلىك بىر ئەرنى كۆرۈپتىمەن. ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ پۆپۈكلۈك نەيزەم-نى قولۇمغا ئېلىپتىمەن-دە، ئۇنىڭغا سانجىي دېگەن ئەسنادا ”قارا“ دېگەندەك سادا كەپتۇ، قارىسام بوۋام ئەمەس ئىكەن. ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭغا سالام بەرگەندىن كېيىن: «ئوغۇزلاردىن كىم بولىسىز؟»، دەپ سوراپتىمەن.

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قاراپ: ”ئوغلۇم يەگىنەك، نەگە كېتىۋاتىسەن؟“ دەپتۇ. ”تۇزمۇرد قەلئەسىدە ئاتام تۇتقۇن ئى-

① تولغا—ئۇچلۇق تۆمۈر قالپاق—ت.

كەن، ئۇنى قۇتقۇزغىلى كېتىۋاتىمەن.“ دەپتىمەن.
”شۇ چاغدا بوۋام ئۆزىنىڭ يەتتە قېتىم بېرىپ، شىددەتلىك جەڭلەر قىلىپ ئۇ قەلئەنى ئالالمىغانلىقىنى ئېيتىپ، مېنى ئاۋارە بولماي قايتىپ كېتىشكە ئۈندەپتۇ...“
يەگىنەك چۈشىنى، بوۋىسىنىڭ داڭلىق يىگىتلەرنى ئېلىپ بارماي، كۆنلۈكى بەش تەڭگىلىك ياللانما ئەسكەرلەر بىلەن بارغىنى ئۈچۈن ئۇ قەلئەنى ئالالمىغان، دەپ ئۆرۈپ، مۇنداق دەپتۇ:

كېسىپ-كېسىپ يىگىلى قورۇما ياخشى،
يېغىلىقتا قوماندانىنىڭ يۈگۈرۈكى ياخشى.
بىلگىنىنى ئۈنتۇمىغان ئاقىل ياخشى،
رەقىبىدىن يانمىغان باتۇر ياخشى!

شۇنداق قىلىپ ئۇلار يولغا چىقىپ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە تۇزمۇرد قەلئەسىگە بېرىپ چۈشۈپتۇ. بۇلارنى كۆرگەن كۈپپار-لار، ئارشۇن ئوغلى تىرەك تەكۈرگە خەۋەر يەتكۈزۈپتىكەن، ئۇ لەنتىلەر شۇ ئان قەلئەدىن چىقىپ بۇلارغا قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ.
قايا سەلچۇق ئوغلى دۇندار مەيدانغا چىقىپ، ئاتمىش تۇتام پۆپۈكلۈك نەيزىسىنىڭ بىر ئۇچىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ تە-كۈرگە قاراپ ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ كۆكسىگە سانجىماقچى بوپتىكەن، سانجىيالماپتۇ.
تەكۈر ئۇنىڭ نەيزىسىنى قولىدىن يۇلۇپ ئېلىپ، ئاتمىش

پاتمان توقماقنى كۈچ بىلەن بېشىغا ئۇرۇۋېتىكەن، ئۇ ئۆزىنى نەگە قويۇشىنى بىلمەي قاپتۇ. غاز بويۇن ئارغىمىقىنىڭ بېشىنى بۇراپ، لەشكەرلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەپتۇ ۋە ئۇلارنىمۇ تاشلاپ قېچىپتۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن قايتماس دۆلەك ئەۋرەن ئېتىنى ئۆكچىلەپ كېلىپ، ئالتە قاناتلىق چومىقى بىلەن تەكۈرنىڭ بېشىغا بىرنى ئۇرۇۋېتىكەن، تەگمەپتۇ، تەكۈر ئۇنىڭ چومىقىنى تارتىپ ئېلىپ، ئۆزىنىڭ توقمىقى بىلەن دۈمبىسىگە بىرنى ئۇرۇۋېتىكەن، ئۇمۇ ئېتىنى ئارانلا كەينىگە بۇراپ ئاپتۇ. شۇنداق قىلىپ تۆت سەركەردە تەكۈرنىڭ قولىدا ھالسىزلىنىپتۇ.

ئەمدى غازلىق خوجا ئوغلى يەگىنەك مەيدانغا چۈشۈپتۇ. ياش يىگىت ئۇلۇغ تەڭرىگە مەدھىيە ئوقۇغاندىن كېيىن ”ئاللا، ئىشىمنى ئۆزۈڭ ئوڭلا“ دەپ مەدەت تىلەپتۇ. . .

ھايت-ھۇيت دېگۈچە يەگىنەك قارا تونلۇق كۆپپارغا ئات چاپتۇرۇپ قويۇندەك ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ يەلكىسىگە بىر قىلىچ ئۇرۇۋېتىكەن، كۆپپارنىڭ تۆمۈر ساۋۇتىدىن ئۆتۈپ، ئالتە ئىلىك چوڭقۇر يېتىپتۇ. قارا قېنى شۇرقىراپ ئېقىپ، كۆن ئۆتۈكىنىڭ قونجىغا تولۇپتۇ. تەكۈرنىڭ بېشى يېرىلىپ قىيىن ئەھۋالغا قاپتۇ. ئۇ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ قەلئەگە قاراپ قۇيرۇقىنى خادا قىلىپتۇ. يەگىنەك ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ، قەلئە دەرۋازىسىغا بارغاندا يېتىشىۋاپتۇ ۋە قارا پولات قىلىچى بىلەن گەجگىسىگە بىرنى ئۇرۇۋېتىكەن، بېشى توپتەك دومىلاپ ئالدىغا چۈشۈپتۇ.

يەگىنەك ئىتنىڭ بىشىنى بۇراپ يىگىتلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن كۇپپارلار تۇتقۇن بولغان غازلىق خوجىنى قويۇپ بېرىپتۇ. ئۇ چىقىپ:

—ھەي بەگ يىگىتلەر، تەكۇزنى قايسىڭلار ئۆلتۈر-دۈڭلار؟—دەپ سورىغاندىن كېيىن:

قايتا پاننىڭ ھىنگانلىرى يۇكلۇك ئىدى،
نارمىدۇ، ھىنگانمىدۇ ئۇنى بىلسەم!
يېلىنلىك قارا قويلىرىم يۇكلۇك ئىدى،
قوشقارمىدۇ، ساغلىقمىدۇ ئۇنى بىلسەم!
خۇمار كۆزلۇك ھالىلىم يۇكلۇك ئىدى،
ئوغۇلمىدۇ، قىزمىدۇ ئۇنى بىلسەم!

دەپتىكەن، يەگىنەك ئاتىسىغا ئۆزىنى مەلۇم قىلماي:

قايتا پاننىڭ ھىنگانلىرى يۇكلۇك بولسا نار بولدى:
يېلىنلىك قارا قويلىرىڭىز يۇكلۇك بولسا قوشقار بولدى،
خۇمار كۆزلۇك ھالىلىڭىز يۇكلۇك بولسا ئارسلان بولدى.

دەپتۇ.

يەگىنەك ئاتىسى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ...

شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىرلىكتە قەلئەگە ھۇجۇم قىلىپ كۇپپارلارنى تارمار قىلىپتۇ.

يەگىنەك ئاتىسى بىلەن قايتا گىرەلىشىپ تەڭرىگە شۇكۇر-

لەر قىلىشىپتۇ.

قەلئەنى ئېلىپ، بۇتخانىلارنى چېقىپ، ئورنىغا مەسچىت-لەرنى سېلىپ، ئەزانلار ئېيتقۇزۇپتۇ. خۇدا يولىدا خوتبىلەر ئوقۇتۇپتۇ. بايىندىرخانغا قوماشلارنىڭ ئېسىلىدىن تونلار كىيە-گۈزۈپ، قۇشنىڭ قىزىل قېنىدىن تارتىپ، قىزلارنىڭ گۈزىلە-گىچە سوۋغا-سالاملار كەلتۈرۈپتۇ.

قورقۇت ئاتا كېلىپ، قۇشاق قوشۇپ، بېيىت ئېيتىپ: ”بۇ ئوغۇزنامە يەگىنەكنىڭ بولسۇن، مەندىن كېيىنكىلەر تىلـ-دىن-تىلغا، سازدىن-سازغا ئالسۇن، پېشانىسى ئوچۇق مەرد-مەردانىلەرگە يادنامە بولسۇن، ئالدىڭدىكى قارا تاغلىرىڭ يىقىل-مىسۇن! بۇك-باراقسان ئورمانلىرىڭ كېسىلمىسۇن! ئاقساقال-لىق ئاتاڭ يېرى بېھىش بولسۇن، ئاق چاچلىق ئاناڭنىڭ يېرى جەننەت بولسۇن، ئۇ دۇنيادا ئىماندىن ئايرىلمىسۇن. ئاق پېشا-نەڭگە بەش كەلىمە دۇئا قىلدۇق قوبۇل بولسۇن! گۇناھلىرىمىز-نى ئىسمى مۇبارەك مۇھەممەت مۇستاپا ھۆرمىتىگە مەغپىرەت قىلسۇن! — دەپتۇ.

# ئۈشۈن خوجا ئوغلى سەگرەك

ئۇغۇزلار زامانىدا ئۈشۈن خوجا دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ئۆمرىدە ئىككى ئوغۇل كۆرۈپتىكەن. چوڭ ئوغلى ئەگرەك قارام، باتۇر يىگىت بولۇپ، بايىندىرخاننىڭ ھۇزۇرىغا خالىغان ۋاقىتتا كىرىپ-چىقالايدىكەن. بەگلەر بېگى قازاننىڭ ھۇزۇرىدىمۇ ئۇنىڭغا ھەممە ئىشىكلەر ئوچۇق ئىكەن. تالاي بەگلەرنى پەگاھتا قويۇپ قازاننىڭ ئالدىغا بېرىپ ئولتۇرالايدىكەن. ھېچكىمدىن تەپتارتمايدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ يەنە بەگلەرنىڭ يۇقىرىسىغا چىقىپ ئولتۇرغىنىدا تەرس ئۇزامىش ئىسىملىك بىر يىگىت:

— ھەي ئۈشۈن خوجا ئوغلى، بۇ يەردىكى بەگلەرنىڭ ھەممىسى ئولتۇرغان ئورنىنى قىلىچ بىلەن ئالغان. سەن باش ئېلىپ، قان تۆكتۈڭمۇ ياكى ئاچنى تويدۇرۇپ، يالىڭاچنى كىيىندۈردۈڭمۇ؟ — دەپتۇ.

— ھەي تەرس ئۇزامىش، — دەپتۇ ئەگرەك، — كاللا ئېلىپ قان تۆكمەكمۇ ھۈنەرمىكەن!

— ئەلۋەتتە ھۈنەر-دە! — دەپتۇ تەرس ئۇزامىش. ئۇنىڭ سۆزى ئەگرەككە تەسىر قىلىپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قازان بەگدىن جەڭگە ئىجازەت سوراپتۇ.

قازان بەگ ئىجازەت بېرىپ چاقىرىق قىلىپتۇ، جەڭ باشلىنىپتۇ.

ئۈچ يۈز يىگىت ئوقلىرىنى پارقىرىتىپ ئۇنىڭ يېنىدا ھازىر بوپتۇ، مەيخانىدا بەش كۈن زىياپەت بېرىلىپتۇ.

ئۇلار شۇرۇگىنىڭ بىر چېتىدىن كۆك دېڭىزغىچە قول يەتكۈزۈپ مۇرادى ھاسىل بوپتۇ. يول ئۈستىدە ئالىنجا قەلئەسىنى بېسىپ ئۆتۈپتۇ. قارا تەكۇر ئۇ يەردە بىر قورۇق تام ياسىتىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە توخۇ، ئۆردەكتىن، كېيىك-توشقانغىچە تولدۇرۇپ، ئوغۇز بەگلىرىگە بىر تۇزاق قۇرغان ئىكەن. ئۇشۇن خوجا ئوغلى بۇ يەردىن ئۆتكەندە قورۇقنىڭ ئىشىكىنى چېقىپ، كېيىك، غاز، توخۇلارنى يەپتۇ، ئىچىپتۇ، ئاتلىرىنىڭ ئېگەر-توقۇملىرىنى ئېلىشىپ، شۇ يەردە قونۇپتۇ.

ھالبۇكى بۇنى كۆرگەن قارا تەكۇرنىڭ جاسۇسى تەكۇرگە خەۋەر يەتكۈزۈپ:

— ئوغۇزدىن بىر توپ ئاتلىق كېلىپ قورۇقنىڭ ئىشىكىنى چاقتى. ئاتلىرىنىڭ ئېگەر-توقۇملىرىنى ئېلىپ، يېشىنىپ يېتىشتى. نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر؟ — دەپتۇ.

قارا تونلۇق ئالتە يۈز كۇپپار بۇلارغا قارشى كېلىپتۇ. يىگىتلەرنى قىرىپ، ئەگرەكنى تۇتۇپ ئالىنجا قەلئەسىگە ئېلىپ بېرىپ زىندانغا تاشلاپتۇ.

قارا تاغلاردىن خەۋەر ئېشىپتۇ، قانلىق سۇلاردىن خەۋەر تېشىپتۇ. ئوغۇز ئەللىرىگە خەۋەر يېتىپتۇ. ئۇشۇن خوجىنىڭ ئوتىقىنى ماتەم بېسىپتۇ. قىز-كېلىنلىرى قارا كىيىپ ئاق

باغلاپتۇ. ئۇشۇن خوجا بىلەن ئاق يۇزلۇك ئانىسى يىغلاپ قاقشاپتۇ...

ۋاقىت ئاتقان ئوقتەك ئۆتۈپتۇ. ئۇشۇن خوجىنىڭ كىچىك ئوغلى سەگرەكمۇ باتۇر يىگىت بولۇپ يېتىشىپتۇ. بىر كۈنى ئۇنىڭ يولى بىر سورۇنغا دۇچ كېلىپتۇ. ئۇ يەردە قونۇپ زىيا-پەتتە بوپتۇ؛ بۇ ئاخشام كەيپ بولۇپ قېلىپتۇ. تاشقىرىغا چىق-سا، بىر ئوغۇل بالا بىر نوچى بىلەن گەپ تەگىشىۋاتقان ئىكەن، ئۇ: ”نېمە بولۇشتۇڭ“ دەپ ھەر ئىككىسىگە بىردىن كاچات ئۇرۇپتۇ.

”قېرى شاتۇتنىڭ پىتى يامان، مەست بولغاننىڭ تىلى“ دېگەندەك، ئۇلارنىڭ بىرى:

—بىزنىڭ مەستلىكىمىز يەتمەمدۇ، نېمىشقا ئۇرىسەن؟ بىگىسلىڭ بولسا، ئالىنجا قەلئەسىدىكى تۇتقۇن ئاكاڭنى قۇتۇل-دۇرمامسەن، —دەپتۇ.

—ئۇنىڭ ئىسمى نېمە؟—دەپ سوراپ بېقىپتۇ سەگرەك.

—ئەگرەك، —دەپتۇ ئۇ.

”ئەگرەككە سەگرەك نېمىدېگەن يېقىن. دېمەك، ئاكام ھايات ئىكەن. خاتىرجەم بولدۇم. قارا كۆزۈمنىڭ يورۇقى قې-رىندىشىم سەنسىز ئوغۇز ئېلىدە ھايات يوق ماڭا“ دەپ كۆز ياش قىلغاندىن كېيىن، ئىچكىرىگە كىرىپ ئىجازەت سوراپ، بەگ-لەرگە ”خوش“ ئېيتىپ، ئېتىغا مىنىپ قايتىپتۇ.

سەگرەك ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئاتتىن چۈشۈپ، قو-لىنى سۆيۈپ سالام بېرىپ، بارغان-كەلگىنىدىن بايان قىلغاندىن

كېيىن ئانىسىنى سىناپ، ئەگەرەك ئىسىملىك يىگىتنىڭ ئۆزۈنـ
ـدىن بېرى تۇتقۇندا ئىكەنلىكى، ئۇلۇغ تەڭرى يول بېرىپ،
قۇتۇلۇپ چىققانلىقى، چوڭ-كىچىك ھەممەيلەننىڭ ئۇ يىگىتنىڭ
ئالدىغا كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۆزىنىڭمۇ بېرىشىغا ئىجازەت
سوراپتۇ.

ئانىسى ئوغلىنىڭ ئەكەلگەن خۇش خەۋىرىگە خۇشلۇقىدا
ئېيتىمىغىنى قالماپتۇ ۋە:

— ئوغۇز بەگلىرى بارسا سەنمۇ بار، لېكىن ئۇ يىگىتنىڭ
يېنىغا بارغىنىڭدا ئاق بوز ئېتىڭدىن يەرگە چۈشۈپ، قولۇڭنى
قوۋۇشتۇرۇپ سالام بەر ۋە قولىنى سۆيۈپ بوينىنى قۇچاقلاپ،
قارا تېنىمنىڭ چوققىسى قېرىنداشىم دېيىشنى ئۇنتۇما! — دەپ
ئۆگىتىپتۇ.

بۇ سۆزلەرنىڭ تېگىگە چۈشەنگەن سەگرەك ئاكىسىنىڭ بارـ
لىقىنى بۇگۇنگىچە يوشۇرۇپ كەلگەن ئانىسىغا قاتتىق كايىپ:

ئاغزىڭ قۇرۇسۇن ئانا،
تىلىڭ چىرىسۇن ئانا!
قىرىنداشسىز ئوغۇز ئېلىدە ھايات يوق ماڭا،
غېمىم يوق، دېمەك، ئاكام بار ئىكەن مانا.
ئانا ھەققى خۇدا ھەققى بولمىسا ئىدى،
قارا پولات قىلىچىمنى ئۇرار ئىدىم،
كاللاڭنى تېنىڭدىن ئۈزەر ئىدىم،
قىزىل قېنىڭنى يەر يۈزىگە تۆكەر ئىدىم!

—خاتا ئاڭلاپسەن ئوغلۇم، قىچىپ چىققان سىنىڭ ئاكاڭ ئەمەس، باشقا بىرى بولسا كېرەك. ئاقساقاللىق ئاتاڭ بىلەن ئاق باش ئاناڭنى يىغلاتمىغىن، —دەپتۇ ئانىسى.

سەگرەك:

ئۈچ يۈز ئاتمىش ئالتە پالۋان ئوۋغا چىقسا،
بۈغا-مارال ئۈستىدە غوۋغا قىلساق،
قېرىنىدىشى بار يىگىتلەر بىمالال چىقار،
قېرىنداشسىز مىسكىن يىگىتكە بىر مۈشت تەگسە،
تۆت يېنىغا تەلمۈرۈپ ئاچچىق ياش تۆكەر.
خۇمار كۆزلۈك ئوغلىڭىزنى كۆرگۈچە،
ئامان بولۇڭ بەگ ئاتا، خانىم ئانام!

دەپتۇ.

—خاتا ئاڭلاپسەن، بارمىغىن ئوغلۇم، —دېيىشىپتۇ ئاتا-ئانىسى.

—مېنى يولدىن توسماڭلار، —دەپتۇ ئوغلى، —ئاكام بار قەلئەگە بارمىغۇچە، ئاكامنىڭ ئۆلۈك-تىرىكىنى بىلمىگۈچە، ئۆلگەن بولسا قېنىغا قان ئالمىغۇچە، ئوغۇز ئېلىگە كېلىشىم يوق.

ئاتا-ئانىسى كۆز ياش قىلىشىپ، قازانغا ئادەم ئەۋەتىپ: ”ئوغلىمىز ئاكىسىنى سېغىنىپتۇ، ئۇنىڭ يېنىغا بارىمەن دەيدۇ، سىزنىڭ پىكرىڭىز قانداق؟“ دەپ سورىتىپتۇ.

”ئايغىنى چۈشەپ قويۇڭلار“ دەپتۇ قازان بەگ.

ئوغلىنىڭ لايىقى بار ئىكەن، دەرھال ئۇلارنىڭ بېشىنى چېتىپ، تۆگىدىن بۇغرا، ئاتتىن ئايغىر، قويدىن قوشقارلار سويدۇرۇپ، ئوغۇل بىلەن كېلىننى بىر ھۇجرىغا كىرگۈزۈپتۇ، لېكىن ئوغۇل قىلىچىنى قىنىدىن چىقىرىپ قىز بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىغا قويۇپ يېتىپتۇ.

—يىگىتىم، ئارىمىزدىن قىلىچىڭنى ئېلىۋەت! مۇرادىمغا يەتكۈز مېنى، ئۆزۈڭمۇ يەت. ئال مېنى قۇچىقىڭغا، قىلما بىتاقەت! —دەپتۇ قىز.

ئوغۇل:

—ھەي قىز، نېرى تۇر مەندىن، ئاكامنىڭ دىدارىنى كۆرمىگۈچە، ئۆلگەن بولسا قېنىغا قان ئالمىغۇچە بۇ ھۇجرىغا كىرسەم قىلىچىم بوينۇمدا، ئوقۇم كۆكسۈمدە بولسۇن. ئوغلۇممۇ تۇغۇلماي قالسۇن، تۇغۇلسىمۇ ئۆمرى ئون بەشتىن ئاشمىسۇن، —دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، شاھۋاز ئارغىماقتىن بىرنى ئىگەرلەپتۇ ۋە:

—سەن مېنى بىر يىل كۈت، بىر يىلدا كەلمىسەم ئىككى يىل كۈت، ئىككى يىلدا كەلمىسەم ئۈچ يىل كۈت، يەنە كەلمىسەم ئۆلۈپتۇ دەپ بىل ۋە ئارغىمىقىمنى سويۇپ نەزىرىمنى قىل، كۆزۈڭ كىمگە چۈشسە، كۆڭلۈڭ كىمنى سۆيسە ئۇنىڭ بىلەن كۆل! —دەپتۇ.

قىز ئۇنىڭغا يىلىنىپتۇ:

يىگىتىم مەن سېنى بىر يىل كۈتەي،

بىر يىلدا كەلمىسەڭ ئىككى يىل كۈتەي،
ئىككى يىلدا كەلمىسەڭ ئۈچ-تۆت يىل كۈتەي.
ئالتە يول ئاغزىغا چېدىر تىكەي،
ئۆتكەن-كەچكەندىن خەۋەر كۈتەي،
خۇش خەۋەر ئەكەلگەنگە ئات مىندۈرۈپ، تون كىيدۈرەي.
شۇم خەۋەر ئەكەلگەننىڭ كاللىسىنى كېسەي.
ۋۇجۇدۇمغا ئەركەك چىۋىننىمۇ قوندۇرماي،
مۇرادىڭغا يېتىپ كەتكىن، مەنمۇ يېتەي.

—ھەي غەرەز ئۇقمايدىغان قىز، ئاكام ئۇچۇن قەسەم قىلـ
دىم، سۆزۈمدىن يانمايمەن! —دەپتۇ ئوغۇل.
كېلىن قىز: ”بەختسىز كېلىن دېگەندىن كۆرە، تارتىنماس
كېلىن دېسۇن مېنى، قېيىناتام بىلەن قېيىنانامغا ئېيتاي بۇنى.
“ دەپتۇ:

ئاتامدىن چارە قېيناتا،
ئانامدىن چارە قېيىنانا،
قايتاپاننىڭ بۇغراسى ئۈركۈپ كەتكۈدەك.
كارۋان ئۇنى قايتۇرالمىدى.
قارا قۇچنىڭ ئايغىرى ئۈركۈپ قاچقۇدەك،
يىلقىچى ئۇنى توسۇيالمىدى.
قوتاندىكى قارا قوشقار ئۈركۈپ كەتكۈدەك،
پادىچى ئۇنى قايتۇرالمىدى.

خۇمار كۆزلۈك ئوغلۇڭلار ئاكىسىنى ئىزلەپ كەتكۇدەك،
ساھىبجامال كېلىنىڭلار تۇتۇپ ئالالمىدى.
بۇنى سىلەرگە مەلۇم قىلماي ئامال بولمىدى!

ئاتا-ئانىسى ئاھ ئۇرۇپ يالۋۇرۇپ ئالدىنى توسۇپ "كەتمە ئوغلۇم" دەپ يىغلاشسىمۇ كار قىلماپتۇ.

— ئاكام تۇتقۇن قىلىنغان قەلئەگە زادى بارماي قويماي-مەن، — دەپتۇ ئۇ.

— بارغىن ئوغلۇم، يولۇڭ بولسۇن، ئامان-ئېسەن بېرىپ كەلگىلى نېسىپ بولسۇن، — دېيىشىپ قاپتۇ ئاتا-ئانىسى.

سەگرەك ئاتا-ئانىسىنىڭ قوللىرىغا سۆيۈپ خوشلىشىپ، قوشقار باش قارا ئارغىمىقىنى مىنىپ، كېچە دېمەپتۇ، كۈندۈز دېمەپتۇ، ئۈچ كېچە-كۈندۈز يۈرۈپ سامىلىق جىرا دېگەن يەردىن ئۆتۈپ، قېرىنىدىشى قامالغان جايغا كەپتۇ. قارىسا يىلقىچى ۋە بايتال باققۇچى كۈپپارلار يۈرگەن ئىكەن، ئالتە كۈپپارنى قى-لىچلاپ، جەڭ دۇمباقلىرىنى گۇمبۇرلىتىپ، بايتاللارنى ئالدىغا سېلىپ ھېلىقى قورۇق تامغا ئەكىلىپتۇ.

بۇ يىگىت كېچە-كۈندۈز يول مېڭىپ چارچاپ كەتكەچكە كۆزلىرىنى ئۇيقۇ بېسىپتۇ ۋە ئېتىنىڭ تىزگىنىنى بېلىگە باغلاپ يېتىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ھالبۇكى، كۈپپارلارنىڭ جاسۇسى تەكۈرگە كېلىپ:

"ئوغۇزدىن بىر قارام يىگىت كېلىپ يىلقىچىلارنى ئۆلتۈ-رۈپ، بايتاللارنى ھەيدەپ كەتتى." دەپ خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ.

—ئاتمىش ئادەمنى پۇختا قوراللاندۇرۇپ ئەۋەتىڭلار، ئۇ-لارنى تۇتۇپ كەلسۇن، —دەپتۇ تەكۇر.

قوراللىق ئاتمىش ئادەم تاللىنىپ يولغا چىقىپتۇ. تۆمۇر ساۋۇتلۇق ئاتمىش كۇپار يىگىتنىڭ ئۇستىدىن تۇيۇقسىز چۇشۇپتۇ.

”كىيىم پىچىلىشتىن، ئات كىشنىشىدىن مەلۇم.“

«ئات قۇلىقىدىن سىزىپتۇ.» سەگرەكنىڭ ئارغىمىقى كىشنەپ ئۇنى ئويغىتىۋېتىپتۇ. سەگرەك كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، بىر توپ ئاتلىق كېلىۋېتىپتۇ. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئىسمى مۇبارەك مۇھەممەتكە سالاۋات ئېيتىپ ئېتىغا مىنىپتۇ-دە، قارا تونلۇق كۇپپارلارنى قىلىچلاپ، كاللىسىنى قەلئەگە دۆۋىلەپتۇ.

ئۇ ئۇيقۇسىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۇچۇن بايىقى ئورنىغا بې-رىپ يەنە ئېتىنىڭ تىزگىنىنى بىلىكىگە باغلاپ يېتىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ئامان قالغان كۇپپارلار قېچىپ تەكۇرنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

—يۇزۇڭلارغا ”تۇفى“. . . ئاتمىشىڭلار بىر ئوغۇلنى تۇتال-مىدىڭلارمۇ! —دەپتۇ تەكۇر.

ئىككىنچى قېتىم سەگرەككە يۇز كۇپپار ئەۋەتىپتۇ. ئۇنىڭ ئارغىمىقى يەنە ئەنسىز كىشنەپ ئويغىتىۋېتىپتۇ. قارىسا يەنە كۇپپارلار لەشكەر تارتىپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇ-رۇپ، ئېتىغا مىنىپ، مۇھەممەت مۇستاپاغا سالاۋات ئېيتىپ، ئالدىغا كەلگەن كۇپپارنى بىرنى قويماي قىلىچلاپ، تېنىنى قەل-

ئەگە دۈۋىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئېتىنى بۇراپ، ھېلىقى قونغان يېرىگە بېرىپ يەنە ئېتىنىڭ تىزگىنىنى بىلىكىگە باغلاپ يېتىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

بۇ قېتىم ئات ئۇنىڭ بىلىكىدىن بوشىنىپ كېتىپ قاپتۇ.

كۇپپارلار تەكۇرنىڭ ئالدىغا يەنە كەلمەكچى بولۇپتۇ.

—ئەمدى ئۇچ يۇز ئادەم بارسۇن،—دەپتۇ تەكۇر.

—بارالمايمىز، ھەممىمىزنى قىرىپ، كۇلىمىزنى كۆككە سورۇيدۇ،—دېيىشىپتۇ كۇپپارلار.

—ئۇنداق بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟ ھېلىقى تۇتقۇننى چىقىرىپ، ساۋۇت كىيدۇرۇپ ئاتقا مىندۇرۇڭلار-دە، ئۆز گۆ-شىنى ئۆز يېغىدا قورۇيلى،—دەپتۇ تەكۇر.

ئەگرەكىنىڭ يېنىغا ئادەم كېلىپ ئۇنىڭغا:

—يىگىت، تەكۇر ساڭا ھىممەت قولىنى سۇندى. بۇ يەردە بىر تەلۋە ئۆتكەن-كەچكەنگە، چوپان—چولۇققا كۇن بەرمەيۋاتى-دۇ. ئۇنى تۇتۇپ كاللىسىنى ئالساڭ سېنى قويۇۋېتى-مىز،—دەپتۇ.

—خوپ، ماقۇل،—دەپتۇ يىگىت.

كۇپپارلار ئەگرەكىنى زىنداندىن چىقىرىپ، چاچ-ساقاللىرى-نى ئالدۇرۇپ، بىر قۇر ساۋۇت كىيدۇرۇپ، ياخشى ئاتقا مىن-دۇرۇپ، قولىغا ئۆتكۇر قىلىچ تۇتقۇزۇپ يولغا چىقىرىپتۇ. ئۇچ يۇز كۇپپار ئۇنىڭغا يولداش بولۇپتۇ.

ئۇلار سەگرەكىنىڭ بار يېرىگە كېلىپتۇ. ئۇچ يۇز كۇپپار كەڭ بىر سەينادا توختاپتۇ.

—قېنى ئۇ تەلۋە؟ —دەپتۇ ئەگرەك.
يىراقتىن كۆرسىتىپتۇ كۇپپارلار.
—يۇرۇڭلار بېرىپ تۇتايلى.
—تەكۇر سېنى بۇيرۇدى، ئۆزۈڭ بار.
—ئۇ ئۇخلاۋېتىپتۇ، قورقماڭلار.
—نەدە ئۇخلىسۇن، قولتۇقىنىڭ ئاستىدىن قاراپ ياتىدۇ. ھېلى ئورنىدىن تۇرسا، بۇ كەڭ سەينا بىزگە تار كېلىپ قالارمىكىن!
—ئۇنداق بولسا، مەن بېرىپ قول-پۇتىنى باغلاي، ئاندىن سىلەر كېلىڭلار، —دەپتۇ ئەگرەك.
ئۇ كۇپپارلارنىڭ ئارىسىدىن چاچراپ چىقىپ، ئات چاپتۇرۇپ بۇ يىگىتنىڭ يېنىغا كېلىپتۇ ۋە ئېتىدىن چۈشۈپ چۇلۋۇرىنى بىر تالغا ئېلىپ قويۇپ قارىسا، ئون تۆت كۈنلۈك ئايدەك سۇباتلىق خۇمار كۆز بىر ياش يىگىت باش-كۆزىنى مۇنچاق-مۇنچاق تەر باسقان ھالدا بەخىراماں ئۇخلاۋېتىپتۇ. ئەگرەك يېنىغا كېلىپ قارىسا، بېلىدە قوۋۇزى بار ئىكەن. قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭ نەسەبلىك ئوغۇز ئېلىدىن كەلگەن يىگىت ئىكەنلىكىنى بىلىپ:
—ئەتراپىڭنى كۇپپار قاپلىدى، سەن كىم، يىگىت؟ غاپىل بولماي بېشىڭنى كۆتۈر يىگىت، —دەپ چېلىشقا باشلاپتۇ.
سەگرەك چۆچۈپ كۆزىنى ئېچىپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۇنى چېپىپ تاشلاي دەپ قولىنى قىلىچىغا ئۇزىتىشىغا، ئۇنىڭ قولىدىكى قوۋۇزغا كۆزى چۈشۈپتۇ-دە:

—ھەي كۆپپار، خەير قولۇڭدا قورقۇت ئاتام بەرگەن قوۋۇز بار ئىكەن. ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن رەھىم قىلدىم. ئۇنداق بولمىغاندا، ئاكامنىڭ ئىنتىقامى ئۈچۈن تېنىڭنى ئىككى پارە قىلىپ تاشلايتتىم، —دېگىنىچە قوۋۇزنى قولىدىن تارتىۋېلىپ شۇنداق دەپتۇ:

تالڭ بىلەن تەڭ يولغا چىققىنىم قېرىنداش دەپ،
ئاق بوز ئاتنى چاپتۇردۇم قېرىنداش دەپ،
بۇ قەلئەدە تۇتقۇن بارمۇ ئېيتقىن ماڭا،
سادىغاڭ كېتەي ياش جېنىم قۇربان ساڭا.

شۇ چاغدا ئاكىسى ئەگرەك:

تىلىڭدىن ئايلىناي قېرىنداش،
دىلىڭدىن ئايلىناي قېرىنداش.
كېلىشىڭنى سورار بولسام، يۇرتۇڭ قەيەردۇر؟
قاراڭغۇدا يول ئاداشساڭ ئۈمىدىڭ نەدۇر؟
ئېگىز ئەلەم قادىغان خاندانىڭ كىمدۇر؟
تاغنى تالقان قىلغان پالۋانىڭ كىمدۇر؟
باتۇر يىگىت سېنىڭ ئاتا-ئاناڭ كىمدۇر؟
باتۇر نامىنى يوشۇرماس، ئىسمىڭ نېمەدۇر؟

دېگەندىن كېيىن يەنە شۇلارنى سوراپتۇ:

قايتاپاندا تۆگە باققان تۆگىچىمۇ سەن؟
قارا قۇشتا يىلقا باققان يىلقىچىمۇسەن؟
بۆشۈكىدە قىپقالغان قىرىندىشىمۇ سەن؟
ئېيتقىن يىگىت ھەممىنى بىر-بىرلەپ ماڭا!
سادىغاڭ كېتەي قارا بېشىم قۇربان ساڭا!

سەگرەك ئاكىسىغا جاۋاب قايتۇرۇپ:

قاراڭغۇدا يول ئاداشسام ئۇمىدىم ئاللا!
ئاتام ئىسمىنى سورىساڭ ئۇشۇن خوجا!
سەركەردار خانىمىز بايىندىرخان!
تەڭدىشى يوق باتۇرىمىز سولۇر قازان!
سەگرەك بولغاي ئىسمىمنى سورىساڭ،
ئەگرەك دەپ ئاكامىمۇ بولغان!

دېگەندىن كېيىن يەنە شۇنداق دەپتۇ:

قايتاپاندا تۆگە باققان تۆگىچىڭمەن،
قارا قۇشتا يىلقا باققان يىلقىچىڭمەن،
بۆشۈكىدە قىپقالغان قىرىنداشىڭمەن.

شۇ چاغدا ئاكىسى ئەگرەك:

تىلىڭدىن ئايلىناي قېرىندىشىم،
دىلىڭدىن ئايلىناي قېرىندىشىم،
ئەر بولدۇڭمۇ، يىگىت بولدۇڭمۇ؟
ياقا يۇرتقا قېرىندىشىڭنى ئىزلەپ كەلدىڭمۇ؟

دېگىنىچە قېرىندىشىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ.

ئىككى قېرىنداش قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئەگەرەك ئىنىسىنىڭ مەڭزىلىرىگە سۆيۈپتۇ، سەگرەكمۇ ئاكىسىنىڭ قولىنى سۆيۈپتۇ.

نېرىدا قارىشىپ تۇرغان كۆپپارلار ”مانا ئەمدى تۇتۇشتى. بىزنىڭ يېڭىپ چىقمىسا ھېساب ئەمەس.“ دېيىشىپ، قىن-قىنىغا پاتماي تۇرۇشۇپتىكەن. ھالبۇكى، ئۇلار ئاتلىرىغا مىنىشىپ، قارا تونلۇق ئۈچ يۈز كۆپپارغا قاراپ قىلىچ ئوينىتىپ كەلگەن پېتى شۇڭقاردەك ئېتىلىپ، بىرنى قويماي قىرىپ، ئۆلۈكلىرىنى قەلئەگە سوۋغات قىلىپتۇ. ئاندىن داقا-دۇمباقلارنى چېلىپ ھېلىقى قورۇق تامغا كىرىپ، بايتاللارنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېتىپتۇ. شاملىق جىرا سۇيىدىن ئۆتۈپ، كېچە-كۈندۈزلەپ مېڭىپ ئوغۇز چېگرىسىغا يېتىپ كەپتۇ.

سەگرەك قانلىق كۆپپار قولىدىن قېرىندىشىنى قۇتۇلدۇرۇپ، ئاقساقاللىق ئاتىسىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ.

ئۇشۇن خوجىغا ئۇلاغ كېلىپتۇ. داقا-دۇمباقلار ئۇرۇلۇپ،

ئالتۇن رەڭ تۈچ سۇنايلار چېلىنىپتۇ. چوڭ ئوتاقلار تىكىلىپ-تۇ. تۆگىدىن بۇغرا، ئاتتىن ئايغىر، قويدىن قوشقارلار سويۇ-لۇپتۇ.

خوجا بەگ ئوغۇللىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. ئېتىدىن چۈ-شۈپ ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، گىرەلىشىپ سالامـ-لىشىپتۇ. ئامان-ئېسەنلىك سورىشىپ، تۇڭلۇكى ئالتۇن ئوردى-سىغا كېلىشىپتۇ.

ئوردىدا كاتتا زىياپەت، نەغمە-ناۋالار بولۇپتۇ. چوڭ ئوغلى-غىمۇ ساھىبجامال كېلىن ئاپتۇ. ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەن بىر-بى-رىگە قولداش بوپتۇ. ھۇجرىلىرىغا كىرىشىپ، مۇراد-مەقسەتلى-رىگە يېتىشىپتۇ.

دەدە قورقۇت كېلىپ قوشاق قوشۇپ، بېيىت ئېيتىپ:

— ... ھەرقانچە ئۇزۇن ئۆمۈرنىڭ ئاقىۋىتى ئۆلۈم! ئۆ-لۈم نۆۋىتى كەلگەندە خۇدا ئىمانىمىزدىن ئايرىمىسۇن! گۇناھلى-رىمىزنى مۇھەممەت مۇستاپا ھۆرمىتىگە مەغپىرەت قىلسۇن! ئامىن دېگەنلەر تەڭرىنىڭ جامالىنى كۆرسۇن! دەپتۇ.

# ئوغۇز ئەپسانىسى

بىزنىڭ نە پادىشاھنىڭكىدەك پەرمانىمىز، نە لوقمانىنىڭكىدەك دەرمانىمىز يوق. سازدىن-سۆزدىن ئاڭلىغانلارغا، ئاق-قارىنى ئايرىغانلارغا داستانلارنىڭ بېشى بولغان بىر داستانىمىز ئوغۇز داستانى، بار. بۇ داستان بىر يايلاق. . . بۇ داستان بىر بۇلاق. . . تارىخلار بۇ يايلاقتىن كېچەر، ئەپسانىلەر بۇ بۇلاقتىن سۇ ئىچەر. سىزمۇ ئىچىڭ بىر يۇتۇم بۇ ئابىھايااتتىن، مەرھەمەت. . .

بۇرۇنقى زاماندا ئوغۇزخان دېگەن بىر ئۇلۇغ خاقان ئۆتكەن ئىكەن. تاغۇ تاشقا ھۆكمى، بۆرە-قۇشقا سۆزى ئۆتكەن ئىكەن.

ئۇ دۇنياغا كەلگەندە دۇنيا يېڭىۋاشتىن بىر ياشقا كىرىپتۇ. گۈزەللىكىگە گەپ كېتەمدىغان. ئۇنى ئانىدىن تۇغۇلغان دېيىشكە تىل بارماس ئىمىش. . . ئانار دانىسى، نۇردانىسى، تەڭرى تېغىنىڭ بىر دانىسى. قاشلىرى بار ئىمىش قەلەم قارىسى، كۆزلىرى بار ئىمىش ئاھۇ يازمىسى*، ئېغىزلىرى ئويماق كەبى، داستان بولغۇدەك قالغان يېرى. پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆپلۈك نۇرى، كۆكسىدە بارئىمىش ئۇچ تال مويى: بىرى ئارس-

* تەلمۇرۇپ تۇرغان كېيىك مەنىسىدە.

ـلان، بىرى يولۋاس، بىرى بۆرى تۇكى. ھېچكىمنىڭكىگە ئوخ-
شاشماس ئىمىش مىجەز-خۇيى. كۈلسە گۈللەر ئېچىلارئىمىش،
يىغلىسا ئۈنچىلەر چېچىلارئىمىش. ئاجايىپ بىر ئىنسان ئىمىش-
كى، كىمنىڭمۇ كۆرگۈسى كەلمىسۇن ئۇنى. . .

ئانىسىنىڭ سۇتىنى بىر شوراپلا ئىككىنچى ئەممىگەن ئى-
مىش. قۇرۇق نان يەپ، قۇرۇق ئاش ئىچەر ئىمىش. گەپ
قىلسا ئاغزىدىن بال ئېقىپ، تىلىدىن قايماق تامارئىمىش. . .
كۆزىنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە چوڭ بولۇپ، قىرىقىغا توشماي ماڭغان
ئىمىش. ئايىغى يەتكەن يەرلەردە لالە-سۇمبۇللار ئۈنەر ئىمىش،
خۇش پۇراقلار چاچارئىمىش.

نە ياشقا باقماپتۇ، نە باشقا، نە ئويۇنغا قىتىلماپتۇ، نە
تاماشىغا. . . بىر كۈنى ئات چېپىشتۇرسا، بىر كۈن ئوق ئېتىپ-
تۇ. ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋالالايدىغان ئا-
دەم يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ پېيىگە چۈشمەي قالسۇنمۇ!

گاھ ئېقىن بولۇپ ئېقىپ، گاھ دەريا بولۇپ تېشىپ،
كۆڭلىدە بىر قىرىق پالۋانغا باش بولۇپتۇ. ئەمدى ئۇ ئۆي-
گە، يۇرتقا سىغسۇنمۇ! قىرىق پالۋاننى كەينىگە سېلىپ، يايلاق-
نىڭ قارلىقى، يات ئەلنىڭ قانلىقى دېمەپتۇ. تاغدىن-تاغقا،
يۇرتتىن-يۇرتقا سۇدەك ئېقىپ يۈرۈپتۇ.

ئۇ ياقلاردا بىر ئورمانلىق بار ئىكەن. ئىچىدە قىزىل تۇم-
شۇق كەكلىكلەر، سۇرمە كۆزلۈك كېيىكلەر ئويىنىشىپ يۈرىدى-
كەن. شارقىراپ ئاققان سۇلارنىڭ، شىلدىرلىغان ياپراقلارنىڭ،
سايراشقان قۇشلارنىڭ سادالىرى قوشۇلۇپ كىشىنى مەپتۇن قى-

لىدىكەن. بۇ ئورماندا يەتتە باشلىق بىر دىۋە بولۇپ، ئۇ يەرگە كىرگەن نەرسە ساق چىقمايدىكەن. بۇ دىۋە سۈنىڭ ئوتتۇرىسىدا زوڭ ئولتۇرۇۋېلىپ، ئاغزى ئېچىلغان هامان قۇربانلىرى كەل-تۇرۇلمىسە، بىر يۇتۇم سۇغا "سۇف" دەپ، قانچىلىغان غۇنچە بويلۇقلارنى چاينىماي يۇتۇۋېتىدىكەن. ئادەم دېگەن يەردىن چىق-مايدۇ-دە! بۇ ۋەجىدىن قانچىلىغان ئوچاقلارنىڭ كۆلى توزۇپ، قانچىلىغان زېمىنلار قۇرۇپ چۆل بوپتۇ. يۇرت-يايلاق چىدىسۇن-مۇ بۇنىڭغا!

زامانلاردىن بۇيان نى-نى پالۋانلار توپلىشىپ بېرىشىپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ تېرىسى تۆمۈردىن، باغرى پولاتتىن قاتتىق ئى-مىش. ئوق ئېتىپتۇ، تەگمەپتۇ، قىلىچ چېپىپتۇ، كەسمەپتۇ، نەيزە سانجىپتۇ، تەشمەپتۇ، تاغۇ تاشنى بېشىغا ياغدۇرۇپتۇ، بىر تال مويىمۇ تەۋرىمەپتۇ.

ئانىلار تاش يۈرەك بولغان بىر كۈنى ئوغۇز ئورمانغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇنىڭ نىيىتىنى كۆزىدىن پەم قىلغانلار:

—هەي ئوغۇل، پۈتۈن دۇنيانى كەزسە، باتۇرلۇقتا سېنىڭ ئالدىڭغا ئۆتىدىغىنى يوق، لېكىن بۇ دىۋە ئوينىشىدىغان مەخلۇق ئەمەس. جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ سەن!—دەپ يولدىن قايتۇرماقچى بولۇپتۇ، لېكىن ياش يىگىت:

—مەن بۇنىڭغا ئەهدە قىلدىم. ئۆلسەم يەر خۇش بولار، قالسام ئەل...—دەپ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ. جىلغىلاردىن سەل-دەك، تۆپىلەردىن بوراندەك ئۆتۈپ بارماقچى بولغان يەرگە يې-تىپ بېرىپتۇ. ئۇ بىر كۈنى بىر كېيىكنى تۇتۇپ سۆگەت تېلى

بىلەن بىر دەرەخكە باغلاپ قويۇپتۇ. . . تاڭ سەھەردە بېرىپ قارىسا، كېيىكنىڭ ئورنىدا بورانلار ئۇچۇۋېتىپتۇ. بۇ كۈنمۇ بىر جانىۋارنى قولغا چۈشۈرۈپ، كۈمۈش كەمىرى بىلەن دەرەخكە باغلاپ قويۇپتۇ. . . ئەتىسى يەنە بېرىپ قارىسا، ئۇنىڭ ئورنىدىمۇ شاماللار چىقىۋېتىپتۇ! شۇنداق قىلىپ دۆۋىنى بۇ يەرگە ئۆگىتىۋاپتۇ. ئۇ كېچە بېشىنى ئالقىنىغا ئېلىپ دەرەخنىڭ تۈۋىدە ماراپ يېتىپتۇ. قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلاپتۇ. نە قورقسۇن، نە قورۇنسۇن، يۈرىكى ئېغىپمۇ قويماپتۇ. ئورماندا بىر دەھشەتلىك سادا كۆتۈرۈلۈپ، تاللار باشلىرىنى ئېگىپ، ياپراقلىرى يەرنى قاپلاپتۇ. . . ئامان-زامان دېمەپتۇ، شۇ ئەسنادا قارا دۆۋە قارا بوراندەك ئېتىلىپ كېلىپ، ئوغۇزنىڭ قالقىنىغا تېگىپتۇ. قالقان تىلىنىپ، ساۋۇتلار پارچىلىنىپتۇ. لېكىن ئوغۇزنىڭ بىر تال مويىمۇ تەۋرىمەپتۇ. ئۇ ياراتقان ئىگىسىگە سېغىنىپ شاپ پىچىقىنى قولىغا ئېلىپ، دۆۋىنىڭ بېشىغا بىر ئېتىپتىكەن، ئاۋۋىلى خۇدا، دۆۋە جەھەننەمگە راۋان بولۇپتۇ. ئوغۇز قاراپ تۇرسۇنمۇ، كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپتۇ. . .

بۇ خەۋەر تارقالغاندا يايلاقنىڭ، يۇرتنىڭ كامالى كۆلۈپتۇ. شۇنداق بىر ھېيت-مەرىكە قىلىشىپتۇكى، پەلەكمۇ خۇش بولۇپتۇ. شۇ كۈندىن كېيىن ئىنسانلار پالۋانلار بېشى ئوغۇزنى خانلاردىن ئۈستۈن خان بىلىپ باشلىرىغا تاج قىلىپتۇ. . .

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئوغۇز بىر تاغنىڭ چوققىسىدا ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرغىنىدا بىردىن ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ، كۆز كۆزنى كۆرگىلى بولماي قاپتۇ. بۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە

كۆپكۆك بىر نۇر پەيدا بولۇپتۇ. . . ئۇ ئۇدۇل قارىسا نە ئاي ئەمەس، نە يۇلتۇز ئەمەس، ئاي بىلەن تەڭلەشتۇرسە كۇن بولۇپ تۇغقان بىر قىز ئىمىش. كۇلسە نۇرمۇ كۇلەر ئىمىش، يىغلىسا نۇرمۇ يىغلارئىمىش. . . ئوغۇز بىر قاراپ ئەس-ھوشىنى يوقىتىپتۇ، يەنە بىر قاراپ ئىسىگە كەپتۇ. . .

كىيىن ئۇلار قىرىق كىچە-كۇندۇز توي قىلىپ مۇرادىغا يېتىپتۇ. . . ئايلار، يىللار ئۆتۇپتۇ. ئوغۇزنىڭ بۇ نۇر جامالدىن ئۇچ ئوغلى بولۇپتۇ. بىرى قۇياش، بىرى ئاي، بىرى يۇلتۇز ئىكەن. . .

كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇز شىكارغا چىقىپتۇ. . . مېڭىپتۇ-مېڭىپتۇ، چىمەنلىكلەرنى كېزىپتۇ، لالە-سۇمبۇل تېرىپتۇ، ساي-جىلغىلار ئېشىپتۇ، ئالدىدا كۆپكۆك بىر كۆل پەيدا بولۇپتۇ. كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۇپ دەرەخ، دەرەخنىڭ ئۇستىدە بىر قىزنى كۆرۇپتۇ. گۇزەل دېسە دېگۇچىلىكى بار ئىمىش. بېقىشلىرى ئاھۇ كېيىكتەك، يېقىشلىرى قىپقىزىل چوغدەك ئىمىش. كۇلسە كۆلمۇ كۇلەر ئىمىش، يىغلىسا كۆلمۇ يىغلار ئىمىش. . . ئادەمنى كۆرسە چىراي ئاچماس، قېمىزدەك ئېرىپ ئاقماس ئىمىش. خوجا ئوغۇزنىڭ يۇرىكىگە شۇنداق بىر ئوت چۇشۇپتىكى، كۆيۇپ كۇل بولۇشقا ئاز قاپتۇ. ”قانداق قىلاي، ئۇ پېشانەمگە يېزىلغان بولسا، بۇمۇ يۇرىكىمىنىڭ بىر ئاغزىقى!“ دەپ ئۇنىڭ بىلەن ۋىسال ئارزۇسىغا يېتىپتۇ. ئايلار، يىللار ئۆتۇپتۇ، بۇ ئاھۇ كۆزلۇكتىنمۇ ئۇچ پەرزەنت كۆرۇپتۇ. بىرى ئەرش، بىرى تاغ، بىرى دېڭىز بولۇپتۇ.

تەڭرى ئوغۇزنى ھەممە مۇرادىغا يەتكۈزۈپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ ھاسىل بولمىغان بىر مۇرادى قاپتۇ. . . كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئەلگە چوڭ داستىخان سېلىپ توي بېرىپتۇ. يەتتە ياشتىن-يەتمىش ياشقىچە ھەممە بەگلەرنى تەكلىپ قىلىپ، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلىگەندىن كېيىن:

—ھەي باتۇرلىرىم، پالۋانلىرىم،—دەپتۇ،—تەڭرى خالاپتىكەن، سىلەرگە خان بولدۇم، خاقان بولدۇم، تەختكە چىققان كۈنۈمدىن بېرى زىممەمگە چۈشكەننى قىلدىم. ئۆيۈڭلارنى ئۆيۈم، ئوچىقىڭلارنى ئوچىقىم بىلىپ، يىغلىغانلار بىلەن يىغلىدىم، كۈلگەنلەر بىلەن كۈلدۈم. بۇ تۇپرىقىمىزنى شۇنداق بىر تىرىكچىلىك مەئىشىتىگە ئېرىشتۈردۈمكى، ئەمدى نە دىۋىلەر كېلەلمەس، نە جىن-شەيتانلار تېگەلمەس بولدى. . . لېكىن ياي-لىقىمىز بىر غىرىچ، يۇرتىمىز بىر غۇلاچ. بۇ يەرلەرگە سىغماس بولدۇق. . . بىلىكىمگە بىلەك، يۈرىكىمگە يۈرەك بولساڭلار شۇ دۇنيانى ئالقىنىمغا ئېلىپ، يەتمىش ئىككى مىللەتنى بىر تۇغ ئاستىغا توپلاشنى ئويلايمەن. تىلىڭلارنىڭ تېگىدىكىنى ئېيتىڭلار ئەمدى!

بۇنداق خانغا كىم قۇربان بولماس. . . ئوغۇز بەگلىرى بىر ئېغىزدىن:

—ھەي خانلار خانى،—دەپتۇ،—كۆڭلىڭىزگە شۇ ئۆي كەلگەن بولسا ھەممىمىز ئاغزىڭىزغا قارايمىز. نامىڭىز نامىمىز، مۇرادىڭىز مۇرادىمىز. ئۆل دېگەن يېرىڭىزدە ئۆلىمىز، قال دېگەن يېرىڭىزدە قالىمىز. . .

بۇ ئەھدۇ پەيمان بىلەن ئوغۇز تۆت ئەتراپقا قوشۇننىڭ قانىتى بىلەن خەۋەرلەر يەتكۈزۈپ، ھەممە خانلارنى تۇغى ئاستىدىغا چاقىرىپتۇ:

—بۇيرۇقۇمغا باش ئەگكەنلەرنى بىشىمغا ئالىمەن. بىرىپ يەنە ئۆز دۆلىتىنى سورىسۇن. لىكىن، باش ئەگمىگەنلەرنىڭ جىنىغا ۋاي، ئەجىلىگە ھازىر بولسۇن!...

ئۇ چاغلاردا ئوغۇزلارنىڭ ئوڭ قانىتىدا "ئالتۇن خان"، سول قانىتىدا "كۈمۈش خان" دىگەن خانلار بار ئىكەن. ئالتۇن خان پەرماننى ئالغاندا، سۆيۈنۈپ بىشىغا قويۇپتۇ:

—تاج تەختىمگە تەگمىگەندىن كىيىن، بار-يوقۇم ئۇنىڭ بولسۇن! —دەپ ئوغۇزنىڭ تۇغى ئاستىغا كىرىپتۇ. لىكىن كۈمۈش خان:

—مەن ھىچكىمنىڭ تۇغى، بويۇنتۇرۇقى ئاستىغا كىرمەيمەن، كەلگۈچى بولسا كۆرىدىغىنى بار! —دەپ مەيدانغا چىقىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئوغۇز دەرغەزەپكە كەپتۇ:

—ئەمرىمگە قارشى چىققان سەنمۇ! —دەپ ئۇنىڭغا قارشى ئاتلىنىپتۇ. لەشكەر ئۈستىگە لەشكەر يىغىپ، نەيزىلەر ئورمان بولۇپتۇ. قارا تاغدىن كەلگەن قارا سەلدەك ئىقىپ قۇش ئۇچماس، كارۋان كەزمەس بىر يەرگە كەپتۇ. ئوغۇزخان كىلىپ ئولتۇرا-ئولتۇرمايلا چىدىرنىڭ ئىچىگە بىر يورۇقلۇقنىڭ شولىسى چۈشۈپتۇ. بۇ شولا ئىچىدىن كۆك يالىلىق بىر بۆرە چىقىپ:

—نىمە تىلىكىڭ بولسا مەندىن تىلە، —دەپ ئالدىغا چۈشۈپ-

تۇ. ئۇلار مېڭىپتۇ. . . ”ئىدىل“ دېگەن دەريانىڭ بويىغا يېتىپ-
تۇ. ھالبۇكى، كۇمۇش خانىمۇ تاغۇ تاشنى توپلاپ ئۇ دەريانىڭ
بېشىغا كەپتىكەن. شۇنداق بىر يېغا بولۇپتۇكى، يازسا-يازسا
تۈگىمەس بىر داستان بولۇپتۇ. . . دەريا قان بولۇپ ئېقىپ،
ئاتلارنىمۇ سۇغۇرغىلى بولماپتۇ. قېنى ئۇ يوغان گەپ قىلغان
كۇمۇش خان! تاتلىق جېنىنى ئېلىپ قېچىپتۇ. تاج-تەختى
ئوغۇزلارنىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ.

بۇ قانلىق يېغىدىن كېيىنمۇ توپىلاڭ بېسىقماپتۇ. . .

”شائىر سۆزى ئۇز بولۇر، كۆپ ئۇزارتساق سۆز بولۇر“.
ئوغۇزخان يەنە بىرنەچچە ئۆتكىلى بولماس سۇلاردىن ئۆتۈپ،
ئاشقىلى بولماس تاغلارنى ئېشىپ، يېگىلمەس ياۋلارنى يېڭىپ،
ئېچىلماس قەلئەلەرنى ئېچىپ، يەتتە ئىقلىم، تۆت ئەتراپنى بىر
تۇغ ئاستىغا توپلاپتۇ. ئۆز تۇغى ئاستىغا ئالغان يەرلەرنى بىلىكى
ھەم يۈرىكىگە ئىشەنگەن خان-خانىملارغا تاپشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ
بىرىگە:

— ئال، ساقلا، ساڭا ئاتا قىلدىم بۇ يېشىل يۇرتنى! —
دەپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ ئۇرۇغىنىڭ نامى ”ساقلىغۇچ
بوپتۇ. . .

يەنە بىرىگە:

— تۇر، بۇ يەردە، يوغىنىغىنىڭچە يوغىنا بۇ يۇرتتا! —
دەپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ جەمەتنىڭ نامى ”تۇرغۇچ“ بولۇپ-
تۇ. يەنە نېمىلەر بولغانلىقىنى كىم بىلسۇن، خانلار خانى قى-
لىچىنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن قولغا چۈشكەن، تاپىنى يەتكەن يەرلەردە

يىگىرمە نەچچە بەگلىك قۇرۇپ، ئۆز يۇرت-يايلىقىغا قايتىپتۇ. دەرۋەقە، ئۇنىڭ چاچلىرى شۇ يوللاردا ئاقىرىپتۇ. . .

شۇ زامانلاردا ”قۇتلۇق“ ئىسىملىك ياشانغان ئاقساقاللىق بىر خوجا ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ئەقىل — پاراسەتلىك كىشى بولۇپ، دۇنيادا بىلمەيدىغىنى يوق، ھەر نەرسىگە ئاقىل ئەر ئىكەن. ئوغۇزخان ئۇنى بېشىدا كۆتۈرۈپ، ھەر بىر ئېغىز سۆزىنى بىر كارامەت ھېسابلايدىكەن.

بىر كۈنى بۇ ئاقساقاللىق خوجا چۈشىدە بىر ئالتۇن يا بىلەن بىر كۈمۈش ئوق كۆرۈپتۇ. ئالتۇن يانىڭ كىرىچى كۈندۈز تەرەپكە سوزۇلسا، كۈمۈش ئوق كېچە تەرەپكە ئۇچۇپتۇ. ئۇ تاڭ سەھەردە ئوغۇزخاننىڭ ئالدىغا بېرىپ چۈشىگە خەيرلىك تەبىر بەرگەندىن كېيىن ئوغۇزغا بېشارەت قىلىپتۇ. خانلار خاقانىمۇ ئۇنىڭ تەلىمى بويىچە ئوغۇللىرىم، ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى غەنىيمەت. چوڭ ئوغۇللىرىم ئەتىلا كۈنچىقىشقا قاراپ مېڭىڭلار، كىچىك ئوغۇللىرىم كۈنپېتىشقا قاراپ مېڭىڭلار. قىسمىتىڭلاردا نېمە بولسا شۇ چىقار تەلىيىڭلارغا! — دەپ ئۇلارغا بەخت تىلەپتۇ. . .

قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار كۈنچىقىش تەرەپكە، ئەرش، تاغ، دېڭىزلار بولسا كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئوي-دالا، ساي-سالا دېمەپتۇ، ئالتە ئاي بىر كۈن مېڭىپتۇ. كۈنچىقىشقا ماڭغان چوڭ قېرىنداشلار بىر ئالتۇن يا تېپىپتۇ، كۈنپېتىشقا ماڭغان كىچىك قېرىنداشلارمۇ بىر كۈمۈش ئوق تېپىپتۇ!

”مانا بۇ دۇنيادىكى نېسىۋىمىز!“ دېيىشىپ، ئەكىلىپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئوغۇز خۇرسەن بولۇپتۇ ۋە ئالتۇن يانى ئۈچكە بۆلۈپ چوڭ ئوغۇللىرىم، —دەپتۇ، —يا سىلەرنىڭ بولسۇن. يادۇر ئوقنى ئاتقان، سىلەرمۇ يادەك بولۇڭلار. بۇنىڭدىن كېيىن ”كۆك ئوق“[①] بولسۇن نامىڭلار، —دەپتۇ. كۈمۈش ئوقنىمۇ ئۈچكە بۆلۈپ كىچىك ئوغۇللىرىغا بېرىپ:

—ھەي كىچىك ئوغۇللىرىم، —دەپتۇ، —ئوق سىلەرنىڭ بولسۇن. ئۇقدۇر كۆكلەرگە ئېتىلغان. سىلەرمۇ ئوقتەك بولۇڭلار. بۇنىڭدىن كېيىن ”ئۈچ ئوق“[②] بولسۇن نامىڭلار، —دەپتۇ.

بۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن ئوغۇزخان بىر مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ خاندىن چوپانغىچە ھەممەيلەننى يىغىپتۇ ۋە ئوڭ يېنىغا قىرىق غۇلاچ ئېگىزلىكتە بىر خادا تىكتۇرۇپ، ئۈچىغا بىر ئالتۇن توخۇ قوندۇرۇپ، تۈۋىگە بىر ئاق قوي باغلاپتۇ... سول يېنىغىمۇ شۇنداق بىر خادا تىكتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈچىغا بىر كۈمۈش توخۇ قوندۇرۇپ، تۈۋىگە بىر قارا قوي باغلاپتۇ. ئوڭ يېنىدا كۆك ئوقلارنى، سول يېنىدا ئۈچ ئوقلارنى ئولتۇرغۇزۇپ قىرىق كېچە-كۈندۈز توي-مەرىكە قىلغاندىن كېيىن خانلار خانى سۆز ئېچىپ:

—ھەي ئوغۇللىرىم، قاناتلىرىم، قوللىرىم! مەن كۆپ ياشىدىم، كۆپنى كۆردۈم. دۈشمەنلىرىمنى يىغلىتىپ دوستلى-

---

① ”كۆ ئوق“—ئىچ ئوغۇزلارغا سىمۋول.
② ئۈچ ئوق»—سىرت ئوغۇزلارغا سىمۋول.

رىمنى كۆلدۈردۈم. ئەمدى ئۆمرۈم ئاخىرلاشتى، ساناقلىق كۈنلىرىم قالدى. . . پانىي دۇنيا كىمگە قالسۇن، يۇرت-يايلىقىمنى سىلەرگە ئامانەت قىلىمەن. سۇلار قۇرۇسا قۇرۇسۇنكى، نەسلىمىز قۇرۇمىسۇن، بۇ دۇنيادا نامىمىز ئۆچمىسۇن. . . — دەپتۇ.

سۆزى ئاياغلىشىش بىلەن تەڭلا ئوغۇز ئاردىدىن غايىب بولۇپتۇ.

بۇ ئۇلۇغلار ئۇلۇغى سىر بولدىمۇ، نۇر بولدىمۇ، ئۇ يېرى نامەلۇم، ئەمما ئوغۇزخاننىڭ ۋەسىيىتى ئەمەلگە ئېشىپتۇ. دۇنيادا نى-نى دەريا-دېڭىزلار قۇرۇپتۇ، تۈرك نەسلى قۇرۇماپتۇ، زامانلار كېلىپتۇ، كېتىپتۇ، پېلەك تارتىپ خەمەكلەپتۇ. كۆك ئوقلار كۆپىيىپ، ئۈچ ئوقلار ئۇلغىيىپ دېگەندەك، بۇ يايلاقتىن ئۇ يايلاققا كۆچۈپتۇ.

”مەن بەختىيار تۈرك“ دېگەنلەرنىڭ بېشىغا ئەرشتىن يەنە ئۈچ ئالما چۈشۈپتۇ. . .

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAzMDA3MDQuemlw",
"filename_decoded": "40300704.zip",
"filesize": 11999675,
"md5": "bca226b4c44491c96e284507a21b1f81",
"header_md5": "b25c1cf81d348d1528c784d951409956",
"sha1": "d0b08dcdfa573cb3e5259363edecf788cb6df10b",
"sha256": "110217882543f03f35c5715f9d640a06f4924130ecc99204805183270dfb70cf",
"crc32": 245961471,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 12438931,
"pdg_dir_name":
"\u2514\u00bd\u2562\u221a\u2510\u0393\u2560\u256a\u2558\u00f3\u2564\u2558\u2563\u2569\u2569\u252c\u2564\u00ed\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40300704",
"pdg_main_pages_found": 240,
"pdg_main_pages_max": 240,
"total_pages": 246,
"total_pixels": 754341002,
"pdf_generation_missing_pages": false
}